مۇستافا ئىسلامئوغلى

# ئىماملار ۋە سۇلتانلار

ئۇستاز مۇستافا ئىسلامئوغلىنىڭ ئۇشبۇ «ئىمامىلار ۋە سۇلتانلار» ناملىق تەنقىدي ئەسىرى 1990- يىلىدىكى 1-نەشرىگە ئاساسەن ھازىرغىچە ئەڭ ئاز يىگىرمە نەچچە قېتىم نەشر قىلىندى. كىتابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى خىلاپەت ۋە سۈننىي- شىئە مەزھىپىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن شەكىللىنىشى، ئۈممەتتە تەپرىقچىلىقنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى تەنقىدي پىكرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، سەلتەنەت بىلەن ئىمامەت ۋە دىن بىلەن سىياسەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى قۇرئانىي ئاساستا مۇلاھىزە قىلىدۇ.

# مۇندەرىجە

**كىرىش سۆز** ........................................... 6

**بىرىنچى باب ئىماملار ۋە سۇلتانلار**................................. 28

**سەلتەنەتنىڭ قىسقىچە تارىخى**........................................ 28

نەبەۋى يول............................................................ 28

دىنىي رەھبەرلىكنىڭ دۇنياۋى رەھبەرلىكتىن ئايرىلىشى - ئىپتىدائىي ئىلمانىزم ............................................................ 29

سىياسىي رەھبەرلىكنىڭ دىنىي رەھبەرلىككە يېتەكچىلىك قىلىشى 32

ئايرىلىپ چىققان سىياسىي رەھبەرلىك ۋە سىمۋوللاشقان «خەلىپىلىك» ............................................................ 33

بابى ھۇمايىندىن ئۆتۈپ مەجلىستە غايىپ بولغان خىلاپەت ........ 35

قايسى ئىسلام دۆلتى؟.................................................... 39

**سەلتەنەتنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى** .................................. 41

نۇبۇۋۋەت ۋە سەلتەنەت................................................. 41

خىلاپەت ۋە سەلتەنەت.................................................. 47

ئىمامەت ۋە سەلتەنەت ................................................. 82

ئۆتكۈنچى دەۋر ........................................................ 90

يۆنىلىش ئۆزگەرتكەن خىلاپەت.......................................... 92

ھىجر بىن ئادىي ........................................................ 101

ئاتىدىن بالىغا .......................................................... 104

ھۈسەيىن بىن ئەلى....................................................... 111

مۇئاۋىيە بىن يەزىد ..................................................... 116

ئابدۇللاھ بىن زۇبەير ..................................................... 121

سەئىد بىن جۇبەير......................................................... 127

ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز ..................................................... 129

زەيد بىن ئەلى.............................................................. 140

مۇھەممەد ۋە ئىبراھىم بىن ئابدۇللاھ ........................................ 149

**پارچىلانغان ئۈممەت** ........ 154
سوئاللار ۋە پىرقىلەشكەن جاۋابلار........ 154
تەرەپۋازلىق........ 163
ھەزرىتى ئەلىنىڭ (رەزىيەللاھۇئەنھۇ) ئەسھابى (دوستلىرى) ۋە
ئۇلارنىڭ شىئەگە ئايلىنىشى........ 163
ھەزرىتى ئوسماننىڭ (رەزىيەللاھۇئەنھۇ) شىئەسى (تەرەپتارلىرى) ۋە
مۇرجىئەگە ئايلىنىشى........ 175
ئىنكاسلار........ 198
خاۋارىجلار (خارۇرىيە) ........ 198
مۇئتەزىلە........ 205
**خۇلاسە** ........ 211
**ئىككىنجى باب ئىمام ئەبۇ ھەنىفە** ........ 218
**تارىخى ۋە بىز** ........ 218
**ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھاياتى**........ 231
كۇفە ........ 231
بوۋىدىن نەۋرىگە........ 232
ئەمەۋىلەر دەۋرى ........ 235
ئابباسىيلار دەۋرى........ 252
**ئىمام ئەبۇ ھەنىفىنىڭ شاھادىتى** ........ 268
**مۇستەقىل شەرىئەت كېڭىشى** ........ 276
**سىياسەت ۋە ئىمامى ئەزەم** ........ 284
**يېتەكچىلىك** ........ 284
دىن ۋە سىياسەت........ 284
نوپۇز ۋە ھاكىمىيەت ........ 292
مەشرۇئىيەت........ 295
**ئىجتىھات ۋە سەلتەنەت**........ 301
بەيئەت ۋە شەرتلىرى ........ 301
زالىم ۋە پاسىقنىڭ ھاكىمىيىتى ........ 305

ئەمرى بىلمەئرۇف ۋە نەھىل ئەنىلمۇنكەر.......................... 310
ئىسيان ھەققى .......................................................... 316

**خاتىمە** ................................................................ 320

# كىرىش سۆز

سۆزلەر رەھمان ۋە رەھىم بولغان ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىدۇ. بىزمۇ شۇنداق باشلايمىز ۋە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك رەسۇلىغا سالات؛ ئائىلە تاۋاباتىغا، ئەسھابىغا ۋە ئۇنىڭ يولىدا ياشاپ، ئۇنىڭ يولىدا ۋاپات بولغانلارغا چەكسىز سالاملار بولسۇن.

نېمە ئۈچۈن ئىماملار ۋە سۇلتانلار؟

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىسلام ئۈممىتىگە بۈگۈن كەلگەن قورقۇنچلۇق ھالەتنىڭ تارىختىكى ئەڭ چوڭ سەۋەبى نېمە دەپ سورالغاندا تۆۋەندىكى ئىككى سەۋەبنى كۆرسىتىمەن:

1. نەبەۋى خەلىپىلىكنىڭ سەلتەنەتكە ئالمىشىشى
2. ئىجتىھاتنىڭ يوقىتىلىشى

بۇ ئىككىسىنى بىر سەۋەبكە باغلاشقا توغرا كەلسە، ئىككىنچىسىنى بىرىنچىسىگە باغلايمەن. ئۈممەتنىڭ 15 ئەسىرلىك تارىخىنىڭ ئەڭ چوڭ يارىسى «سەلتەنەت» بالاسىدۇر دەيمەن. چۈنكى سەلتەنەت ئىجتىھاتنىڭ دۈشمىنى بولۇپ، خۇددى كېچە بىلەن كۈندۈزگە ئوخشاش بىرى بار يەردە يەنە بىرىگە ئورۇن يوق.

ئىجتىھات ۋە سەلتەنەت دېگەندە تەبىئىي ھالدا ئىككى نەرسە ئەقلىمىزگە كېلىدۇ:

ئىجتىھاتنى تەمسىل قىلغان «ئىماملار» ۋە سەلتەنەتنى تەمسىل قىلغان «سۇلتانلار» ھەمدە بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى تارىخي كۆرەش. بۇ كىتاب مەزكۇر تارىخى كۆرەشنىڭ پەقەتلا 150 يىللىق قىسمىنى ئاساسىي تېما قىلماقتا.

ئىماملار ۋە سۇلتانلار ئارىسىدىكى بۇ ئەڭ قەدىمىي تارىخى كۈرەشنى چۈشەندۈرۈشتىن بۇرۇن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي بىر ئۆسمە بولغان سەلتەنەت ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ.

فىترەت ۋە يارىتىلىش جەھەتتىن بىر تاغاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش تەڭ قىلىپ يارىتىلغان ئىنسانلارنىڭ پەرقلىق تەرىپى بولغان «لاياقەت» ۋە «قابىلىيەت»لىرىنى ئۆز تىپلىرىگە قارشى ھۆكۈمرانلىق ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋالماسلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا «ئادالەت تەربىيىسى»دىن ۋەز قىلغان ئىدى. ئىسلام بولسا بۇ تەربىيەنىڭ ئەڭ ئامىمباب ئىسمى. پەيغەمبەرلەر ئۇنى تەبلىغ قىلغان (يەتكۈزگەن) ئەڭ ئاۋانگارت كىشىلەر ئىدى.

گېئومېترىيەنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئىسلام تىلغا ئالغان «ئادالەت تەربىيىسى» ياراتقان ئىگىمىزنىڭ ئالدىدا ئىنسانلار «فىترىتى» جەھەتتىن ھەممىسى بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بولىدۇ (باراۋەر بولىدۇ). قۇرئاندا ئىنسان ۋە پەرىشتىلەر ئۈچۈن ھەمىشە ئىجابىي مەنىدە قوللىنىلغان «سەپ» تەبىرى «تۈز سىزىق»تىن نېمىنى نەزەردە تۇتقانلىقىمىزنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. ئادالەت تۇيغۇسى ھاكىم بولغان بىر توپلۇمنىڭ ئەزالىرى «زۇلۇم تۈزۈملىرى»دىكىگە ئوخشاش بىر - بىرىنىڭ مۈرىسىگە ياكى باشلىرىغا دەسسەپ يۈكسىلىش ئورنىغا ئۆز ئالدىغا مەزمۇت تۇرۇش ئارقىلىق ياخشىلىقتا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ئادالەت ئورنىنى زۇلۇمغا بوشىتىپ بەرگەن بولسا بۇ «تۈز سىزىق» دۈمچىيىشكە باشلىدى دېيىشكە بولىدۇ. سەپ ھالەتتىكى جەمئىيەت ئۆزىگە ھۆكۈمران بولغان بېسىم سەۋەبىدىن بىر يەرلىرىدىن ئېگىلىپ ئاستا - ئاستا پىرامىدا شەكلى ھاسىل بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئەھۋالدا جەمئىيەتتىكى ياخشىلىقتا بەسلىشىشنىڭ ئورنىنى باشقىلارنىڭ بېشىغا دەسسەپ پىرامىدانىڭ چوققىسىغا يامىشىش مۇسابىقىسى ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەر باشنىڭ ئۈستىدە بىرسىنىڭ ئايىغى بولىدۇ. ئادالەت

تۇيغۇسى ھاكىم بولغان جەمىيەتتە بارلىق باشلار ئاللاھ قا باغلانغان بولسا سەلتەنەت جەمئىيىتىدە «باش باشقا، باشلار پادىشاھقا باغلىق» ھالغا كېلىدۇ. پادىشاھ بولۇش- پۈتى بارلىق باشلارنىڭ ئۈستىدە بولۇش دېگەن مەنىگە كەلگەن بولىدۇ.

سەلتەنەت «سەپ» ھالەتتىكى جەمئىيەتنىڭ پىرامىدالىششىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئادالەت زۇلۇمغا ئايلانغان بۇنداق بىر جەمئىيەتتە، ئەڭ ئۈستىدە تۇرغانلارنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى تۆۋەندىكىلەرنىڭ بېشىنى كۆتۈرمەسلىكىگە باغلىق. بۇ ھالەتنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئۈستىدە تۇرغانلارنىڭ تۆۋەندىكىلەرنى مەقسەتلىك ھالدا «پادىلاشتۇرۇشى» زۆرۈر ئىدى. بۇ ھالەتتە تۆۋەندىكىلەر ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنى يەدا قىلىپ، بېشىغا دەسسەپ تۇرغان ئاياقنى كۆتۈرۈشكە مەھكۇم بولغان ھالدا ياشاپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ (سەبە 31-33، نىسا 97). ۋە ياكى زۇلۇمغا ۋە خارلىققا رازى بولماي يەر يۈزىنىڭ ۋارىسى بولىدۇ: «بىز زېمىندا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز» (28:5).

ئىلاھىي ئادالەتكە تايانمىغان ھەر قانداق تەلىم - تەربىيەنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش شەكلى ئاساسەن ئوخششىپ كېتىدۇ. بۇ ئىسمىنى دېموكراتىيە دەپ ئاتىۋالغان «كۆپ سانلىقچى تۈزۈملەر» ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. مىراس قالدىغان سۇلتانلىق پىرامىدالىرىنىڭ چوققىسى تولىمۇ تىك ۋە بىرلا كىشىگە خاس بولىدۇ. بىر قانچە گورۇپپىدىن تەشكىل قىلىنغان دېموكراتىك پىرامىدالارنىڭ چوققىسى ئەپلاتۇنچى ۋە كۆپ كىشىلىك بولىدۇ. دېموكراتىك - سۇلتانلىق پىرامىدانىڭ پىلاتونچە قۇرۇلغان تۆپىسىدە مەنپەئەتدارلار، تاللانغانلار، قارا كۈچلەر ۋە ھاكىمىيەتنى ئورتاقلاشقان باشقا كۈچلەر ئولتۇرىدۇ.

بۇخىل تۈزۈملەرگە «كۆپ سانلىقچى» دېيىلىشىنىڭ ھېكمىتىمۇ سۇلتانلارنىڭ بىر ئەمەس كۆپ بولۇشىدىن كەلگەن بولسا كېرەك.

توپلۇملارنىڭ ئادالەتكە تايانغان «سەپ»نى بۇزۇپ سەلتەنەتكە تايانغان پىرامىدانى ئوتتۇرىغا چىقارغان يۇقىرىدىكىلەر بىلەن بۇ پىرامىدانىڭ شەكىللىنىشىدە ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى ھالدا سەلتەنەتكە پەشتاق بولۇپ بەرگەن پەستىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش، پىرامىدانىڭ ئۈستىگە چىقىشنى خالىغانلار بىلەن ئۇ يەرنى بۇرۇن ئىگىلىگەنلەر ئارىسىدىكى «نامەردلەرچە» داۋاملىشىدىغان كۆرەش ۋە ئادالەت تەلىماتى (ئىسلام) غا ئۇيغۇن بولمىغان ھالەتنى ھېس قىلىپ، بۇ پىرامىدا زۇلۇم تۈزۈمىنى قايتىدىن «تۈز سىزىق» (سەپ) ھالىتىگە كەلتۈرۈشنى خالىغانلار ئېلىپ بېرىۋاتقان «شەرەپلىك» كۆرەشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلدە نامايەن بولىدۇ.

باشتىكىلەر ئۈچۈن ئېزىش ياكى ئېزىلىش ئىبارەت ئىككى يول بار ئىدى. ئۇلار بۇ ئىككى يولدىن باشقا بىر چىقىش يولى ئىزدىمىدى. ئۇلار بارىدىغان جايى جەھەننەم بولغان (نىسا، 97) زەئىپلەردىن بولۇش ياكى تەكەببۇر بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى خاتالىقتىن بىرىنى تاللىدى. بۇ مەنىپەئەت كۆرىشىدە غەلبە قىلسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن نەتىجە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا بولدى. تارىختا كۆرۈلگەن خاندانلار ياكى سۇلتانلار ئارىسىدىكى سەلتەنەت غەۋغالىرى بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئۆرنىكى بولالايدۇ.

كېيىنكىلەر بولسا ئىمانلىرى ئېزىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن (نىسا، 97) بېشىنىڭ ئۈستىگە دەسسەيدىغان ئاياقلارنى كۆرۈشنى خالىمىغان، يەنە ئىمانلىرىنىڭ تەقەززاسىغا قارىتا ئەزگۈچىلەردىن بولۇشنىمۇ خالىمىغان، جەمئىيەتتە ئادالەت بەرپا قىلىشنى بويندىكى بىر پەرز دەپ بىلگەن، ئىمانلىرىنىڭ (سەپ، 14؛ نەھىل، 90؛ نىسا، 58) تەقەززاسى نېمىنى تەلەپ قىلغان بولسا شۇنى قىلىپ، سەلتەنەتنىڭ ھەر تۈرگە قارشى چىققانلار ئىدى. بۇ قارشىلىقنى شارائىتىغا قاراپ ئەمەلىي

ھەرىكىتى، پىكىر -چۈشەنچىسى ۋە قەلبى بىلەن ئېلىپ بارغان ئىدى. ئۇنداقتا، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا سۈكۈتتە تۇرۇشنى «تىلسىز شەيتانلىق» دەپ قارايدىغان، زالىم ھۆكۈمرانغا قارشى ھەقىقەتنى جاكارلاشنى «سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دەپ بايان قىلغان، بۇ مۇئامىلىسى تۈپەيلى ئۆلگەنلەرنى «شېھىت» دەپ ئېلان قىلىدىغان بىر تەلىم (ئىسلام) ئاستىدىكى پىدائىيلارنىڭ بۈگۈنكى ھالى قانداق؟

شائىر ئىقبال ئېيتقاندەك بۈگۈنكى «دىن» چۈشەنچىسى بىلەن ئاللاھ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان، رەسۇلۇللاھ بىزگە يەتكۈزگەن «ئەد - دىن» بىر - بىرىگە شۇ قەدەر ئوخشىمايدۇكى، بۇ پەرقنىڭ چوڭلۇقى ئاللاھ نى، جەبرائىلنى، پەيغەمبەرنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇراتتى. ئىنسانلار «قۇرۇتۇلغان گۆش يىگەن بىر ئايالنىڭ ئوغلى» بولغان بىر پەيغەمبەرنىڭ ئورنىغا ئالماس تاجلىق، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان، زەر يەكتەك كىيگەن بىر «رەسۇل» نى تەسەۋۋۇر قىلىشاتتى. پەقەت تەسەۋۋۇر قىلىپلا قالماي ئۆمۈر بويى بۇلاردىن ئۇزاق تۇرغان نەبىدىن كېيىنكىلەرگە قېپقالغان خاتىرىنى بۇ تەسەۋۋۇرلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بېزەكلەر بىلەن بېزىشەتتى. ئىنسانلار «بىر بەندىگە ئوخشاش يەپ، بىر بەندىگە ئوخشاش ياشىغان» بىر رەسۇلغا ئىشىنىشىنىڭ ئورنىغا تەسەۋۋۇرلىرىدىكى قەيسەر ۋە كىسراغا ئوخشايدىغان بىر رەسۇلغا مايىل بولۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئىنسانلار «بىر بەندىگە ئوخشاش ياشاش» تىن بەكراق «قەيسەر ۋە كىسراغا ئوخشاش ياشاشنى» ئارزۇ قىلاتتى. ئۆز ھاياتىنى ھەزرىتى نەبىنىڭ ھاياتىغا ماسلاشتۇرۇشنى خالىمىغانلار نەبى ۋە ئۇ يەتكۈزگەن دىننى تەسەۋۋۇرلىرىدىكى ھاياتقا ماسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى. بۇ خىل «ئويدۇرۇش / ماسلاشتۇرۇش» ئىشى «خىلاپەت، ئىسلام دۆلىتى» گە ئوخشاش ئۇقۇملارنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، سىياسەت سەھنىسىگە چىققان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە

رەسۇلۇللاھنىڭ «بەندە» سىياستى ئورنىغا ئىنسانلارغا «قۇللىرىم» دەپ كۆنـۈپ قالغـان سـەلتەنەت سـاھىپلىرىنىڭ «پىرامىتچـى» سىياسـىتىنى ئۆرنەك قىلغـان، كاللىسـىدىكى «دۆلەت» چۈشەنچىسـىنى ئۇنىڭغـا قارىتـا شەكىللەندۈرگەنىدى.

كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بۇ ئەھۋال مىنى مەزكۇر ساھەدە پىششىق بولغان ئۇقۇمۇشلۇقلار بوشلۇقى مەۋجۇت ئىكەن دېگەن قانائەتكە ئېلىپ كەلدى. بۇ بوشلۇق ئىسلام سىياسەت نەزىرىيەلىرى ساھەسىدە ئەمەس، ئەكسىچە پۈتكۈل نەزىرىيەلەرگە ئۇل سالغان تـارىخىي تـۇنجى ئـۆرنەكلەر ساھەسىدە مەۋجۇت ئىدى.

بۇ ئەسەر مەزكۇر بوشـلۇقنى ئـۆز ئالـدىغا تولـدۇرۇش مۇددىئاسـىنىڭ ئەمەس، بەلكـى نەبەۋى ۋە سـۇلتانى سىياسـەت ئارىسـىدىكى ئاساسـى پەرقلەرنـى ھىجرەتنىـڭ دەسـلەپكى يـۈز ئەللىـك يىللىـق ئـۆرنەكلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆرسىتىپ بېرىش تىرىشچانلىقىنىڭ بىر مەھسۇلى.

ھازىر «سەلتەنەت» بولسا سىياسى ھايـاتىمىزدىن بەكـرەك چۈشـەنچە ۋە تۇيغۇلىرىمىزغا ھاكىمدۇر. ئاللاھ رەسۇلى جاھىلىيەت بىـلەن بىـرلىكتە مەھكۇم قىلغان ۋە «بىزدىن ئەمەس» دېگەن ئەسـەبىيلىك سـەلتەنەتچى تۇيغـۇلىرىمىز ۋە چۈشـەنچىلىرىمىزنى ئوزۇقلانـدۇرۇپ تۇرىـدىغان مەنـبە. ئاللاھ نىڭ دىنىـدىن يـۈز ئۆرىگەنلەرنىـڭ قولىـدىن ئـۇ دىنىنىـڭ ئامـانىتى ئېلىنىپ لايىق ۋە سادىق بولغانلارغا بېرىلىدىغانلىقى (مائىدە، 54؛ ھەدىد، 38؛ رەئىد، 11؛ سەپ، 5) قۇرئانى بىر ھەقىقەت بولۇپ ئالدىمىزدا تۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەتنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك «باللار دۈمچۈشكەن يېرىدىن تۇرالايدۇ» دېگەن گەپ بىـلەن ئـايەتلەر ئـوپ - ئوچـۇق بايـان قىلغان ھەقىقەتنى يالغانغا چىقارمـاقچى بولغـانلار مەدىنىدە، مەككىـدە، ئەندۇلۇسـتا ۋە شـۇنىڭغا ئوخشـىغان نۇرغـۇن يەرلەردە دۈمچۈشـكەن بالىنىڭ يۈز يىللاردىن بېرى تېخىچە ئورنىـدىن تۇرالمىغـانلىقىنى ئۇنتـۇپ

قىلىشقاندەك قىلىدۇ. ئۇلار دىنىنىڭ سابىق بولغانلىرىنىڭ ئەمەس، سادىق بولغانلىرىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك.

ئىرقچىلىقتىن بەكرەك خەتەرلىك ئازغۇنلۇق بولغان «ئەسەبىيەت (تەرەپۋازلىق)» ھەرخىل شەكىلدە نامايەن بولماقتا. «مۇھتاج بولغان قۇۋۋەتنىڭ تومۇرلاردىكى ئېسىل قاندا مەۋجۇت ئىكەنلىكى» مەسىلىگە تۈيدۇرۇلماستىن ئىشەندۈرۈلگەن ھەر چوڭ - چوڭ كىشىلەر «ئەسەبىيەت» مورفىنى بىلەن ئۇخلىتىلىپ قوللىرىدىن ئىسلاملىرى تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن ھازىرغىچە «رېتسىپى مەندە» دېگەندەك پەسكەشلىكلىرى ئىچىدە «لىدىر» بولۇشتىن، «يېتەكچى» بولۇشتىن، «ئىسلامنىڭ بايراقچىلىرى»دىن ۋە «ئۆچ قىتئەدە ئات چاپتۇرۇشتىن» سۆز قىلىدىغان بولسا ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈرىدىغان پۇراق يا بىر كۈن «ھەرىمى ئىسمەت» ىگىچە سوزۇلۇپ بۇغۇزىغا ئۆتكۈزۈلگەن ۋە ئۆزىگە «ھىدلىدىڭ، بوينۇڭغا ئاستىم» دېيىلىدىغان كۈپۈرنىڭ سېسىق تاغىرى ياكى «بوۋاقلارنىڭ چېچىنى ئاقارتىدىغان» ئۇ كۈننىڭ قايتۇرغىلى بولمايدىغان دەھشىتى بولىدۇ.

«كۈچلۈك» بىلەن «ھەقلىق»نىڭ كۈرىشىدە «بىزدىن» دېيىش بىلەن «كۈچ - قۇدرەت» تەرەپتە بولغان سەلتەنەتچى مەنتىق قېلىپى (شەكلى) جەھەتتىن بولمىسىمۇ قەلب ۋە نەپس تەرەپتىن تەكەببۇرلۇققا (چوڭچىلىققا) مايىل بولىدۇ. بۇ مەنتىق تارىختا ۋە ھادىسىلەرگە «ئۈستىدىن» قارايدۇ. پىرامىدانىڭ ئۈستىدىن قارىغانلارغا تۆۋەن تەرەپ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. «بىزدىن» دېگەن سەۋەب بىلەن ھادىسىلەرگە «ھەقنىڭ» ئەمەس «كۈچلۈك»نىڭ كۆزى بىلەن قارايدىغان بۇ بىر تەرەپلىمە قاراش تەبئىيكى قارىغان نەرسىلىرىنىمۇ ئەسلىدىن ئۆزگىچە شەكىلدە كۆرسىتىدۇ. بىر مىسال:

ئاندىن كېيىن خەلىپە مەرۋان شامغا قايتىپ ئىككى قوشۇن تەييارلىدى. بۇلاردىن بىرىنى خەلىپىلىك دەۋاسى بىلەن ئىسيان

كۆتۈرگەن ئابدۇللاھ بىن زۇبەيرگە قارشى ھىجازغا، يەنە بىرسىنى ئىراققا ئەۋەتتى. ھىجازدا ئابدۇللاھ بىن زۇبەير تەھدىدى كۈچىيىشكە باشلىغانىدى...

بۇ قۇرلار زالىم ۋە پاسىقنى «داھى» ۋە «سىياسەتچى»، «سۈيقەست» ۋە «ھىيلىگەرلىك» نى «پاراسەت» ۋە «سىياسەت» دەپ چۈشەندۈرگەن بىر ئەرەب تارىخچى (ھ. ئىبراھىم ھەسەن) غا ئائىت. ئىمام ئەزەمگە مۇرجىئە مەپكۇرىسى كىيدۈرۈشكە پېتىنغان بۇ زاتنىڭ ھەزرىتى تەلھە ۋە زۇبەيرنىڭ قاتىلى (بىرىنچىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن، ئىككىنچىسىنى ئامر ب. جەرمۇز ئىسىملىك كىشىگە ئۆلتۈرگۈزگەن)، ھەزرىتى ئوسمان نامىدىن ئىنتىقام يالغان سۆزلەر ۋە سەلبىي قىلمىشلار سەۋەبىدىن ئوسمان رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ بېشىغا چىققان، سەلتەنەتنى مەزگىلىدە قىلمىغان زۇلۇمى قالمىغان مەرۋان بىن ھاكەمنى خەلىپە؛ ئابدۇللاھ بىن زۇبەيرگە ئوخشاش مۇتتەقى ۋە مۇجاھىد بىر كىشىنى ئىسيانچى ۋە خەتەرلىك كىشى قىلىپ كۆرسىتىشى ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدىكى خاتالىقتىن كېلىپ چىققان. بۇمۇ بىر قاراش، لېكىن قانداق چۈشەنگەنلىكى ئوتتۇرىدا تۇرۇپتۇ.

بۇ بىر تەرەپلىمە خاتا چۈشەنچىدىن كېيىن مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئىبنى ماجەرنىڭ قەلىمىدىن بۇ ۋەقەلەرنى ئوقۇپ باقايلى:

يەزىدنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن پەيدا بولغان ھاكىمىيەت بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئابدۇللاھ ب. زۇبەير خەلىپە بولدى. شام ئەھلىدىن بەزى جايلاردىن باشقا جايلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. مەرۋان ئۇنىڭغا قارشى خەلىپىلىك دەۋاسى بىلەن ئىسيان كۆتۈردى (فەتقۇلبارى، 12 - جىلد، 297 - بەت).

بۇمۇ بىر قاراش. ئىككىسى ئارىسىدا 180 گرادۇس پەرق بار. «سەلتەنەت» مەركەزلىك چۈشەنچىسى مەسىلىنى «خەلىپە مەرۋانغا قارشى توپىلاڭچى ئىبنى زۇبەير» شەكلىدە بايان قىلغان بولسا، ئادىل

مەيداندا تۇرۇپ بايان قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن ئىبنى ماجەر «مەرۋان ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە قارشى خەلىپىلىك دەۋاسى بىلەن توپىلاڭ قىلدى» دەيدۇ. مەشھۇر ئالىم ئىبنى ماجەرنىڭ ئاسكالانىنىڭ پوزىتسىيىسى ئاڭلىق بىر تاللاشتىن مەيدانغا چىققان. ئۇنى بۇ تەرەپتە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە زۇلۇمغا بولغان نەپرىتى، ئادالەتكە بولغان ئىنتىلىشى ئىدى. ئالدىنقىسىنىڭ بىرتەرەپلىمە قارىشى ئەگەر ئاڭلىق بىر سەلتەنەت مەدداھلىقىدىن بولمىغان بولسا بۇرۇنقى سەلتەنەتچىلەرنىڭ كارۋىنىغا قېتىلغانلىقتىن كېلىپ چىققان. بۇ كارۋاننىڭ ئەڭ بېشىدا كەربالا ۋەقەسىدىكى يەزىدچى سەلتەنەتچى پوزىتسىيىسى سەۋەبىدىن قازى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەرابى ۋە باشقىلار ئورۇن ئالماقتا. بۇ خىل كىشىلەر تارىخي ۋەقەلەرنى «ئىنسان»نى مەركەز قىلىپ ئەمەس، بەلكى «سۇلتان»نى مەركەز قىلىپ چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن چىقارغان يەكۈنلىرىمۇ شۇنىڭغا ماس بولماقتا.

ئىسلامى سىياسەت سۇلتانى سىياسەتكە ئالمىشىپ رەسمىي ھالدا باشلانغان بولۇپ، بۇ سىياسىي بۇزغۇنچىلىق ۋە ۋەيران قىلىش يالغۇز سىياسىي ساھەدىلا قالماستىن بەلكى ئەقىدە ۋە چۈشەنچە ساھەسىگىمۇ كېڭەيگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئەقىدە ۋە چۈشەنچىلەر سەلتەنەتچى كۈچلەر ۋە ئۇلارنى قوللىغان «ئۆلىمالار» تەرىپىدىن رەسمىي ئېقىمغا ئايلانغان. شۇندىن ئېتىبارەن «دىن» دېيىلگەندە ئاللاھ رەسۇلى ۋە ئەسھابىلىرى ياشىغان ئىسلام ئەمەس، بەلكى ئىسلام بىلەن باغلىنىشى مۇمكىن بولمىغان سەلتەنەتلەر كېلىدۇ، ئادالەتنىڭ ئورنىغا زۇلۇمغا تايانغان بىر سىياسەتنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن بەزى «ئىلىم» ھامماللىرىچە ئاممىباب ۋە سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان سىياسەت نەزەرىيىلىرى ئىجاد قىلىندۇ. بۇ نەزەرىيىلەرنىڭ خەلقئارا مۇستەملىكە ماشىنىسىنىڭ چاقىغا ياغ بولۇپ بىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى

بولماسلىقنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز تارىخىدىن بىخەۋەر قالغانلىقىدىن كېلىپ چىقماقتا.

تـــوغرا، مۇســـۇلمانلار ئـــۆز تارىخىغـــا قايســـى نۇقتـــىدىن قـــارايتتى؟ مۇسـۇلمانلارنىڭ بۈگـۈنكى ھالغـا چۈشـۈپ قېلىشـىدا بـۇ قاراشـلارنىڭ بەلگىلـــــــك تەســـــىرى بـــــارمۇ؟ بولســـــا قايســـــى دەرىجـــــــدە؟ كىتابىخان بـۇ سـوئاللارغا بـۇ كىتـابنى ئوقۇغانـدىن كېيىـن تېخىمۇ ئېنىـق جاۋابقا ئېرىشەلىشى مۇمكىن دەپ قارايمىز. شۇنداقتىمۇ بىر كىرىش سۆزى دائىرىســـدە مۇســـۇلمانلارنىڭ ئـــۆز تارىخىغـــا قايســـى نۇقتـــىدا تـــۇرۇپ قاراۋاتقانلىقى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۈگۈن مەۋجۇت بولۇۋاتقان يۈزلىنىشلەرنى ئۈچ نۇقتىدا تـۇرۇپ ئانـالىز قىلىش مۇمكىن:

1. يوشۇرغانلار

2. خارلىغانلار

3. مۇقەددەسلەشتۈرگەنلەر

1. يوشۇرغانلار: بولۇپمۇ بۇ كىتاب ئالاھىدە توختالماقچى بولغان تارىخ تىلىملىـرى ئۈچـۈن بـۇ پوزىتسـيە كۆپىنچە ياخشـى نـىيەت سـەۋەبىدىن كېلىپ چىققـان بولۇشـى ئېھتىمالـدىن خـالىي ئەمەس. نـېمىلا بولمىسۇن «تارىخ» ئىسمى جىسمىغا لايىق ئۆتكەن ھادىسىلەر زەنجىرى بولۇپ، ئۇنى ئـۆزگەرتىش مـۇمكىن ئەمەس. بەزىـلەر تـارىختىكى خەتەرلىـك چـاغلارنى يوشـۇرۇش ئۈچـۈن «تـارىخ يېـزىش» يـولىنى ئەمەس «تـارىخ يـارىتىش» يــولىنى تۇتقــان بەزى «ياخشــى نىيەتلىــك» تــارىخچىلار بــۇ غەيرىتىنــى تــارىخنى «ئـــۆزگەرتىش»كە ئىشــلەتكەن. بــۇ مۇئــامىلە ئــۈچ جەھەتــتىن خەتەرلىك:

ئـا) تـارىخنى يوشـۇرۇش مۇمكىنمـۇ؟ بـۇنى مۇنـازىرە قىلسـاق بولـىدۇ. لېكىن مـۇمكىن بولغـان تەقـدىردىمۇ بۇنىـڭ دۇرۇس ئەمەسـلىكى ئېنىـق. تارىخ خاتاسى ۋە ساۋابى بىلەن بىر ئىبرەت غەزىنىسى. پەقەت ساۋابلىق

قىسمىنىلا ئېلىپ، خاتالىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىش ھەقىقەتچى قوبۇل قىلالايدىغان پوزىتسىيە ئەمەس. بولۇپمۇ، بۇ قۇرئانى ئۇسلۇبقىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. ئەگەر تارىخي شەخسلەرنىڭ «ئىبرەت» بولۇشى ئۈچۈن خاتالىقلىرىنى ئېيتىش خاتا بولغان بولسا ھەر نەرسىلىرى بىلەن مۆجىزىۋى بايان بولغان قۇرئان بۇنداق قىلمىغان بولاتتى. ئادەم ۋە يۇنۇس پەيغەمبەرلەرنىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان قىسسەلىرى بۇنىڭ روشەن ئۆرنەكلىرى بولالايدۇ.

ب) سىز تارىخىڭىزدا ئۆزىڭىز ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ قارىغان بەزى بەتلىرىنى قەستەن يېپىۋېتىش ئۈچۈن ئاۋارە بولۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدا ئىسلامغا خۇسۇمەت ساقلاۋاتقان دۈشمەنلەر ھېلىقى بەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ماسلاشتۇرۇپ، بىرىنىڭ يېنىغا يەنە بەشنى قوشۇپ يېزىپ نەشر قىلماقتا. ياخشى نىيەت بىلەن بۇ پوزىتسىيەلىرىڭىز ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىغان مەنپەئەت بۇ شەكىلدە بىر جىنايەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇ يېقىنقى 200 يىلدىن بېرى بۇنىڭ بەك كۆپ ئۆرنەكلىرىنى كۆردۇق. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە مەنسۇپ ئاسانلا باشقا تەرەپكە مايىل قىلغىلى بولىدىغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر نۇرغۇن ساھەلەردىكىدەك ئۆز تارىخلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن غەرەزكار شەرقشۇناسلار يازغان ناخشىلارنى ئۆز خەلقىنىڭ ھۇزۇرىدا ئېيتىشتەك غەپلەتكە مۇپتىلا بولۇشتى. مىسىردىن تاھا ھۈسەيىن، ئەھمەد ئەمىن؛ تۈركىيەدىن ئابدۇللاھ جەۋدەت، ھۈسەيىن جاھىد قا ئوخشاش كىشىلەر بۇنىڭ تىپىك ئۆرنەكلىرى.

س) تارىخنى يوشۇرۇشنىڭ پايدىسى ئۇنى ئاشكارىلاپ چۈشىنىش ۋە ھېكمىتىنى بىلىشكە تىرىششنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. سەھىھ مەنبەلەرگە تايانغان ساغلام بىلىملەرگە ئاساسەن تارىخنى ئۆگەنمىگەن «بىز» لەرگە ساختا مەنبەلەرگە تايانغان ئويدۇرما مەلۇماتلار ئارقىلىق بىزگە تارىخ ئۆگەتمەكچى بولغان «باشقا» لار چىقىدۇ. تارىخ ئېڭىغا ئىگە

بولمىغان نەسىللەرنىڭ كېلەچەككە ساغلام قەدەملەر بىلەن يۈرۈش قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. تارىخ ئېڭى بولسا تارىخنى بۇزۇش، بۇرمىلاش ۋە يوشۇرۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاشكاراش ۋە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق (توغرا ئىزاھات) تۇرغۇزۇلىدۇ.

2. خارلىغانلار: ئۆز تارىخى ھەققىدە جۆيلۈيدىغانلار غەربلىششىنىڭ ئەسىرىدە چۈشەنچە ۋە تۇيغۇ جەھەتتىن ئەسلىدىن يىراقلىشىش باسقۇچىغا كىرگەنلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن غەربلىكلەر ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەس - ھوشىنى يوقۇتۇپ قويغان ۋاقتىدا ئېغىزلىرىدىن ماغزاپلىرىنى چاچرىتىپ ئەجدادىنىڭ دىنى ۋە تارىخى قەدىرىيەتلىرىگە كىشى قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىدە ھۇجۇم قىلغان «كېلىنكىلىق ۋەقە» پەيدا قىلىدىغان كىشىلەر چىقماقتا.

سالمان رۇشتۇ بۇ تۈرلەرنىڭ ئەڭ يېڭى «جىنىس» ئۆرنەكلىرىدىن بىرى.

3. مۇقەددەسلەشتۈرگەنلەر: ئىسلام رەت قىلغان ۋە جاھىلىيەتكە مەھكۇم قىلىنغان ئەسەبىيلىكلەردىن بىرى بولغان «تارىخ ئەسەبىيلىكى». بۇ چۈشەنچىدە، بەزى تارىخي دەۋرلەر (تىلىملار) ئالدى بىلەن مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈپ چېقىلغىلى بولمايدىغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ. تەبىئىيكى بۇنىڭ ئۈچۈن بەزى دەلىللەر تەمىنلىنىدۇ. ئايەتى كەرىملەرنىڭ ئەڭ بولمىغان شەكىلدە بۇرمىلىنىشى ۋە زورلاپ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇللىرى بىلەن مەزكۇر ھەدىسلەردىن توپلانغان بۇ دەلىللەر بەزىلىرى تارىخي باسقۇچلاردىن ئىبرەت سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى خالىغان ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا قىمىرلىماس قوزۇق قىلىپ ئالدىغا قويۇلىدۇ. ئىسلامنىڭ سىياسى تارىخىغا ئادىل بىر پوزىتسىيە بىلەن يېقىنلىشىپ، ھىجرى بىرىنچى ئەسىردىكى بەزى سىياسى ۋەقەلىرى ئوبيېكتىپ بىر نۇقتىدىن كۆزىتىپ باھا بەرمەكچى بولغان سەممىي

مۇسۇلمان مۇتەپەككۇر ۋە ئالىملار قارىلاش ھەرىكەتلىرىنىڭ نىشانى بولۇپ قالىدۇ. سەئىد قۇتۇپ ۋە مەۋدۇدىغا ئوخشاش ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرمۇ بۇ خىل يىرگىنىشلىك ھۇجۇملاردىن خالىي بولالمىدى. بۇ سەۋەبتىن تارىخنى چۈشىنىشنى خالىغانلار بىلەن تارىخنى مۇقەددەسلەشتۈرگەنلەر قەتئىي پەيتىشالمايدۇ. ئاللاھ نىڭ بەندىلىرىنى «نىزامى ئالەم» زۆرۈرىيىتى بىلەن «سىياسىي جەھەتتىن قەتلى» قىلغان سەلتەنەت ھۆكۈمرانلىرىنى «ئىبىل مىللەت»، «شانلىق تارىخ» ئەسەبىيەتچىلىكى بىلەن مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئارزۇسىنىڭ تېگىدە ياتقان سەۋەبمۇ مۇشۇنداق بولسا كېرەك.

ئەسلىدە بۇ كىتابنىڭ ئاساس تېمىسى بولغان تارىخىي دەۋر ھەققىدە توختىلىش مىنا كۆمۈلگەن يەردە ماڭغاندەك بىر ئىش. بۇ دەۋر ھەققىدە توختىلىش ناھايىتى ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىك تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى مەزكۇر دەۋردە مەيدانغا كەلگەن مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىنىڭ ساھابە بولۇش ئېھتىماللىقى بولۇپ، دەل بۇ ئېھتىماللىق بەزى كىشىلەرنى بۇ نۇقتىدا ھەددىدىن زىيادە سەزگۈر قىلىپ قويغان.

ئاللاھ رەسۇلىنىڭ كەرەملىك ساھابىلىرىگە تىل ئۇزۇتۇش، ئۇلارنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىسمىلىرىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ۋە تۆھمەتكە قويۇش ھەددىدىن ئاشقانلىق ئەلۋەتتە. قەدىردان ساھابىلەرلا ئەمەس، ئادەتتىكى ئىنسانلارغىمۇ تېگىشلىك بولمىغان بىر ئۇسلۇبنى قوللىنىش بىر مۇئمىنلىك ئەدەپكە ياراشمايدۇ. كىمگە قارىتا قىلىنغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ناھەقچىلىقنىڭ ھەممىسى رەت قىلىنىدۇ. بۇ پرىنسىپ ھاياتلار ۋە مەرھۇملار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش كۈچكە ئىگە. بۇ نۇقتىدا ئىمانى بار بىر ئىنسانغا يارىشىدىغان مۇئامىلە بولسا قۇرئان قويغان شۇ ئۆلچەمگە بويسۇنۇشتۇر:

ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغانلار (ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى) شۇنداق دەيدۇكى: «رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن. دىللىرىمىزدا ئۇ قېرىنداشلىرىمىزغا (مۇئمىنلەرگە) قارشى دۈشمەنلىك (نەپرەت) پەيدا قىلمىغىن. رەببىمىز، سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن ، دەيدۇ» (59:10).

بۇ يولىۇرۇق پۈتۈن مۇئمىنلەرگە، ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى مۆئمىنلەرگە ھەمدە قۇسۇرلۇق مۆئمىنلەرگە قارىتا قىلىدىغان مۇئامىلىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. «غەنىمەت» ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتى كەرىمنىڭ ۋەزنىدىن مەلۇم بولغىنىدەك «بۇرۇنقىلار»دىن قەست - ئالاھىتەن - مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار بولۇپ، ئۇلارغا «غەنىمەت» ھەققىدە پىداكار بولۇپ، كېيىنلەرنى ئويلىشى كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنغان بولسا، كېيىنكى نەسىللەرگىمۇ ئۇلار توغرۇلۇق ئاللاھتىن كەچۈرۈم تىلىشى، پىداكارلىق قىلمىغان بولسا ئۇلارغا قەلبىدە ئۆچمەنلىك ساقلىماسلىقى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىنغان.

ئايەتتىن مەلۇم بولغىنىدەك خاتالارغا «توغرا» دېيىش ئەمەس، مۇئمىنلەرگە قارىتا ئۆچمەنلىك ساقلىماسلىق تەۋسىيە قىلىنماقتا. مۇئمىنلەرگە ئۆچمەنلىك ساقلىماسلىق ھەقىقەتنى يوشۇرۇش ياكى ھەقىقەتكە پەرۋا قىلماسلىق مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئادالەت ۋە ھەقىقەت ئاشىقى ئىماننىڭ تەقەززاسى. ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى كىمدىن سادىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «خاتا» دېيىش ئەيىپلىنىدىغان پوزىتسىيە ئەمەس. ئەكسىچە، خاتانى توغرا، توغرىنى خاتا دېيىش ئەيىپلىنىشكە ۋە رەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش. خاتانىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىشەنچلىك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاش ۋە ئىسپاتلانغان بۇ خاتالىقلاردىن ئەدەپتىن چەتنىمىگەن ھالدا ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن شەرھلەپ بېرىلىشى كېرەك. خاتا ئىكەنلىكى ئېنىق دەلىللەر بىلەن مەلۇم بولغان بىر مۇئامىلىنى توغرا دېيىش ۋە بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەقىقەتنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىش بولسا ئالدى بىلەن ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى بولغان

دەلىللەرگە، ئاندىن قالسا ھەقىقەتنىڭ ئۆزىگە ھاقارەت ۋە زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ خاتالىقنىڭ ئىسمىنى «ئىجتىھات» دەپ ئاتاپ، ئىجتىھاتتىن ئىبارەت بەكمۇ مۇھىم بولغان ئۇقۇملارنى گۇمانلىق قىلىپ قويۇشنىڭ ھېچقانداق بىر ھەقلىق باھانىسى بولمايدۇ. ئەقىدىدە پەيغەمبەردىن باشقا ھەرقانداق كىشىنى گۇناھتىن خالىي دەپ قارىماسلىق دائىم قوللىنىدىغان «پرىنسىپ» لاردىن بىرى بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇنىڭلارچە «گۇناھسىز (خاتادىن خالىي) » لارنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان بىر چۈشەنچە بىلەن ئەسىرى سائادەتنى باھالاش ئىزاھلاش مۇمكىن بولمايدىغان زىتلىق بولسا كېرەك.

رەسۇلۇللاھنىڭ بەزى ھەدىسلىرىگە ئاساسەن روشەن تەرىپلەنگەن ساھابە چۈشەنچىسى بىلەن «مۇتەئەھھىرۇن (پاكلانغانلار)»نىڭ ساھابە چۈشەنچىسى ئارىسىدىكى پەرق ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلىشى كېرەك. ئەنئەنىۋى ساھابە تەرىپى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ، تابىئىنلاردىن سەئىد بىن مۇسەييەبكە ئوخشاش بەزى فىقھشۇناسلارنىڭ ساھابە تەرىپى ئارىسىدا چوڭ دەرىجىدە پەرق بولۇشىنىڭ ئەقىدىۋى، سىياسى سەۋەب - نەتىجىلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن ئايرىم تەتقىق قىلىش كېرەك بولغان تەتقىقات تېمىسى.

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلغان «سىلەردىن بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىچىلىك ئالتۇن ئىنفاق قىلسىمۇ ئەسھابىمدىن بىرسىنىڭ بىر مۇد (بىرخىل ئاشلىق ئۆلچەم مىقدارى) ھەتتا يېرىم مۇد سەدىقىسىگە تەڭ بولالمايدۇ» ھەدىسىدە تىلغا ئېلىنغان «سىلەردىن بىرىڭلار» دەپ خىتاپ قىلىنغان، بۇ خىتاب قارىتىلغان جامائەت كىم ئىدى؟ «ساھابەم» دېگىنى كىملەر ئىدى؟ كلاسسىك ساھابە تەرىپىگە ئاساسلانغاندا «سىلەردىن بىرى» دەپ خىتاب قىلغانلىرىغىمۇ «ئەسھابىم» دېيىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ ياكى بولمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدە «ساھابە» نىڭ باشقا بىر ئالاھىدە تەرىپى بارمىدۇ؟ «ئاللاھە

ئـاللاهە فـي ئەسـهابى...» دەپ باشـلىغان تىرمىزىـدا رىـۋايەت قىلغـان ھەدىستە ساھابىلەرگە قارشى قوپاللىق قىلغانلارغـا قارىتـا «سـاھابىلىرىم ھەققـىدە ئـاللاھ تـىن قورقـۇڭلار ئـاللاھ تـىن» دېـگەن سـۆزلەر بىـلەن ئازارلىغـان كىشـىلەر كىمـلەر ئـىدى؟ ئەنئەنـىۋى تەبىـرگە ئاساسـلانغاندا «ساھابە ھەققىدە ئاللاھ تىن قورقۇش» ھەققىدە ئاگاھلانـدۇرۇلغانلارمۇ «سـاھابە» دەپ ئاتىلىـدىغانلاردىن ئەمەسـمىدى؟. بەيھەقىنىـڭ بىـر رىۋايىتىـدە ھەزرىتـى ئەلـى رەسـۇلۇللاھنى كـۆرگەن نۇرغـۇن كىشـىلىرى بولغان بىر جامائەتكە ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە قىلغان بىر نۇتقىدا سۆزىنى «رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى...» دەپ باشلاپ، ئۇلارنىـڭ ئالاھىـدىلىكىنى تەرىپلىگەندىن كېيىن مۇنـداق ھۆكـۈمنى چىقىرىـدۇ: «ئـاراڭلاردا ئۇلارغـا ئوخشايدىغان بىرەرسىنى كۆرەلمىدىم».

مىساللارنى كۆپەيتىش مۇمكىن. مەقسـىدىمىز مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن سـاھابە ئۇقـۇمىنى باھـانە قىلىـپ ئۇسـۇلچىلار (فىقھشۇناسـلار) بىـلەن قارشىلىشىش ئەمەس، بۇ ئۇقۇمغا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن توغرا تەبىرنى تېپىشقا تىرىشىشتۇر.

رەسۇلۇللاھ «ساھابىلىرىم» دەپ ئاتىغان ئەشۇ ئالتۇن نەسلگە ئەقلى - ھۇشى جايىدا بىر كىشىنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت تۇيغۇسىدا بولۇشـى مۇمكىنمۇ؟ ئىسلامنىڭ ئۇ ئېغىر كۈنلىرىدىكى دوستلىرىغا تىل تەككـۈزۈش ۋە ئۇلار ھەققىدە يامان گەپ قىلىشـتەك بىـر گۇناھقـا قايىسـى مۇسـۇلمان ئىشـتىراك قىلىـدۇ ۋە يـاكى مۇشـۇنداق بىـر ئاشـقۇنلۇققا سـۈكۈت قىلىـپ تۇرالايـدۇ؟ سـاھابىلەرنىڭ نـام - شـەرىپىگە تـىل تەككۈزىـدىغان ئەدەپسىزلىكنى تۇنجى بولـۇپ ئىجـات قىلغـان ۋە ئـۇنى رەسـمىي بـۇيرۇق بىـلەن خـۇتبىلەرگە يەرلەشـتۈرگەن ئەمـەۋى خەلىپىلىرىنىـڭ بـۇ ناچـار قىلىقلىرىنى مەھكۇم قىلماستىن، يەنە تېخى بۇ ناچار «سۈننەتى سـەييىئە» نى داۋام قىلغۇزۇش «ئـادالەت ۋە ئېھسـان بىـلەن مۇئـامىلە قىلىـش» نـى بۇيرۇغان ئاللاھ قا قارشى ئىسيان قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە

ساھابىلەرنى مەسخىرە قىلماسلىق ئۇچۇن جانلىرىنى پىدا قىلغان ئەزىز ئىسلام شېھىتلىرىنىڭ شاھادىتى ئارقىلىق تىكلىگەن ئۇلگىلىك رولىغا خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ كىتابتا قەتلى قىلىنىشى بايان قىلىنغان ھىجىر بىن ئادىي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ رەسۇلىنىڭ پاك ساھابىلىرىنى ھاقارەتلىمەسلىك ئۇچۇن جانلىرىنى بەرگەن ئەزىز شېھىتلەر ئۆرنەكلىرىمىز ئەمەسمۇ؟ ھاقارەت ساھابىلەر ئۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇچۇنمۇ تولىمۇ يىرگىنىشلىك بىر قىلمىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسلام نېئمىتى ئۇلارنىڭ سايىسىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. جانلىرىدىن تارتىپ بارلىقىنى ئاللاھ قا ئاتىۋەتكەن ھەمدە قۇرئاننىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولغان (ئالى ئىمران، 110؛ بەقەرە، 143؛ فەتىھ، 18؛ تەۋبە، 100) ئەنسار ۋە مۇھاجىر، يەنى ئۆز ئېپادىسى بىلەن ئەسھابى كىرام مەدھىيە ۋە ياخشى كۆرۈشكە لايىق.

بۇ مەدھىيە ۋە مۇھەببەت ساھابىلەرنى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ ئۇلارغا چېقىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى چۈشىنىشكە تىرىشىش، بىزگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بايراقنى يەرگە چۈشۈرمەسلىكنى بەكرەك تەقەززا قىلىدۇ. ئۇلار پەقەت «ئۆرنەك» بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىز ئۇچۇن «ئىبرەت». ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ نەسىلنىڭ مول تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشقا توسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق مۇئامىلە ۋە بۇنىڭغا كەلسە - كەلمەس پەتىۋالار چىقىرىش ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا خەيرلىك ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ياخشى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر ئىش: ئىسلامى سىياسەت تارىخىنىڭ تۇنجى ئانا مەزھەپلىرىنىڭ ھەممىسى ھىجرى 41 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇ، ئىسىملىرىنى كۆپ ئاڭلايدىغان ۋە پەيدا بولۇش تارىخى بۇ ئەسەردە ئارقا كۆرۈنۈشى تەتقىق قىلىنغان شىئە، مۇرجىئى، مۇرجىئىييە ۋە مۇئتەزىلەنى تەمسىل قىلغان شەخسلەر يا بىرىنچى ئەۋلاتقا (ساھابىلەر) ياكى بولمىسا ئىككىنچى

ئەۋلات (تابىئىنلار)غا مەنسۇپ ئىنسانلار ئىدى، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ مەزھەپلەرگە نىسبەت قىلىنغان ئىنسانلار باشقا بىر يەردىن ئىمپورت قىلىنغان بولماستىن ئەشۇ دەۋردىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدىن چىققان ئىنسانلار. بۇ ھەقىقەت نەزەردە تۇتۇلغاندا، تارىختىكى بەزى تىلمىلار «مۇھاپىزە - كارلىقى»لىرى تۈپەيلى مۇقەددەسلەشتۈرۈشنى ئويلىغانلارنىڭ سەممىيىتىمۇ سۇغا چىلاشقان بولىدۇ. خاتالىرىنىڭ ئىسمىنى «ئىجتىھات» قويغانلارنىڭ بۇ كىتابتا ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى بايان قىلىنغان رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جىھادقا قېتىلغان ئابدۇللاھ بىن زىلھۇۋەيسىرا ئەتتەممى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مىساللارنىڭ ئۇلار ئۆزلىرى بېكىتكەن «ئۆلچەم» لەرگە بەك چۈشمىگەنلىكى كۆزگە چېلىقماقتا. ئاللاھ قۇرئاندا ئوچۇق قىلىپ «پاسىق» دەپ خىتاب قىلغان كىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان بۇرمىلاشلار ئادەمنى ئىشەندۈرەلمەيدۇ. بۇ خىل پوزىتسىيەنىڭ ئاقىۋىتى سائادەت ئەسرىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن مۇرجىئەدەك مۇنافىقلارنىمۇ (ئاللاھ ساقلىسۇن) ساھابە دەپ قارايدىغان ھالغا ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ مۇۋازىنەتسىزلىكنىڭ باشلانغان تارىخىنى تاكى ھىجرى بىرىنچى ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىگىچە سۈرۈش مۇمكىن. تېخى راشىد خەلىپىلەر دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان داۋالغۇشلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن «خىلاپەت» نىڭ مەجبۇرى ھالدا «سەلتەنەت» كە ئايلاندۇرۇلۇشى، ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىققان مەزھەپلەر، مەزھەپلەر بىلەن كەلگەن سىياسەت مەنبەلىك ئەقىدىۋى ۋە فىقھى ئىختىلاپلارنىڭ غەۋغاغا، غەۋغانىڭ ئۇرۇشقا ئايلىنىشى ۋە «ئىماملار» بىلەن «سۇلتانلار» ئوتتۇرىسىدىكى «دىن دەۋالىرى» بىلەن بىرلىكتە بۇلارغا ئوڭ - سول (ئۇيەر - بۇيەر)دىن قېتىلغان «نەپرەت» ۋە «قان دەۋالىرى»...

چاڭ - تۇزان تۆپەيلىدىن كىمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىغۇدەك دەرىجىدىكى بىر شارائىتتا، بۈگۈن ئىسمى ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىپ، شەخسىيىتى ئەڭ ئاز تونۇلغان كىشىلەردىن بىرى بولغان ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنى تارىخ سەھنىسىدە كۆرىمىز.

ئەبۇ ھەنىفە راشىد خەلىفىلەردىن كېيىنكى مەزگىلدە بىر - بىرىدىن ئايرىلغان ھەقىقەت ۋە كۈچ - قۇدرەت ئارىسىدىكى تىنىمسىز كۈرەشتە كۈچ ۋە كۈچلۈك تەرەپكە يان باسماستىن ھەق ۋە ھەقىقەتنىڭ يېنىدا تۇرغان ۋە بۇنى قېنى بىلەن ئىسپاتلىغان بىر شەخس. ئىمام بولسا سەلتەنەتكە قارشى ئىجتىھاتنى تەمسىل قىلاتتى. تارىخ بويىچە بارلىق سەلتەنەتلەرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى «ئىجتىھات» قا دۈشمەن بولۇشى ئىدى. بەك ئۇزۇنغا كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، تېخى بەش ئەسىرنىڭ ئالدىدا سايدا قادىسىنىڭ «ئىجتىھات قىلىۋاتىدۇ» دېگەن شىپيۇنلۇق خەۋىرى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان داڭلىق فىقھى ئالىم زەينۇددىن بىن ئەلى (1505 - 1558) نىڭ گۇناھى ۋە ئاقىۋىتىمۇ ئىمام ئەزەمنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمىغانمىدى؟

ئىجتىھات بىلەن سەلتەنەتنىڭ بىر-بىرى بىلەن يان-يانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىرىنىڭ تۇزۇلۇشى ئۆزگەرمەس، يەنە بىرىنىڭ تۇزۇلۇشى ستاتىك (ئۆزگىرىشچان)ئىدى. بارلىق قەدىمقى ۋە ھازىرقى سەلتەنەتلەر پىكىر-چۈشەنچىلەر ۋە تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەرگە دۈشمەن ئىدى. ئىجتىھات چۈشەنچىنىڭ، ئىمانىنىڭ تۇرتكىسىدە ئۇلاشقان ئەڭ يۇقىرى پەللە، يەنى ئەقلىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مېۋىسى ئىدى.

ئەلۋەتتە، ئىجتىھاتنىڭ يېنىدا ئالىملار بولغانغا ئوخشاش، سەلتەنەت تەرەپتە تۇرغان «ساراي ئۆلىمالىرى» مۇ بولغان. ھىجرىيە 40-يىلدا بىر بىرىدىن ئايرىلغان ھەقىقەتنى ۋە كۈچنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان مۇجتەھىدلەر بىر - بىرلەپ يوقۇتۇلۇپ، مەيدان ساراي ئۆلىمالىرىغا قالغاندا قىلغان تۇنجى ئىشلىرى ھەقسىز بولغان زالىم كۈچنى ھەقلىق

قىلىش بولدى. سۇلتانلارغا كىشىلەرنى باستۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىگە قۇرۇۋالغان سەلتەنەتلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋە قانداق قىلسا تېخىمۇ ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرىيەلەيدىغانلىقىنى ئۆگىتىدىغان سىياسەت نەزەرىيىلىرىنى پەيدا قىلىشقا، بۇ ھەقتە كىتاب يېزىشقا باشلىدى. ئۆزلىرىنى ئىمام ئەزەمگە نىسبەت قىلغانلار ئىچىدىن ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھېچقانداق بىر ئەخلاقى قىممەتكە باغلانمايدىغانلىقىنى ئېيتقان داڭلىق ساراي ئۆلىماسى ن. ماكياۋېللىدىن قېلىشمىغۇدەك شەخسلەرمۇ چىقتى. ئەھلى سۈننەت ئىسمى ئاستىدا مۇرجىئەنىڭ ئېتىقاد ۋە كۆز قاراشلىرىنى تارقاتقان بۇ كىشىلەرنىڭچە بولغاندا ھۆكۈمدارلار نېمە ئىش قىلسا قىلسۇن «ھېكمەتلىك ھۆكۈمەت» سەۋەبىدىن ئىدى ۋە ئۇنىڭغا ئارىلاشماسلىقى، ھەتتا بويۇن ئېگىشى كېرەك ئىدى.

نەبەۋى يولنىڭ تەمسىلى بولغان ئىماملارنىڭ سۇلتانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر «كۈچ» ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلغان ۋاقىتىدا سۇلتانلار ئىلمىنىڭ ۋە ئالىمنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، ھەرخىل ماقام ۋە ئەمەل ۋەدىلىرى بىلەن ئۇلارنى سېتىۋېلىشقا ئورۇندى. بۇنىڭغا كۆنمىگەنلەرنى پاراكەندە قىلىشقا ۋە ياكى تەھدىت سېلىپ قورقىتىشقا ئورۇندى. ئۇلارنىڭ بۇ تەھدىتلىرىدىن قورقۇپ قالمىغان مۇجاھىد ۋە مۇتتەقى ئۆلىمالارنى بىرەر پۇرسەت تېپىپ ئۇجۇقتۇرۇشتى. ئۇلاردىن بوش قالغان ئورۇنلارغا ئۆزلىرى بېقىپ سەمرىتكەن ئۆلىمالىرىنى قويۇشتى. خەلق ھىجرى 300 - يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا قەدەر ساراي ئۆلىمالىرىغا قاراتقان ھوشيارلىقلىرىنى داۋام قىلدى ۋە ئۇلارغا ئىلتىپات قىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خەلقنىڭ تەبىئىتىمۇ ئۆزگەردى. ئەمما، ئىمام ئەزەم تەمسىل قىلغان «ئىماملار» يولىنى بويلاپ ماڭغان ئالىملار ئاز بولسىمۇ ھەر ئەسىردە چىقىپ تۇردى.

ئەلۋەتتە بۇ يول تەرەپتە تۇرمىغان، بۈيۈك ئىمامنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلمىغان، ئۇلارنىڭ سۇلتانلار قولى بىلەن

تۆكۈلگەن قېنىنى «يايمىچىلىق» قىلىپ سېتىپ خەجلەپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنى ئۇنىڭ مەزھىپىدىن دەپ نىسبەت بەرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇلار يەر يۈزى ئادالەت نىزامىنىڭ كاپالەتچىسى بولغان مۇبىين كىتاب (قۇرئان)نى قەيسەر ۋە كىسرانىڭ ئىشىغا ماس كېلىدىغان بىر شەكىلدە ئىزاھلىدى. بۈگۈنمۇ ئۆكتىچى يولنىڭ مەنسۇپلىرى «ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەتچى بولۇش ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قارشى چىققانلىق بولىدۇ» دېگەندەك ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى تەڭلەپ تۇرغان بولسا بۇ مۇرجىئىيلەر دېموكراتىك سەلتەنەتلەرنىڭ كۆلەڭگىسى ئاستىدا ھاياتىنى پارازىت قۇرتتەك داۋام قىلىشۋاتىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

بۈيۈك ئىمام ئەبۇ ھەنىفىنىڭ ئۇنىڭ يولىنى بويلاپ مېڭىۋاتقانلار تەرىپىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇپ يەتمەسلىكى يۇقىرىدا تەكىتلىگەن «مۇقەددەسلەشتۈرۈش»كە ئۇنىڭمۇ قۇربان قىلىۋېتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن بولماقتا. ئىمامنىڭ قانچە قېتىم ھەجگە بارغانلىقىنى، قانچە قېتىم خەتمە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ مەدھىيلەپ تۈگىتەلمىگەنلەر ئۇنىڭ سەلتەنەتكە قارىتا تۇتقان ئۆرنەك پوزىتسىيە ۋە شاھادەت بىلەن تاجلانغان ئۆمۈرلۈك كۈرىشىنى كۆرمەسكە سالماقتا. قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى بۈيۈك ئىمامنىڭ دەل مۇشۇ ئۇنتۇلۇشقا يۈزلەنگەن مۇجاھىدلارغا خاس كىشىلىكىنى قەلەمگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ پەقەت «فىقىھ» تىلا ئەمەس، سىياسەتتىمۇ «ئىمام» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ.

بۇ ھەقتە سۆزلەشكە تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى بايان قىلدۇق دېيەلمەيمىز. كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە كۆپچىلىك «مۆتىۋەر (ئىشەنچلىك)» دەپ قوبۇل قىلغان تۇنجى مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ يېزىلغان بۇ ئەسەر نۇبۇۋۋەت ۋە سەلتەنەت ئارىسىدىكى پەرقنى چۈشىنىشتە پايدىسى تەككەن بولسا ھەقىقي مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ.

ئاساسلىق قىسمىنى قاھىرەدە قەلەمگە ئالغان ۋاقتىمدا بۇ ئەسەرنىڭ داكتىلودا يېزىپ چىقىرىلىشىدا ئەجرى سىڭگەن قېرىندىشىم فاتىھ قا بۇ يەردە رەھمەت ئېيتىمەن.

تىرىشچانلىق بىزدىن، مۇۋەپپىقىيەت ئاللاھ تىندۇر.

# بىرىنچى باب ئىماملار ۋە سۇلتانلار

## سەلتەنەتنىڭ قىسقىچە تارىخى

### نەبەۋى يول

مەيلى سائادەت دەۋرىدە بولسۇن ياكى راشىد خەلىپە دەۋرلىرىدە بولسۇن ئىسلامى رەھبەرلىك دىنىي ۋە سىياسىي دەپ ئىككىگە ئايرىلمىغان ئىدى. پەقەت رەھبەرلىك ماقامىدىلا ئەمەس، ھاياتنىڭ بارچە ساھەلىرىدىمۇ دىن - سىياسەت بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئىدى ۋە بۇ بىر پۈتۈنلۈك بۆلۈنۈشتىن خالىي قىلىنغانىدى. رەسۇلۇللاھ شېرىك كەلتۈرۈشكە قارشى كۈرەش قىلىش بىلەن بىرگە بىر ئىلاھلىق دىنلاردىن كەلگەن ئىلمانىزم (دىن بىلەن سىياسەت ئايرىلغان) چۈشەنچىلىرىنىمۇ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىغان ئىدى.

ئىسلام ئەقىدىسىدە، شېرىك خۇددى بىر پۈتۈنگە باشقا نەرسىلەرنى قوشۇپ قويۇش بولغاندەك، ئىلمانىزم پۈتۈننى پارچىلارغا ئايرىۋېتىش ئىدى. يەنى شېرىك، ئىچىدە ھەق بولغان باتىل، ئىلمانىزم ئىچىدىن ھەق سوغۇرۇپ ئېلىۋېتىلگەن باتىل ئىدى. بۇلارنىڭ بىرسى دىنغا قوشۇپ قويۇش، يەنە بىرى دىننىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ تاشلاش ئىدى. بىرسى قوشۇپ قويۇش ئارقىلىق ئەقىدىنى بۇزاتتى. يەنە بىرى كېمەيتىش ئارقىلىق بۇزاتتى. مانا بۇ خاتا چۈشەنچە رەسۇلۇللاھنىڭ بىر پۈتۈننى ئاساس قىلغان ئۇسلۇبى ئارقىلىق رەت قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ئىنساننىڭ ھەم ئىچكى دۇنياسىنى ھەم تاشقى دۇنياسىنى ھەمدە ئۇ دۇنياسى (ئاخىرەت)نى تەرتىپكە سالغان، شەكىللەندۈرگەن بىر دىننى يەتكۈزگەن

(تەبلىغ قىلغان) ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھەم مەسجىدتە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى ھەم ئالدىنقى سەپتە جەڭگە قوماندانلىق قىلاتتى.

راشىد ۋە مۇرشىد خەلىپىلەرمۇ ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ رەھبەرلىكنىڭ پارچىلانماسلىقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سەلتەنەتكە ئېچىلغان بارلىق يوللارنى تاقىۋەتكەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ۋە ئۇ يوللارنى ئاچقۇزمىغان ئىدى. ئاللاھ قا ئىشەنمەيدىغان كىسراغا ۋە ئىلمانى قەيسەرگە ئوخشاپ قالماسلىققا ناھايىتى دىققەت قىلغانىدى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ شۇنداق قىلدى. سەلتەنەت پۇرىقى كەلگەن ھەر قانداق تۆشۈكنى ئەتتى ۋە رەھبەرلىكنىڭ بۆلۈنمەسلىك پرىنسىپىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. راشىد ۋە مۇرشىد خەلىپىلەر دەۋرىدىن كېيىن سىياسىي قۇرۇلمىدا چاكلار پەيدا بولۇشقا باشلاپ، دىن ۋە دۇنيا دەپ ئايرىش بارغانسېرى ئۆزلەشتى. بولۇپمۇ سەلتەنەتنىڭ ئەبەدىيلىكى دىن ۋە دۇنيادىن ئىبارەت بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئىككىگە ئايرىلىشىغا، يەنى «ئىپتىدائىي ئىلمانىزم» غا باغلىق بولۇپ قالغان ئىدى.

## دىنىي رەھبەرلىكنىڭ دۇنياۋى رەھبەرلىكتىن ئايرىلىشى - ئىپتىدائىي ئىلمانىزم

تۈنجى قاراشتا بىر - بىرىگە زىتتەك كۆرۈنىدىغان سەلتەنەت بىلەن ئىلمانىيلىق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت نېمە ئىدى؟ بۇنى ئىزاھلايلى.

ئىسلام سەلتەنەتنىڭ ھەر خىل شەكلىنى رەت قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھمۇ باشقا بارلىق نەبىلەرگە ئوخشاش سەلتەنەتنىڭ بارچە تۈرلىرىنى رەت قىلغان، دۇنياۋى رەھبەرلىكنى كەيپ - ساپا ۋە

ئېكسپىلاتاتسىيە ئۈستىگە ئەمەس، ئىلاھىي قانۇننىڭ ئۈستۈنلىكىگە تايانغان «نۇبۇۋەت»نىڭ ئۇلى ئۈستىگە بىنا قىلىنغان ئىدى.

سەلتەنەت زۇلۇمغا دوست، ئىسلامغا دۈشمەن ئىدى. سەلتەنەت مۇستەبىتلىككە، ئىسلام شۇرا (كېڭەش) غا تاينىدۇ. نەبەۋى ھاكىمىيەت شاھادەتكە، سەلتەنەت پاراغەتكە تاينىدۇ. نەبەۋى ھاكىمىيەتتە قانۇن باشقۇرغۇچىدىن، سەلتەنەتتە باشقۇرغۇچى قانۇندىن ئۈستۈن ئىدى. بىرسى قانۇن دۆلىتى، يەنە بىرسى ئىمتىياز دۆلىتى ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە، نەبەۋى رەھبەرلىكتە دۆلەت دىنىنىڭ ۋە ئەبەدىي نىجاتلىقنىڭ ئۇلىغى، سەلتەنەتتە دىن دۆلەتنىڭ ئۇلىغى ئىدى. سۇلتانلار دىننى سەلتەنەتلىرىگە ۋاستە قىلىپ پايدىلانغان ئىدى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىككى خىل ھاكىمىيەتتە «دىنىنىڭ رولى» پەرقلىق بولۇپ، تولدۇرغۇچى ۋە ئىگە ئۆزگىرەتتى. ئىسلام نەبەۋى خىلاپەتتە دىنىنىڭ دۆلىتى بولغان بولسا، سەلتەنەتتە دۆلەتنىڭ دىنىغا ئايلىنىپ قالغاندى.

سەلتەنەتخۇمارلار دىننى سەلتەنەتلىرىگە ۋاستە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سىياسەتنى دىندىن ئايرىدى. ئاندىن دىنسىز قالغان سىياسەتنىڭ قولىغا دىننى تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇنىمۇ خەلقنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن قىلغاندى. ئىلمانىيلىق مانا مۇشۇنداق ھالدا سەلتەنەتنىڭ ئەڭ چوڭ يانتايىقى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. چۈنكى، نەبەۋى ھاكىمىيەت بىلەن سەلتەنەت پېتىشمايتتى. نەبەۋى ھاكىمىيەت قانۇن دۆلىتى بولۇپ، قانۇننىڭ ئۈستۈنلىكىگە تايىناتتى. بۇ قانۇن ئەلۋەتتە مەنبەسى ئىلاھىي بولغان ئىسلام قانۇنى ئىدى، ئىسلام ئىدى. بۇ قانۇن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان يەرلەردە سەلتەنەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىسلام قانۇنى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمايتتى. چۈنكى، بۇ قانۇننىڭ روھىغا زىت ئىدى. قۇرۇلمىسىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئىسلام قانۇنى ئۆزىنىڭ ئۈستىدە باشقا بىر ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىغا يول قويمايتتى. بۇ مەيلى بىر كىشى بولسۇن ياكى بىر ئائىلە

ياكى بىر گۇرۇپپا ۋە ياكى تەبىقە بولسۇن ئۆزىنىڭ ئۈستىدە باشقا بىر ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىغا قەتئىي يول قويمايتتى. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىمۇ بۇ قانۇن ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ، ئۇ قانۇن ئالدىدىكى ھەر كىشىنى باراۋەر كۆرەتتى. شەخس، گۇرۇپ، كوللېكتىپ، سىنىپلارنىڭ ھەقلىرى بۇ قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىدى. بۇ قانۇن شەخسنىڭ ئاۋامغا قىلغان زۇلۇمىغا كۆز يۇممىغاندەك ئاۋامنىڭ شەخسكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمىغانىدى.

بىر ھاكىمىيەتنىڭ «سەلتەنەت» بولۇشى ئۈچۈن ئىسمى چوقۇم پادىشاھلىق، سۇلتانلىق، مەلىك (ئەمىر / كېنەز)لىك بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇ، بولۇپمۇ كۈنىمىزدە ئۆزىنى كۆپ سانلىقنىڭ ھاكىمىيىتى دەپ ئىزاھلىغان دېموكراتىيە ئۈچۈنمۇ شۇنداق. ھەتتا ئىسمى پادىشاھلىق بولغان بىلەن تارىختا ئادالەت ۋە قانۇننىڭ ئۈستۈنلىكىگە تايانغان ھۆكۈمرانلار (داۋۇد ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ھاكىمىيىتى) بولۇپ ئۆتكەندەك ئىسمى دېموكراتىيە بولغان بولسىمۇ مەلۇم تەبىقە ۋە ياكى مەجلىس سەلتەنەتكە تايانغان سىياسىي تۈزۈلمىلەرمۇ بولغان ئىدى.

ئىسمى مەيلى خانلىق بولسۇن ياكى ئولىگارخىيە بولسۇن ۋە ياكى دېموكراتىيە بولسۇن نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەلتەنەت بىر ئىمتىياز تۈزۈمى بولۇپ، بىر ئىمتىيازلىق تەبىقىسىنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغانلىقىدا شۈبھە يوق. بۇ تۈزۈمدە دۆلەت تورتىنىڭ قايمىقىنى يا بىر شەخس ياكى بىر ئائىلە ۋە ياكى بىر مەجلىس ياكى بىر سىنىپ ياكى بىر تەبىقە يېمەكچى ئىدى. مانا بۇ نۇقتىدا ئىسلام قانۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەيۋە قىلىپ تۇراتتى. نەبەۋى ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بۇنىڭغا يول قويمايتتى. چۈنكى، ئىسلام قانۇنى ئەزەلدىن  دۆلەتنىڭ تورتقا ئايلىنىپ كېتىشىگە يول قويمايتتى. ئىسلام رەت قىلغان بۇ ئىككى خىل چۈشەنچە، يەنى سەلتەنەت ۋە ئىلمانىيلىق بۇ نۇقتىدا ھەمكارلاشتى ۋە نەبەۋى ھاكىمىيەتنى ئورتاق دۈشمەن دەپ ئېلان قىلدى. ھەر ئىككىسى

بىرلىشىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئالدى بىلەن رەھبەرلىكنىڭ بۆلۈنمەس بىر پۈتۈنلۈكىنى زىيدە قىلدى. بۇ تۈزۈملەردە دىنىي ۋە سىياسىي رەھبەرلىك ھەققە ئەمەس كۈچ - قۇدرەتكە تايانغان ئىدى. سەلتەنەت قولىدا تۇتقان بۇ قۇدرەتنى دىنىي رەھبەرلىكنى يوق قىلىش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۈچسىز قالغان دىنىي رەھبەرلىك ھەم قانسىرىدى ھەم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

## سىياسىي رەھبەرلىكنىڭ دىنىي رەھبەرلىككە يېتەكچىلىك قىلىشى

دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان سىياسىي رەھبەرلىك ئاقىۋەتتە تەبىئىيتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن سەلتەنەتكە ئايلىنىپ كېتەتتى، دەرۋەقە شۇنداق بولدى. دەسلەپكى مەزگىللەردىكىلەر دىنىي رەھبەرلىكنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەمما، كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغانلىقتىن دىنىي يېتەكچىلىككە قارىتا ھەر خىل ئۇسلۇبتا جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇنى بېسىقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ھەر خىل چارىلەرنى تېپىپ چىقتى. يىغىنچاقلىغاندا بۇلار مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىدى:

1. ھاكىمىيەت ئۆزى ياخشى پايدىلىنالمىغان ياكى جېنى قالمىغان ئورگانلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بۇ رەھبەرلىككە بېرىش ئىدى. ئۇلار دىنىي مانا بۇ تەدبىر بىلەن ھاكىمىيتى ئاستىغا ئالالايتتى. بۇ تەدبىر بىلەن ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەيتتى ۋە بىر چالمىدا بىر قانچە پاختەكنى سوقاتتى. بۇ سەۋەبتىن دىنغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆلىمالارنى كېلىشىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىشتى.

2. سېتىۋېلىش ئۇسلۇبى ئىدى. دىنغا ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنى مەنسەپ ۋە ئۇنۋان بېرىش ۋەدىسى بىلەن سېتىۋالماقچى بولدى.

ئۆلىمالارنى دۇنيالىق نەرسىلەر بىلەن كۆزنى قارىغۇ قىلىشقا تىرىشتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل شەرئىي دەلىللەرنىمۇ تاپتى. بەزىلەر قوبۇل قىلدى، بەزىلەر رەت قىلدى.

«دىنىنى ئازغىنە پۇلغا ساتمىغانلار» خارلاندى، ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلەر قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەيرلىك خىزمەت قىلغانلارمۇ بولغاندەك ئىلمىنى سېتىپ، جېنىنى باققانلارمۇ چىقتى.

3. دىكتاتور كۈچىنى ئىشلىتىش ئىدى. ئۇلار بويۇن ئەگمىگەن ئۆلىمالارغا زۇلۇم قىلدى، ئۇلارنى قىيىن - قىستاققا ئالدى. ھەر خىل بىسمىلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاشقا ياكى كۆزدىن يوقىتىشقا تىرىشتى. بۇ ئۇسلۇب بىلەن غەلىبە قىلدى. بەزى دىنىي يېتەكچىلەرنىڭ بېشى ئېزىلگەنلىكتىن سەھنىدە سەلتەنەتكە تايانغان سىياسىي يېتەكچىلىكتىن باشقا نەرسە قالمىغانىدى.

## ئايرىلىپ چىققان سىياسىي رەھبەرلىك ۋە سىمۋوللاشقان «خەلىپىلىك»

بۇ سىياسىي رەھبەرلىكمۇ مۇشۇنداق شەكىلدە داۋاملاشمىدى. ئاباسىيلار كۈچىنى يوقىتىپ قويۇشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ دىنىي رەھبەرلىككە قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئەمدى سۇلتانلار ۋە ئەمىرلىرىمۇ ئۇنىڭغا قىلىشقا باشلاپ سىياسىي رەھبەرلىك كۈچىنىمۇ قولىدىن تارتىۋالدى. «خەلىپىلىك» دەپ ئاتىۋالغان قۇرۇلمىنىڭ قاناتلىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى پەيلىرىنىمۇ يولۇپ، ئۇنى غەلىتە بىر قۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى. شۇنداق قىلىپ «خەلىپىلىك» مۇئەسسەسەسىنىڭ خۇتبىلەردە ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قويۇش، تون كىيىش ۋە پۇللارنىڭ يۈزىگە ئىسمىنى يېزىپ قويۇشتىن باشقا بىر قىممىتى قالمىغانىدى. سەلتەنەت بىلەن

ئىلمانىلارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ھەمكارلىقى نەبەۋى ھاكىمىيەتنى ئاقىۋەتتە شەرقى رىم تۇزۇمگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئەمدى دىن دۇنياغا ئەمەس، دۇنيا دىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى.

سەلتەنەت ھاكىم، دىن مەھكۇم بولغان ئىدى. بۇ دەۋەردە نەبەۋى ھاكىمىيەتنىڭ داۋامى بولغان «خەلىپىلىك» ئىسمى ھەر خىل شەرمەندىچىلىك پاتقىقىغا پاتۇرۇلۇپ بۇلغاندى. ھەرخىل زۇلۇم، كەيپ - ساپا، ئەخلاقسىزلىقلار بۇ ئىسمىنىڭ ئاستىدا ئىجرا قىلىنىدىغان بولدى. ھۆكۈمرانلىق ھەقلىرى سۇلتانلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان خەلىپىلەر ئىشنى كەيپ - ساپاغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولۇپ، خەلىپىنىڭ سارايلىرىدا مىڭ بىر كېچىلەر ئۆتكۈزۈلىۋاتاتتى.

قانات - قۇيرۇقى يۇلىۋېتىلگەن خەلىپىلىك مۇئەسسەسەسى 9 - ئەسىردىن كېيىن تەسىر كۈچىنى يوقىتىپ، پۈتۈنلەي سىمۋولغا ئايلىنىپ قالدى. مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر يۆلەنچۈككە مۇھتاج ھالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، بۇ مەنسەپ كۈنىمىزدىكى ئېنگلىز ئايال پادىشاھىدىنمۇ بەتتەر ئىقتىدارسىز خەلىپىلەرنىڭ قوللىرىغا تاشلاپ قويۇلغان ئىدى. خەلىپە كىم بەكرەك زوراۋان، كىم بەكرەك زالىم بولسا، كىمنىڭ كۈچى چوڭ بولسا شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ سەلتەنەتى ئۈچۈن پەشتاق بولاتتى. بۇنداق بىر خەلىپىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى يوق بولۇشىدىن تېخىمۇ زىيانلىق بىر ھالەتكە كەلگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنىڭ «نەبەۋى خەلىپىلىك» مۇئەسسەسەسگە بولغان ئىشەنچىگە دەز كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يېگى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن سىياسى نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان بولۇپ، بىر تۈركۈم ئىلىم مۇخالىپلىرىمۇ خەلىپىلىكنى ئەسلىدىكى نەبەۋى ھالىتىگە قايتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئورنىغا مەۋجۇت چۈشەنچىلەرگە ماس قالپاق تېپىشنىڭ ھەلەكچىلىكىگە كىرىشكەنىدى.

ئۆلىمالارنىڭ بىر قىسمى مەۋجۇت ۋەزىيەتكە يېشىل چىراق يېقىپ بەرمىگەن تەقدىردىمۇ بۇ ۋەزىيەتكە ۋاقىئە ھالىتىدە قارايتتى. نوپۇزىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ مەۋجۇت ھاكىمىيەتتىن ئىسلام نامىدا بىر نەرسىلەرنى يۇلۇپ ئېلىش تەمەسىدە بولاتتى. ھۆكۈمرانلارنىڭ غەيرى ئىسلامى، ئەخلاقسىز ھەتتا ئىنسانىي بولمىغان مۇئامىلىلىرىگە،ئىسلام نامىدىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇماتتى. شۇنداقتىمۇ ھەر ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش رەسۇلۇللاھنىڭ ۋارىسلىرىمۇ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ بۇلارغا قارشى كۈرەش قىلاتتى ۋە بەدىلىنى قىيىن - قىستاققا ئېلىنىش، زىندان ۋە ئۆلۈم بىلەن ئۆتەيتتى.

## بابى ھۇمايۇندىن ئۆتۈپ مەجلىستە غايىپ بولغان خىلاپەت

خىلاپەت ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ سايىسىدا يوقىتىپ قويغان دۇنياۋى نوپۇزىغا قايتىدىن ئىگە بولغانىدى. لېكىن ئەسرى سائادەتتىكى دىنىي كۈچىگە يەنى ھەقىقىي ماھىيىتىگە لايىق نوپۇزىغا ئىگە بولالمىغانىدى. ئوسمانلى خىلاپەتنى ئەمەۋىلەر ۋە ئاباسىيلارنىڭ دەسلەپكى يېرىم ئەسىردىكى ھالىتىگە قايتۇرغانىدى.

بۇ ئەھۋالنى خىلاپەت نۇقتىسىدىن بىر يېڭىلىق دەپ قاراشقا بولاتتى. خىلاپەت مۇئەسسەسەسى كۈچى يوق «ۋاتىكان» بولۇشتەك بىر ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇپ، دۇنياۋى نوپۇزىغا ئىگە بولغان بولۇپ، ھىجرى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا يوقىتىپ قويغان كۈچىگە قايتىدىن ئېرىشكەندەك قىلاتتى. ئەسەبىيەتچىلىك (قەۋمىيەت ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسى)نى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ مۇلاھىزە قىلغان ۋاقتىمىزدا ھەقىقەتەن شۇنداق

بولغانمىدى؟ ئوسمانلى دۆلىتى بىلەن خىلاپەت كۆچلەنىدىمۇ ياكى كۈچ ئۆزىگە يېڭى بىر يۆلەنچۈك تاپتىمۇ؟

ئوسمانلىلىنىڭ خىلاپەتنى ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشى بىلەن كىملىكىڭ پايدا ئالغانلىقى سورالسا بۇنىڭدىن خىلاپەت مۇئەسسەسەسى پايدا ئالدى دېيىش مۇمكىن. ئوسمانلى پۇقراسى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنىڭدىن قانداق پايدا ئالغانلىقى مۇلاھىزە قىلىنىشى كېرەك. يەنى، خىلاپەت مۇئەسسەسەسى قايسى قانۇنى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي يارىغا مەلھەم بولدى؟ ئوسمانلىلىنىڭ مۇسۇلمان پۇقرالىرى بۇ مۇئەسسەسە ئارقىلىق قايسى ھەق - ھوقۇقلارغا ئىگە بولغان؟

ئەسلى تېمىمىزغا قايتىپ بۇ سوئاللىرىمىزغا جاۋاب ئىزدىسەك خىلاپەتلىك ئوسمان بەگ ۋە ئورھان بەگنىڭ سەلتەنەتتىن يىراقتا جىھاد ۋە ئادالەت بەرپا قىلىپ ئىدارە قىلغان ئوسمانلى دۆلىتىگە مەنپەئەت ئېلىپ كەلمىدى.

ھېچكىم ئوسمانلى ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان خىلاپەتلىكنى رەسۇلۇللاھ ۋە راشىد خەلىپىلەردىن مىراس قالغان نەبەۋى خىلاپەت دەپ دەۋا قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇممەتنىڭ ئۆز ھەق - ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن (شۇرا) تاپشۇرۇشىدەك ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا، ئۇ نېمە ئىدى؟ ئەلۋەتتە نەبەۋىي ئەمەس، «سۇلتانى خىلاپەت» ئىدى. يەنى، ناقىس بىر خىلاپەت ئىدى. ئوسمانلى ئىلكىگە ئالغان خىلاپەتنىڭ تىلغا ئالغۇدەك تەرىپى يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار ئىدى. مۇقەددەس ئامانەتلەر. ئوسمانلى ئۇممەتكە بىر ياخشىلىق قىلدى. نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئۇممەتنىڭ قان - تەرىدىن پارازىت قۇرتتەك پاراغەت ئىچىدە ياشىغان بىر ئائىلىدىن ئۇممەتنىڭ يەلكىسىدىن ئېلىۋەتكەنىدى. لېكىن، ئۇلارمۇ خىلاپەتنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ھەشەمىتى ۋە سەلتەنەتىگە ۋارىسلىق قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئەمەۋى ۋە ئابباسىيلار سارايلىرى بىلەن ئوسمانلى سارايلىرى يەنىلا بىر - بىرىدىن

پەرقلىنەتتى. ئوسمانلىنىڭ خىلاپەت تارىخى ئالدىنقىلارغا قارىغاندا بىر قەدەر ئىنسانى ۋە ئىسلامى بولۇپ، زۇلۇم ۋە كەيپ - ساپا نۇقتىسىدىن بولسىمۇ پەرقلىنىپ تۇراتتى.

خىلاپەتنىڭ ئوسمانلى ئىسلام دۆلىتىگە ئىلىپ كەلگەن پايدىسى ۋە زىيىنىنى تەمكىنلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىش كىرەك. ئەگەر بۇ مەسىلىگە نەبەۋى ھاكىمىيەت نۇقتىسىدىن نەزەر سالماي، «ئىسىل مىللەت»، «شانلىق تارىخ» دىگەندەك بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە بىلەن نەزەر تاشلىغان ۋاقتىمىزدا ئەلۋەتتە دىگۈدەك گەپمۇ قالمايدۇ (يەنى، ئارتۇقچىلىقى، كەمچىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ يەكۈنلەش ئىلىپ بارغىلى بولمايدۇ). بۇنداق بولغاندا، رەسۇلۇللاھتىن ئايىغان مەدھىيەلىرىنى ئەرەب ئىرقىنى ئۈستۈن قىلغان ئەمەۋىلەرگە سىخىيلىق بىلەن ياغدۇرغان «ئەرەب مۇسۇلمان» سەپسەتچىلىرى قىلغان سەلتەنەت دەۋاسىنىڭ ئوخشىشىنى (تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ جاھانغا ھۆكۈمران بولۇشىدىن ئىبارەت قەۋمىيەتنى ئاساس قىلغان سەلتەنەت دەۋاسىنى) بىزمۇ قىلالايمىز.

«خەلىپە» ئۇنۋانى زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن ئەسىرىمىزگىچە ئىشلىتىلىپ كىلىندى. ئەمما، ئاخىرقى «خىلاپەت دۆلىتى» يىقىلغاندىن كىيىن يەر يۈزىدە شەكلەن بولسىمۇ ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر كۈچ قالمىدى. ئوسمانلىدىن كىيىن شەكىللەنگەن ئۈستقۇرۇلمىدا «سۇلتانى خىلاپەت»نىڭ سەلتەنەت قىسمى «خىلاپەت»تىن ئايرىپ تاشلىنىپ ھاكىم كۈچلەر تەرىپىدىن بۆلۈشۈلدى. دىمىسىمۇ سەلتەنەتكە خىلى بۇرۇنلار مەشرۇرىيەت بىلەن (1908) بىرلىكتە بىر شىرىك يەنى مەجلىس قوشۇلغانىدى. سەلتەنەت هوقۇقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى مەجلىسكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن «خىلاپەت» يىڭى شىرىك بىلەن بىرلىكتە قولىدا قالغان قىسمىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى. چۈنكى، سەلتەنەتنىڭ يىڭى ئىگىلىرى ئۆزىگە باشقىلارنىڭ شىرىك بولۇشىنى خالىمايتتى. سەلتەنەت

پۈتۈنلەي «مەجلىس» كە ئۆتـۈپ كەتكەنـدىن كېيىن «خەلىـپە سۇلتارىم سـۇلتانلىقىدىن ئايرىلىـپ پەقەت خەلىپىلىكـى» قالغانـدى. يەنـى، خەلىپىلىك ئوسمانلىدىن بۇرۇنقى ھـالىتىگە قايتقانـدى. بـۇ ۋەزىيەتنىـڭ تەبىئىي نەتىجىسىدە خىلاپەت تـارىخ بەتلىـرىگە كۆمۈلـدى. ھىندىسـتاندا ئىقبـال، مىسـىردا تاھـا ھۈسـەيىنگە ئوخشـاش بەزى زاتـلار سـەلتەنەتكە ئوخشاش خىلاپەتنىڭمۇ مەجلىسكە ئۆتكەنلىكىنى ياقلىغانىدى. كېيىنكى مەزگىلـدە ئىقبـال بـۇ قارىشـىدا خاتالاشـقانلىقىنى ئەلەم بىـلەن ئېتىـراپ قىلغانىدى. ئەگەر دەسلەپكى مەجلىس مەنسۇپلىرىدىن سـەيىت بەيىنىـڭ ئېيتقانلىرى توغرا بولغـان بولسـا ئەمـدى سـۇلتان - خەلىـپە بىـر كىشـى ئەمەس بىر قانچە يۈز كىشى ئىدى.

بـۇ قاراشـنى تـوغرا دەپ قارىسـاق «خىلاپىتىمىـز»نىـڭ ھــازىرمۇ داۋاملىشـــىۋاتقانلىقىغا ئىشەنىســەك بولىـــدۇ. بەزىلەرنىـــڭ تـــۈركىيە جۇمھـۇرىيىتىنى «باشـلامچى» قىلىـپ كۆرسىتىشـنىڭ پەقەت بىـر ئـارزۇ ئەمەس، بەلكى بىر «رېئاللىق»نى ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

سـەلتەنەتكە كەلسـەك، ئـۇ ئەسرى سـائادەت ۋە خۇلافـائى راشـىدىن دەۋرىدىن باشقا بەزى دەۋرلەر نەزەرگە ئېلىنمىغانـدا ھـېچ ئـۆزگەرمىگەن بىـر مۇئەسسەسـەدۇر. ئـۇ تـارىخ بـويىچە قولـدىن قولغـا ئۆتـۈپ كەلـدى. سـەلتەنەت بۈگـۈن كلاسسـىك ئۇسـلۇبىنىڭ ئورنىغـا زامـانىۋى ئۇسـلۇبتا داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئىسلامدىن باشقا ھەر قانداق بىر ئىدارى تۈزۈم سـەلتەنەتلەرگە خـاتىمە بەرگـۈدەك كـۈچكە ئىگە ئەمەس. سـەلتەنەتنى «قانۇن كۈنلۈكى ئاستىدىكى بىر ئىمتىياز» دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدا بۈگۈن سـەلتەنەت بولمىغــان ھېچقانــداق بىــر ھــاكىمىيەت يــوق. بۈگـۈنكى «ئـۆزگىرىش» ياسـىغان ماركسـىزمدا سـىنىپ سـەلتەنىتى، مىللىتارىزمـدا ئەسكەر سـەلتەنىتى، دېموكراتىيـدە مەجلىـس ۋە «يوشـۇرۇن» شـېرىكلەر سـەلتەنىتى، كاپىتالىزمـدا پـۇل سـەلتەنىتى ھۆكـۈم سـۈرمەكتە. چـۈنكى، يۇقىرىـدا تىلغـا ئېلىنغـان تۈزۈملەرنىـڭ ھەممىسـىدە قانۇنىنىـڭ مـۇتلەق

ئۇستۇنلىكى دەيدىغان بىر نەرسە يوق. بۇ قانۇنلارنى بەلگىلىك كىشىلەر تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە بۇ تۈزۈملەردە بەلگىلىك كىشىلەر قانۇندىن ئۇستۇن تۇرىدۇ. ئېهتىياج چۈشكەندە هالۋىدىن ياسىغان ئىلاهلىرىنى يېگەن جاهىلىيەت مۇشرىكلىرىغا ئوخشاش ئۇلارمۇ ئاچ قالغاندا پەقەت مەزلۇملارنىڭ هەققى بولغان قانۇنلىرىنى دەپسەندە قىلىدۇ ۋە قايتىدىن يېڭى قانۇن تۈزۈپ چىقىدۇ.

دەۋر هالقىغان قانۇنشۇناس ئەبۇ هەنىفەنىڭ هاياتىنى تونۇشتۇرغاندا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ يېتىشىمىزگە ياردىمى بولىدىغان نۇبۇۋۋەتتىن سەلتەنەتكە ئۆتۈش جەريانىنى پىششىق بىلىشىمىز كېرەك. ئىمام ئەبۇ هەنىفەنىڭ بارلىق كۈرەشلىرىنىڭ ئۇلىدا «قانۇننىڭ ئۇستۇنلىكىنى بەرپا قىلىش» غايىسىنىڭ ياتقانلىقى ناهايىتى ئېنىق. سەلتەنەت تارىخىنى ياخشى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن هەققىدە توغرا ۋە ساغلام باها بەرگىلى بولمايدۇ.

## قايسى ئىسلام دۆلتى؟

ئىمام ئەبۇ هەنىفەنىڭ هاياتىدىن ئىسلامى يېتەكچىلىككە ئائىت بەزى سوئاللىرىمىزغا ۋە دۈچ كەلگەن مەسىلىلىرىمىزگە جاۋاب تاپالايمىز دەپ ئويلايمەن. بۈگۈنكى ئىسلامى هەرىكەتلەردە كۆرۈلۈۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەردىن بىرى يېتەكچىلىك مەسىلىسى. بۇ مەسىلىنى هەل قىلىش چارىسى ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىلىم ۋە تەجرىبە جۇغلانمىسىغا هاجىتىمىز چۈشىدۇ. ئىسلامى يېتەكچىلىكنىڭ ئۆزىگە خاس پەلسەپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلماي تۇرۇپ مۇلاهىزە ۋە مۇزاكىرە قىلىنماستىن ئەلۋەتتە ساغلام بىر نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى يېتەكچىلىك مەسىلىسى دۆلەت مەسىلىسىدىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇسۇلمانلار بىر بۆهرانغا دۈچ كەلگەن ئېغىر كۈنلىرىدە ئالدىدا يېتەكچىلىك قىلىپ ماڭغانلاردىن

بەزىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ مۇسىبەتلىك دەۋرلىرىدىن ئۆرنەك تاللاپ ئېلىشى، بۇ ساھەدە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىرىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

ئەسىرى سائادەت ۋە خۇلافائىي راشىدىنلارنى «بەك غايىۋى» ھېساپلاپ، ئۆزلىرىگە «شانلىق تارىخ»نىڭ سەلتەنەت شەجەرىسىدىن رەھبەر ۋە ئۆرنەكلەر تاللاۋاتقانلار ئۈچۈن ئىمام ئەزەم ياخشى يول كۆرسەتكۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى مۇمكىن. ئىمامنىڭ ھاياتى بەدىلىگە قارشى چىققان مودېلىنىڭ ئەڭ تۈتۈۋق نۇسخىلىرىنى «ئىسلام» دەپ، «تارىخ» دەپ، «دۆلەت» دەپ ئېسىلىۋېلىشىنىڭ ۋە ئۇلتۇرسا - قوپسا ئۇنىڭ خىيالىنى قىلىشنى «دۆلەت ئېگىغا ئىگە بولغانلىق» دەپ بىلىپ، بۇنى بىر ئۆزگىچىلىك دەپ نامايەن قىلىشنىڭ نەقەدەر خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى.

دەرۋەقە، بۈگۈن «ئىسلام دۆلىتى» ئۇقۇمىنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار زېھنىدە تىكلەنگەن ئوبرازى ئەسلىدە ئىسلام بىلەن يۇتۇنلەي زىت بولغان «سەلتەنەت دۆلىتى»نىڭ ئوبرازىدۇر. ئەسىرى سائادەت ۋە راشىد خەلىپىلەرنىڭ دەۋرىدىكى قانۇننىڭ ئۈستۈنلىكىنى ئاساس قىلغان، ئادالەت ۋە كېڭەشكە (شۇراغا) تايانغان نەبەۋى ھاكىمىيەت يېتەكچىلىكىنىڭ ئورنىغا كەيىپ - ساپا ۋە ئىستىبداتقا تايانغان سەلتەنەتلەردىن ئىسلامى شەكىلدە ئىدارە قىلىش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىش بۈگۈنمۇ خۇددى «قىرىق قېچىرمۇ، قىرىق قۇرمۇ؟» تېپىشمىقىدا بوغۇلۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئەھۋالدا «نەبەۋى خىلاپەت» ۋە «سۇلتانى خىلاپەت» تارىخىنى بىلىش تولىمۇ زۆرۈر.

# سەلتەنەتنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

## نۇبۇۋۋەت ۋە سەلتەنەت

«ئى فازىلنىڭ دادىسى، جىيەنىڭنىڭ سەلتەنىتى نەقەدەر چوڭىيىپ كەتكەن ھە!».

«ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ئۇ سەلتەنەت ئەمەس، نۇبۇۋۋەتتۇر... »[1].

بۇ دىئالوگ نەچچە مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنىنىڭ مەككە چېگرىسىدىن شەھەرگە كىرىشىنى كۆزىتىۋاتقان ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىدى. بۇ ئاددى بىر دىئالوگ ئەمەس ئىدى. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا پەرقلىق ئىككى دۇنيا قاراشىنىڭ ئوخشاش بىر ۋەقەگە ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بەرگەن باھاسىنىڭ بىر مىسالى ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىگە بولغان كۈچ بىلەن يىگىرمە نەچچە يىللىق كۈرەشنىڭ نەتىجىسىدە مەككىدىن ئىبارەت تۈنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى قەلئەسىنى قولىدىن بېرىپ قويغان كۈچ ئارىسىدىكى سىياسەت پەلسەپىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ دەلىلى ئىدى. گەرچە بۇ ئىككى شەخس ئوخشاش بىر ھادىسىنى كۆزەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كۆرگەنلىرىنى بىر بىرىگە تامامەن زىت بولغان پەرقلىق كۆز قاراشلار بىلەن ئىپادىلەۋاتاتتى. يەنى:

نۇبۇۋۋەت ۋە سەلتەنەت.

مەككىنى تەمسىل قىلغان بۇ قاراش ۋەقەلىكنى دۇنياۋى كۈچ نۇقتىسىدىن باھالىغانىدى. نۇرغۇنلىرى بىر - بىرىگە دۈشمەن بولغان، ئۆزىگە خاس قىممەت قاراشقا ئىگە بولغان بۇنچە قەبىلىلەرنى بىر ئېتىقاد (تەۋھىد)، بىر لىدېر (رەسۇل)، بىر شوئار (ئاللاھۇ ئەكبەر) ئەتراپىغا

---

[1] ئىبنى ھىشام، تاباقات، II/135؛ ئىبنى ھىشام، ئەس - سىرەتۇل نەبەۋىييە،IV/12

بىرلەشتۈرگەن نەرسە پەقەت زوراۋانلىق ۋە دۇنياۋى كىچىكە تايانغان «سەلتەنەت» بولسا كېرەك دەپ قاراشقاندى.

مەدىنىنى تەمسىل قىلغان مەنتىق مۇشۇنداق بىر ۋەيران قىلغۇچى كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن يىللارچە ئۆزىگە ۋە دىنىغا قارشى قارىغۇلارچە جاھىللىق بىلەن قارشى چىققان ئىنسانلارنىڭ ئىلكىدىكى ئەڭ چوڭ قارارگاھىنى فەتھە قىلغان بىر قوشۇن قوماندانىنىڭ سۇلتانلار ۋە پادىشاھلارغا لايىق تەنتەنە ۋە ئىپتىخار بىلەن ئەمەس بەلكى ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈر ئىپتقان ھالدا رەببىنىڭ ئالدىدا بېشى تۆگىسىنىڭ لوكىسىغا تېگىپ قالغۇدەك دەرىجىدە كەمتەرلىك ۋە تۇپراق كەبى كىچىك پېئىللىق بىلەن رەببىنىڭ نېئمىتى ئالدىدا ئېگىلگەن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بۇنىڭ «سەلتەنەت ئەمەس، نۇبۇۋۋەت» ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىۋاتقانىدى.

ھە راست، ئەسرى سائادەتتىكى كۆرەش (گەرچە بىرسى باتىل بولغان بولسىمۇ) ئىككى پەرقلىق ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشمىدى؟ مۇئمىنلەر بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى تارىخي كۆرەشنى بىر ئېتىقاد كۆرىشى دەپ قارىيالامدۇق؟

بۇ سوئاللارغا توغرا جاۋاب تېپىشىمىز ئۈچۈن بىر قانچە ۋەقەلەرنى قايتىدىن ئەسلەپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ:

ئەبۇ لەھەب رەسۇلۇللاھتىن سورىدى:

- مەن ئىمان ئېيتسام ماڭا نېمە بار؟

بارلىق مۇئمىنلەرگە نېمە بولسا ساڭىمۇ شۇ بار دەپ جاۋاب بەردى رەسۇلۇللاھ. ئەبۇ لەھەب:

- مېنى باشقىلار بىلەن ئوخشاش كۆرگەن دىن دىن بولماي كەتسۇن دېدى[2].

---

[2] قۇرتۇبى، تەپسىر، XX/235

مۇشرىك مەككە توپلىمىنىڭ كاتتىلىرى بولغان ئەبۇ لەھەبنىڭ قايغۇسى يۇقىرىدا كۆرۈلگەندەك «شېرىك» ئەقىدىسىنى قوغداش ئەمەس ئىدى. ئادىل ئىسلام قانۇنى ئالدىدا ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىش ئۈچۈن كۆپكۆندۈزدە ئېلىم - سېتىم قىلغاندەك ھىيلىگەرلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇلۇھىيەت ۋە رۇبۇبىيەتكە كۆچىنىڭ بېرىچە قارشى چىقىشلىرىنىڭمۇ ئاساسلىق سەۋەبلىرى بۇ ئىدى. شۇنى بىلدىكى، «رەب» بىر، «ئىلاھ» بىر بولسا بارلىق ئىمتىيازلىرىدىن قۇرۇق قالاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنچە تىركىشىپ كېتىشىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىدى. ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ تۇر. ئەمما بۇ ئىمتىياز قوبۇل قىلىنغان بولسا رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇرۇۋاتقانلارنىڭ نۇرغۇنلىرى دەۋەتنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىدى. مۇشرىكلەرنىڭ كاتتىۋېشى ئەبۇ جەھىلمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. بىر كۈنى ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا: «تاغاڭنىڭ ئوغلى راست گەپ قىلىۋاتىدۇ» دېگەن ۋە ئىككى قەبىلە ئارىسىدىكى رىقابەتنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تىلغا ئالغاندىن كېيىن «مانا ئەمدى ھاشىم ئوغۇللىرىدىن بىر پەيغەمبەر چىقىپتۇ، بىز ئەمدى قەيەردىن تاپارمىز پەيغەمبەرنى؟» دېگەن ئىدى. ئەبۇ لەھەبنىڭ دەردى ئىمتىياز، ئەبۇ جەھىلنىڭ دەردى بولسا ئەسەبىيلىك (قەبىلە ئۈستۈنلىكى) ئىدى. يۇقىرىدىكى بايانىدىن مەلۇم بولغاندەك ئۇلارنىڭ يەنىلا «دىنى»نى ھىمايە قىلىش دەردى يوق ئىدى.

مۇشرىكلارنىڭ «ئېتىقادىنى قوغداش» مەقسىتى بىلەن ھەرىكەت قىلمىغانلىقى مەلۇم. پەقەتلا جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائى ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ بۇرۇنقى ئىمتىيازلىرىدىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن، سەلتەنەتلىرىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىن، ئەسەبىيەت (قەبىلە، جەمەت ئۈستۈنلىك)لىرىگە دەز

كېتىشىدىن قورقىشاتتى. بۇنى ماددىلارغا ئايرىساق تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ماددىغا ئايرىلىدۇ:

1. سەلتەنەت. بۇنىڭغا بارلىق مەنپەئەتلىرى ۋە ئىمتىيازلىرى كىرىپ كېتىدۇ.

2. ئەسەبىيەت. بۇ، يەككە شەخستىن باشلاپ ئىرقچىلىققا سوزۇلغان بىر زەنجىر ئىچىدە ئەھمىيەتسىز ئۇرۇش ۋە تۆكۈلگەن قانلار بەدىلىگە داۋام قىلغۇزۇلاتتى.

3. ئەجدادلار ئىزىدىن مېڭىش (ئەجدادلار يولىنى چىڭ تۇتۇش). بۇ ئەسەبىيەتلىرىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ دىنلىشىپ كەتكەن بىر تارىخ ئىدى. ئۇلار شېرىك ئەقىدىنى تاللىمىدى. بىراق، ئەجداتلىرى ماڭغان يولغا ئەگەشتى.

ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان (دىن)غا ئەگىشىڭلار!» دېيىلسە، «ياق، بىز ئاتىلىرىمىز ماڭغان يولدىن ماڭىمىز!» دېيىشىدۇ. ئۇنداقتا، ئاتىلىرى بىر نەرسە چۈشەنمەستىن، توغرا يولنى تاپالمىغانلار بولسىمۇ (ئاتىلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشەمدۇ؟)» (بەقەرە، 170).

«ئاتىلىرىمىز تۇتقان يول بىزگە يېتىدۇ» دېيىشىدۇ (مائىدە، 104).

ئۇلار بىرەر يامان ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: «ئاتا - بوۋىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان» دەيدۇ. «ئاللاھ يامانلىقنى بۇيرىمايدۇ» دېگىن. ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ قا نىسبەت بېرىپ يالغان ئېيتامسىلەر؟» (ئەئراف، 28).

ئەگەر ئاتا - بوۋىلىرى باشقا بىر يولدا بولغان بولسا ئىدى، ئۇ يولدا ماڭغان بولاتتى. يەنى يۇقىرىدا مەلۇم بولغاندەك «دىن» بۇ قاتاردىن ئورۇن ئالمىغان.

«بىر يىل بىز سېنىڭ ئىلاھىڭغا (ساڭا ئوخشاش) ئىبادەت قىلايلى. بىر يىل سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزغا (بىزگە ئوخشاش) ئىبادەت قىل». مەيلى

ھەق ياكى باتىل بولسۇن، ئېتىقادىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان ۋە سەممىي بولغانلار مۇشۇنداق تەلەپ قويارمۇ سىزچە؟

ئۇ زامانلاردا ھازىرقىدەك ياشاش بىلەن ئىشىنىش ئارىسىدا ھالقا پەيدا بولمىغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا چوقۇنۇش ئىشىنىش ۋە ياشاشنى بىرلىكتە ئىپادە قىلاتتى. بۇ، ئېتىقادىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغانلار بېرىدىغان تەكلىپ ئەمەس ئىدى. بۇ تەكلىپكە قارىتا جاۋابنى رەسۇلۇللاھ ئەمەس، كافىرۇن سۈرىسى بىلەن «سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن دېگىن» دەپ ئاللاھ بەرگەنىدى.

جاھىلىيەت ئاقسۆڭەكلىرى ئېتىقادىغا قارىتا شۇ قەدەر پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتىكى، بۇ باتىل تەكلىپكە نەيرەڭۋازلىق قىلىپ ئۆز ئارزۇلىرىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىلاھلىرىغا ئىبادەت قىلىش مۇددىتىنى ئۆز ئالدىغا ناھايىتى ئاز بىر مۇددەت (يىلدا بىر ئاي بولسىمۇ ئىبادەت قىلىش)كە چۈشۈرگەنىدى. بۇ تەكلىپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقنى دەۋا قىلغان بىر كىشى ئۈچۈن نۇمۇس ئىدى.

بۇ ئەھۋالدا مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلغان ئۇرۇشلىرىنى يۈرەكلىك ھالدا باتىل بولغان تەقدىردىمۇ ئېتىقادىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش دېيەلمەيمىز. تارىخ بويىچە مۇشرىكلار ئەڭ كۆپ ئەقىدە قىلغان نەرسە مەنپەئەتلىرى ۋە سەلتەنەتلىرى ئىدى. سەلتەنەتلىرىگە بىرەر زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھەر قانداق بىر ھەقىقەتنى (مەيلى ئۇ ئىلاھى ياكى بەشەرى مەنبەدىن كەلگەن بولسۇن) يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا تىرىشقانىدى. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئەڭ رەھىمسىزلىك بىلەن زۇلۇم قىلىشتىن يانمىغانىدى.

رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئادەتتىكى بىر ئىنساندەك يەپ - ئىچىپ، جەمئىيەتتىكى كىشىلەردەك ياشاش بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئالدىدا تىترەپ تۇرغان بىر بەدەۋىگە «نېمىگە بۇنچە تىترەيسەن؟» دېيىش ئارقىلىق قەيسەر ياكى كىسراغا ئوخشاش سەلتەنەت

ئىگىسى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئادەتتىكى كىشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى.

ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلغان «قانۇن (شەرىئەت)نىڭ ئۈستۈنلىكى» پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلغانىدى. «مەن كىمنى ناھەق ئۇرغان بولسام، مانا ئالدىڭلاردا تۇرۇۋېتىمەن، كېلىپ ئۇرۇۋالسۇن!» دەپ ھەققىنى تەلەپ قىلغان ئۇققاشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «قېنى، ھەققىڭنى ئېلىۋالغىن!» دېگۈدەك دەرىجىدە قانۇنغا رىئايە قىلاتتى.

بۇخارى نەقىل قىلغان بىر رىۋايەتتە: «ئەگەر ئوغرىلىق قىلغۇچى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتى» دېگەنىدى[3]. راشىد ۋە مۇرشىد خەلىپىلەرمۇ بۇ قانۇننىڭ ئۈستۈنلىكى پرىنسىپىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن، بۇ نۇقتىدا ھەرگىزمۇ يول قويمىغان، ئايرىمچىلىق قىلمىغانىدى.

بۇ ئۆرنەكلەرنىڭ ئوخشىشى تارىختا ئىسلامدىن باشقا بىر تۈزۈمدە كۆرۈلۈپ باقمىدى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ بولمايدىغان ئۆرنەكلەر ئىدى. ئىسمى ۋە ياكى جىسمى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بارچە ئىنسانىي سىستېمىلاردا (مەيلى كۆپ سانلىقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولسۇن ياكى باشقا بولسۇن) قانۇن ئىمتىياز بەرگەن بىر سىنىپ مۇھەققەق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. كۈنىمىزدە كۆپ سانلىقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان مەجلىسلەرنىڭ ۋە مەجلىسلەر تايانغان «كۈچ مەركەزلىرى» نىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئۆرنىكىدۇر. دېموكراتىيىدىكى «قانۇننىڭ ئۈستۈنلىكى» ئالدامچىلىقىنى ئەنگىلىيەدە ئومۇملاشقان شۇ ساتىرىك سۆزلەر ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

---

[3] ئىبنى ھاجەر، فەتھۇل بارى، ق. ھۇدۇد، 12 - باب، ھەدىس نۇمۇرى: 6788، XII/89

«ھەممە كىشى باراۋەردۇر، خانىش تېخىمۇ شۇنداق».

قايسى سىستېمىنىڭ تارىخىدا قانۇنىنىڭ ئۈستۈنلىكى نۇقتىسىدا تارىخىمىزدىكى يۈزى يورۇق بەتلىرىگە ئوخشىغان بىرەر بەت بارمىدۇ؟

## خىلاپەت ۋە سەلتەنەت

«ئاللاھ قا قەسەم قىلىمەنكى، مەن خەلىپىمۇ ياكى سۇلتانمۇ ھېچ بىلەلمىدىم. ئەگەر سۇلتان بولسام ۋاي ھالىمغا!...»

- ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

رەسۇلۇللاھ ئەگەر تولۇق ئەمەل قىلىپ ئىجرا قىلسا سەلتەنەتنىڭ ھېچقانداق بىر تۈرىگە ئۆتۈپ كېتىشكە يول قويمايدىغان بىر ئۆرنەك ھاكىمىيەت شەكلىنى مىراس قالدۇرغاندى. بۇ ئۈلگىلىك ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجرائاتلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

نەبەۋى خىلافەت سالىھ ئەمەللەر ئۈستىدە يۈكسەلگەن ئىدى. راشىد ۋە مۇرشىد خەلىپىلەر دەۋرىدە ھېچكىم رەسۇلۇللاھ قويۇپ قويغان بۇ سىستېمىغا دەخلى قىلىشقا، سىستېمىنىڭ ئۇلىنى لىڭشىتىشقا ۋە سەلتەنەتنى تىكلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. مۇرشىد خەلىپىلەر بۇنداق بىرەر ئەھۋالنى سەزگەن ھامان قارشى تۇراتتى ۋە ياكى جازالايتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەنى سەئىد ساقىفەسىدە ساھابىلارنىڭ بەيئىتى بىلەن خەلىپىلىككە سايلانغاندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭ قولىدىن خەلىپىلىكنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋېلىشقا پېتىنالمىدى. گەرچە سەئىد بىن ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش بەيئەت قىلمىغانلار چىققان بولسىمۇ لېكىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

خەلىپىلىكىگە قارشى ھەرىكەتكە تەشەببۇس قىلمىغان ئىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بارلىق كۈشكۈرتىشلەرگە قارشى ئۇممەتنىڭ تاللىشىغا ۋە قوبۇل قىلىشىغا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇردى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سايلىمى ناھايىتى خەتەرلىك بىر مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلدى ۋە كەسكىن بىر سايلام بولغان ئىدى. بۇ سايلامنىڭ بىر ئۇسلۇب تەرىقىسىدە كېيىنكىلەرنى باغلىمايدىغانلىقىنى بۇخارى نەقىل قىلغان ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدىن بىلەلەيمىز:

« ئەگەر ئۇ ۋاقىتتا بۇنداق قىلىپ كەسكىنلىك بىلەن خىلاپەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋەتمىگەن بولسام، مەجلىسنىڭ سۆزنى ئۇزارتىپ، كېچەش بىلەنلا ۋاقىتنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋېتىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىدى. بۇ ئەھۋالدىمۇ نەتىجىگە رازى بولۇش بىزگە بەكمۇ تەس كەلگەن بولاتتى ۋە ئىزىغا چۈشۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ھادىسىلەرگە دۇچ كەلگەن بولاتتۇق.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ بىر قېتىمدىلا ھەل قىلىنىشى بۇنىڭ كەلگۈسىدە ئومۇمىيۈزلۈك بىر قائىدىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى تەقەززا قىلمايدۇ. ھازىر سىز ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان زاتنى قەيەردىن تېپىپ سايلايسىز؟ مۇسۇلمانلارنىڭ كېڭىشى بولماستىن بىرسى چىقىپ باشقا بىر شەخسكە بەيئەت قىلماقچى بولسا بۇنداق ئەھۋالدا بەيئەت قىلغۇچى ھەم ئۆزىنى ھەم بەيئەت ئالغان كىشىنىڭ گورىنى تەييار قىلغان بولىدۇ ».[4]

بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ھەزرىتى ئۆمەر ئىسلامى سىياسەت پرىنسىپلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرىگەن ۋە بۇنى كاپالەتكە ئىگە

[4] ئىبنى قۇتەيبە، « ئەل ئىمامە ۋەس سىياسە »، 41 / I. ئىبنى ھاجەر، « فەتھۇل بارى »، ھ. نۇمۇرى 6830. XII/148,149

قىلىش ئۇچۇن شۇراغا (كېڭەشكە) تايانغان بىر باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇۋاپىق كۆرگەن ئىدى. ھەتتا شۇرا تۈزۈمىنى بۇزىدىغان قىلمىشلارنى ئەڭ قاتتىق شەكىلدە جازالاشنى تەۋسىيە قىلىپ، ۋارىسلىققا تايانغان سەلتەنەت يولىنى ئېتىپ تاشلىغان ئىدى. ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ خەلىپىلىككە نامزات بولۇشىنى مەنئى قىلىشى ۋارىسلىق تۈزۈمىگە تايانغان سەلتەنەت سىستېمىسىغا قارشى قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزىنى «خەلىپە» قىلىپ تىكلىمەكچى بولغانلارغا ھەزرىتى ئەلى: «بۇ ئىش بۇنداق بولمايدۇ، سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىش ھوقۇقىڭلار يوق. خەلىپىنىڭ سايلىنىشى شۇرا ئەھلى ۋە بەدر ئەھلىگە تەئەللۇقتۇر. ئۇلار كىمنى خەلىپە قىلىشنى خالىسا شۇ خەلىپە بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

بۇ ئىبنى قۇتەيبەنىڭ رىۋايىتى ئىدى. تابەرى ھۇسەيىن بىن ئەلىدىن ئوخشاش بىر ۋەقەنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندە دادام بىلەن بىرلىكتە ئۆيىگە كەلدۇق. رەسۇلۇللاھنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا كېلىپ مۇنداق دېدى: بۇ ئادەم (ھەزرىتى ئوسمان) ئۆلتۈرۈلدى. شۈبھىسىز ئىنسانلارغا بىر ئىمام (يېتەكچى) لازىم. باشقۇرۇش ئىشىدا سەندىنمۇ ياخشىراق ۋە رەسۇلۇللاھقا تۇققانچىلىقتا سېنىڭدىنمۇ يېقىنراق بىرىنى تاپالمايمىز.

- بۇنداق دېمەڭلار. مېنىڭ ۋەزىرلىكىم ئەمىرلىكىمدىن تېخىمۇ ياخشىراق.

- ياق. ئۇنداق ئەمەس. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ساڭا بەيئەت قىلىمىز.

- بەيئەت مەسجىدتە، خەلقنىڭ ھۇزۇرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ رازىلىقى بىلەن بولىدۇ. ھەرگىزمۇ خۇپىيانە بولمايدۇ»[5].

---

[5] تابارى، تارىخ، IV/427

بۇنىڭــدىن شــۇنى كۆرۈۋېلىشــقا بولــدۇكى، ھەزرىتــى ئەلــى مۇسـۇلمانلارنىڭ ئۇنـىڭ خەلىـپە بولۇشـىنى خالايـدىغانلىقىنى بىلـگەن بولســمۇ، شــۇرانى زوراۋانلىققــا ئايلاندۇرۇۋېتــدىغان كىچىــك بىــر ئىپھتىماللىقىمۇ پەرۋرسـەت بەرمـگەن. ئۆزىـدىن كېيىن ئـوغلى ھەسـەنگە بەيئەت قىلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەنلەرگىمۇ بۇنـىڭ ئۇممەتنىـڭ كېڭىشــى بىــلەن ھەل قىلىنىــدىغانلىقىنى تەكىــتلىگەن ۋە باشــتىكى پوزىتسىيىسىدىن ۋازكەچمىگەن.

ئوغۇللىرىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋەسىيەت قىلغاندا بىر زاتنىڭ:

- ئەي ئەمىرۇل مـۇئمىنىن، نېمىشـقا ۋەلىئەھـدى (تەخـت ۋارىسـى) تەيىن قىلمايسىز؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىدى:

- مەنمـۇ مۇسـۇلمانلارنى رەسـۇلۇللاھ قويـۇپ قويغانـدەك قويـۇپ قويىمەن.[6]

«ئەلبىــدايە» مــۇئەللىپى نەقىــل قىلغــان بــۇ رىــۋايەتتىن ۋە باشــقا خۇلافائىي راشىدىنلارنىڭ ئىجرائاتلىرىدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلىپە سـايلاش «شـۇرا» ئـارقىلىق مۇسـۇلمانلارنىڭ رازىلىقـى بىـلەن بولىـدۇ. دادىــدىن ئوغلىغــا ۋارىســلىق يــولى بىــلەن قالمايــدۇ. يەنە كېلىــپ خەلىپىلىكنى زورلۇق بىـلەن ئىگەللىـۋېلىش، كـۈچ ئىشـلىتىپ بـۇ ماقامغا ئولتۇرۇۋېلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىگىمۇ كېلىپ قالىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

سـەلتەنەت بىــلەن خىــلاپەت ئوتتۇرىســىدىكى پەرقنــى ســاھابىلەر ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى مەسرۇق بىـن ئەجـدا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

---

[6] ئىبنى كەسىر، ئەل بىداية ۋەن نىهاية، 14 / VIII

«ئىمـــامەت (يېتەكچىلىـــك) كـــېڭەش ئـــارقىلىق ھەل قىلىنىـــدۇ. پادىشـاھلىق قىلىچنىـــڭ كـۈچى ئـارقىلىق قولغـا كەلتۈرۈلــدۇ»[7] دەپ تەرىپلىگەن ئىدى.

يەنە ســـاھابىلارنىڭ خـــىلاپەت ۋە ســـەلتەنەت چۈشەنچىســـىنى ئىســپاتلايدىغان بـۇ سـۆزلىرىنى ئىـبىن سـەئىدنىڭ «تاباقـات» نـاملىق كىتابىدىن نەقىل ئالايلى:

ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن سالمان فارىسى ئارىسىدا مۇنداق بىـر سـۆھبەت بولۇپ ئۆتكەن:

- مەن خەلىپىمۇ ياكى سۇلتانمۇ؟

- ئەگەر سەن مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىدىن بىر دەرھەم چاغلىق نەرسىنى قانۇنسىز (ھەققىـڭ بولمىغـان تۇرۇقلـۇق) ئېلىۋالسـاڭ ۋە بۇنىمـۇ كەيپىـڭ ئۈچـۈن خەجلىسـەڭ ئـۇ چاغـدا سۇلتانسـەن. بۇنىـڭ ئەكسـىچە بولسـا خەلىپىسەن.

بۇ سۆزلەر ئۆمەرنى يىغلاتتى. بىر كۈنى ئۆمەر دېدىكى:

- ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى مەن خەلىپىمۇ، سۇلتانمۇ بىلەلمىدىم. ئەگەر سۇلتان بولسام ۋاي ھالىمغا.

بـۇ سـۆزدىن كېيىـن ئـۇ يەردىكـى بىـرى بىـلەن ھەزرىتـى ئۆمەرنىـڭ ئارىسىدا مۇنداق بىر دىئالوگ بولۇپ ئۆتتى:

- ئەي مۇئمىنلەرنىـڭ ئەمىـرى! خەلىپىلىـك بىـلەن سـەلتەنەتنىڭ ئارىسىدا بەك چوڭ پەرق بار، دېدى. ئۆمەر سورىدى:

- قانداق پەرق بار؟

- خەلىـپە ھەققـى بولمـاي تـۇرۇپ قانۇنسـىز ھالـدا ھېچقانـداق بىـر نەرسـىنى ئالالمايـدۇ، خەجلىيەلمەيـدۇ. ھەققـگە مۇۋاپىـق شـەكىلدە خىراجەت قىلىدۇ. ئاللاھ قا ھەمدۇسانالار ئېيتىمىزكى، سەنمۇ مۇشـۇنداق

[7] ئىبنى سەئىد، تاباقات، IV/113

قىلىۋاتسەن. پادىشاھ خەلققە زۇلۇم قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ مېلىنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ. باشقىلارغا بېرىۋېتىدۇ. ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيدۇ[8].

راشىد ۋە مۇرشىد خەلىپىلەر بەيتۇلمالنى ئۈممەتنىڭ ھەققى دەپ قوبۇل قىلغان ۋە بۇ خۇسۇستا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئىدى. ھەتتا ھەزرىتى ئوسمانمۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن بەزى ئىجرائاتلاردا بۇرۇنقىلارنىڭ قىلغانلىرىنى ئۆرنەك كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىغانلارغا ئۇلارنىڭ زىيادە ئەستايىدىل بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە شۇرانىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن يىللىق 4000 دەرھەمگە يېتىدىغان مائاش بېكىتىلگەن ئىدى. ئەمما ۋاپات بولغاندا مىراسىدىن 8000 دەرھەمنىڭ بەيتۇلمالغا قايتۇرۇلۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى ۋەسىيىتى ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياتچان مۇئامىلىسىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. يەنى ئالغانلىرىنى ھەسسىلەپ قايتۇرغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى مۇئاۋىيەگە ئوخشاش خەلققە پۇل ۋە ھەدىيە تارقىتىش ئارقىلىق ئۆزىگە تەرەپتار يىغىشنى تەۋسىيە قىلغان تەكلىپلەرنى شىددەت بىلەن رەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

- سىلەر بۇ شەكىلدە قانۇنغا (شەرىئەتكە) ئۇيغۇن بولمىغان ۋە قاملاشمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئىشىمنى ھەل قىلىشىمنى ئارزۇ قىلىۋاتىسىلەر، شۇنداقمۇ؟

يەنە ھەزرىتى ئەلىنىڭ قېرىندىشى ئاقىل بەيتۇلمالدىن پۇل سورىغان ۋاقىتتا: «بۇ نېمە گەپ! سېنىڭ قېرىندىشىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىنى ساڭا بېرىپ ئۆزى جەھەننەمنىڭ يولىنى تۇتسۇن، شۇنداقمۇ؟» دەپ رەت

---

[8] ئىبنى سەئىد، تاباقات، III/306,307

قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشچىلىقنى ساقلاپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەھلى بەيتتىكى ئىككى كىشى ئىسيان قىلغان شام قوشۇنى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن[9].

راشىد خەلىپىلەرنىڭ دۆلەت غەزىنىسى ھەققىدىكى ئېھتىياتچان مۇئامىلىسىگە مىسال سۈپىتىدە يەنە نۇرغۇن ئۆرنەكلەرنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئادالەتنىڭ ئۈستۈنلىكى ھەققىدىكى ئىنچىكىلىكى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان خۇلافائىي راشىدىنلارمۇ بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا يول قويمىغانىدى.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇ يۈسۈپنىڭ «كىتابۇل ھاراج» ناملىق ئەسىرىدە تولىمۇ مەنىلىك بىر مىسال نەقىل قىلىنغان:

ھەزرىتى ئۆمەر ھەج مەۋسۈمىدە ھەجگە يىغىلغان ۋالىيلىرىنى يىغىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئى ئىنسانلار! ۋالىيلىرىمىزنى سىلەرگە ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلسۇن دەپ ئەۋەتتىم. ئۇلارنى سىلەرنىڭ قېنىڭلارغا، تېنىڭلارغا ، مېلىڭلارغا چېقىلسۇن دەپ ئەۋەتمىدىم. كىمنىڭ ھەققى دەپسەندە قىلىنغان بولسا ئورنىدىن تۇرسۇن!».

ئۇ كۈنى بىرسى ئورنىدىن تۇردى ۋە دېدىكى:

- سېنىڭ ۋالىيىڭ مېنى يۈز قامچا ئۇردى. ئۆمەر:

- ئۇنى تېپىپ، ئالدىمغا ئېلىپ كەل. مەنمۇ ئۇنى يۈز قامچا ئۇرىمەن، دېدى.

ئامر بىن ئاس ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆزىنى مۇنداق ئاقلىدى:

---

[9] تاباری، تاریخ، III/209

- ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى، سىنىڭ ۋالىيلارغا قارىتا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭ كېيىنچە بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە ۋالىيلارغا ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

- ئاللاھ قا مەدھىيەلەر بولسۇنكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ھەد قويغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدىغان ئىش ئامىرلارغا ئېغىر كېلەمدىكەن؟ دېدى ۋە دەۋاگەرگە قاراپ: ئورنۇڭدىن تۇر ۋە قىساسىڭنى ئال! دېدى.

- ئۇنداقتا بولدى قىل، ئۇنى رازى قىلايلى.

- بۇ ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىش.

دەۋاگەرنى ھەر قامچىغا 2 دىنار ئالتۇن تۆلەم بېرىش ئارقىلىق رازى قىلغان بولدى[10].

راشىد خەلىپىلەر بۇ ئەستايىدىللىقنى جاھىلىيەت ئەسەبىيتى (قەبىلەۋازلىق/تەرەپبازلىق) نىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقماسلىقى ئۈچۈن كۆرسەتكەنىدى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ رەت قىلغان «جاھالەت ئەسەبىيتى» يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ زېھنىدىن تېخى تامامەن تازىلانمىغان بولۇپ، بۇ خىل ئەسەبىيەت چۈشەنچىسى ھەر قانداق بىر يەردە پۇرسەت تاپسىلا زېھنىدىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلىنىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ھالەتتە ئىدى.

ئەسەبىيەت ئۇلارنى غەلىتە مۇئامىلىلەرگە مۇپتىلا قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ۋە راشىد خەلىپە زامانىدا مۇسۇلمانلارغا جەڭ ئېلان قىلغان قەبىلىلەر «ئۇلۇسچىلىق» يەنى «قەبىلەۋازلىق» شەنىگە جەڭ قىلىشاتتى. ئۆز دەۋرىنىڭ «قەبىلەۋاز» ئەرەبلىرىنىڭ ئەپسانىۋى داھىيسى ئەبۇ جەھىل ئىدى. چۈنكى، ئەبۇ جەھىلنىڭ رەسۇلۇللاھقا قارشى قىلغان كۈرىشىنىڭ

---

[10] ئەلقازى ئەبۇ يۇسۇپ، « كىتابۇل ھاراج »، 116 ـ بەت

ھەل قىلغـۇچ ئــاملى «دىنىنــى ھىمــايە قىلىــش قايغۇســى» ئەمەس «قەبىلەۋازلىق» ئىدى.

بۇ ھەقتە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى نەقىل كىشىنى ئويغا سالىدۇ:

- ئى ئەبەل ھەكەم! ئەمدى ئاللاھ قا ۋە رەسۇلىغا قايتقىن. سىنى ئاللاھ قا ئىمان ئېيتىشقا تەكلىپ قىلىمەن، - دىدى. ئەبۇ جەھىل:

- ئى مۇھەممەد! ئىلاھلىرىمىزنى چۈشۈرىدىغان ئىشتىن قولۇڭنى تارتامسەن؟ سەن پەقەت يەتكۈزگەنلىرىڭگىلا ئىشىنىشىمىزنى تەلەپ قىلامسەن؟ ئۇنداقتا، بىزمۇ سىنىڭ يەتكۈزگەنلىرىڭگە شاھىت بولىدۇق. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سۆزلىگەنلىرىڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلسەم ساڭا ئەگىشەتتىم، - دىدى.

رەسۇلۇللاھ كەتتى. بۇ ئەسنادا ھەزرىتى ئەلى چىقىپ كەلدى. ئەبۇ جەھىل:

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. پەقەت ماڭا توسالغۇ بولغان بىر ئىش بار. قۇسەي ئوغۇللىرى ھىجابە (كەبە يوپۇقى) بىزدە، سىكايە (ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش) بىزدە، لىۋا (بايراق) بىزدە دېيىشىدۇ. بۇلارنى قوبۇل قىلىمىز. ئۇلار يېگۈزۈپ - ئىچكۈزگەن بولسا بىزمۇ قىلدۇق. ئۇلار نېمە ئىش قىلسا بىز تېخىمۇ ئاشۇرۇپ قىلىشقا تىرىشتۇق. بۇ قېتىم ئۇلار «پەيغەمبەر»مۇ بىزدىن چىقتى دەۋاتىدۇ. مانا بۇنىڭغا چىدىيالمايمەن، - دىدى.

«قەبىلەۋاز» ئەبۇ جەھىلنىڭ نەسەببازلىقتا تايانغان دۈشمەنلىكى ئۇنىڭغا ئەبەدىي ئازاپتىن باشقا بىر نەرسە ئېلىپ كېلەلمىدى. رەسۇلۇللاھ ئىنسانلار بىلەن خەلقنىڭ ئارىسىدا يامرىغان بۇ تۈيغۇنى شىددەت بىلەن لەنەتلىدى، قارشى تۇردى ۋە يوقىتىشقا تىرىشتى. راشىد خەلىپىلەرمۇ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى.

ئەرەبلەر ئارىسىدىكى «ئەسەبىيەت» تۇيغۇسىنىڭ ئۇلارنى قانداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى تابارى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: تەلھا ئەننەمرى ئىسىملىك بىرسىنىڭ مۇسەيلىمە بىلەن ئېلىپ بارغان دىئالوگى مۇنداق:

- سەن مۇسەيلىمەمۇ؟
- شۇنداق.
- سېنى كىم ئەۋەتتى؟
- راھمان.
- يورۇقلۇقتا كەلدىڭمۇ قاراڭغۇلۇقتىمۇ؟
- قاراڭغۇلۇقتا.

ئادەم مۇسەيلىمەنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- مەن شاھادەت ئېيتىمەنكى، سەن يالغانچىسەن ۋە مۇھەممەد ھەقتۇر. لېكىن بىزگە رەبىئا (قەبىلىسى) نىڭ يالغانچىسى مۇدار (قەبىلىسى)نىڭ سادىقلىرىدىن تېخىمۇ سۆيۈملۈكتۇر[11].

ئۇ ئادەمنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، «قەبىلەۋازلىق» قىلىپ مۇسەيلىمە بىلەن بىرلىكتە ئىسلام قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ مۇسەيلىمە بىلەن بىرگە ئۆلۈشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خىلاپەتلىكى ۋاقتىدا بۇ خىل كۆلگە ئايلانغان تۇيغۇلار بەزىلەر تەرىپىدىن پۈۋدىلىپ ئۇچقۇنغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتى بىلەن ھەزرىتى ئەلىگە خەلىپىلىكنى زورلۇق بىلەن ئېلىشقا كۈشكۈرتكىنىدە، ھەزرىتى ئەلى:

«سىلەرنىڭ بۇ ھەرىكىتىڭلار ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا تالاپەت ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ تەكلىپنى رەت قىلىدۇ[12].

---

[11] تابارى، تارىخ، III/286

دەسلەپكى ئىككى خەلىپە بۇ مەسىلىگە شۇنداق ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلدىكى، ئۆز قەبىلە ۋە ئائىلىسىدىن ھېچكىمگە ھوقۇق تۇتقۇزمىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىدىن كېيىن خەلىپە بولۇش ئېھتىمالى بولغانلارنى يىغىپ چاقىرىپ، ئۇلارغا ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەبىلە ئەزالىرىغا ئىمتىيازلىق مۇئامىلىدە بولماسلىقى ھەققىدە نەسىھەت قىلغانىدى. بىر قېتىم ھەزرىتى ئۆمەر سەكراتتىكى ۋاقتىدا ئۆزىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ چەكلىگەن ئەسەبىيەتنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ ھەزرىتى ئۇسمان، ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى سەئىد بىن ئەبى ۋاققاسنى چاقىرىپ ھەر بىرىگە مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى:

- ئى ئەلى، ئەگەر ئىنسانلارغا يېتەكچى بولۇش مەسئۇلىيىتى سېنىڭ زىممەڭگە ئارتىلسا بەنى ھاشىم (ئۆز قەبىلەڭ)دىكى كىشىلەرنى ئىنسانلارغا مەسئۇل قىلىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلە!

- ئى ئۇسمان، ئەگەر ئاۋامنى سەن باشقۇرىدىغان بولۇپ قالساڭ، ئەبۇ مۇئايت (ئۇمەييە) ئوغۇللىرىنى ئىنسانلارغا مەسئۇل قىلىپ قويۇشتىن ئۆزەڭنى تارتقىن!

- ئى سەئىد، ئەگەر باشقۇرۇشنى سەن قولۇڭغا ئالساڭ تۇققانلىرىڭنى ئىنسانلارنىڭ بېشىغا باشلىق قىلىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلە!

- قېنى تۇرۇڭلار ۋە مەسلىھەت قىلىڭلار. ئاندىن مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئادا قىلىڭلار. كىشىلەرگە نامازنى سۇھەيب ئوقۇپ بەرسۇن[13].

بۇ مەسىلىدىكى توغرا بولغان ئەندىشە ۋە يىراقنى كۆرەرلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۆۋەندىكى رىۋايەت كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن:

---

[12] تاباری، تارىخ، V/330

[13] تاباری، تارىخ، IV / 192

ھەزرىتى ئۆمەر ئابدۇللاھ بىن ئابباس ۋە ھەزرىتى ئوسمان يېنىدا بولغان بىر كۈنى مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئەگەر مەندىن كېيىن قايسى بىرىڭلار ئورنۇمغا كەلسەڭلار قاتتىق دىققەت قىلىڭلار. بەنى مۇئايىتى (ئۇمەييە ئوغۇللىرى) ۋە قەبىلە ئەزالىرىنى خەلقنىڭ گەدىنىگە مۇسەللەت قىلماڭلار. بۇلار بىر قېتىم خەلققە مۇسەللەت بولىدىمۇ، ئاللاھ قا قارشى ئىتائەتسىزلىك يولىغا مېڭىشى مۇمكىن. قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇنى ئېيتمىسام ئوسمان مۇشۇنداق قىلىپ سېلىشى مۇمكىن. ئوسمان مۇشۇنداق قىلىپ سالسىلا بۇلار خالاپ - خالىماي گۇناھ يولىنى تۇتىدۇ. خەلقمۇ قوزغىلىدۇ ۋە ئوسماننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولىدۇ»[14].

رەسۇلۇللاھنىڭ «ئۇ سۆزلەتكۈزۈلگەنلەردىن» دېگىنىدەك ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يىراقنى كۆرۈرمەنلىكىگە ھەيرانۇھەس بولماسلىق ئىلكىمىزدە ئەمەس.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىكى بىلەن ۋەقەلەر باشقىچە بىر يولغا كىرىپ قالدى. ھەزرىتى ئوسمان يېقىن تۇققانلىرىنى مۇھىم ئورۇنلاردا ھوقۇق تۇتقۇزۇشقا باشلىغاندا ئالدىنقى ئىككى خەلىپىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇئامىلىسى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى ئارىسىدىكى پەرقنى مۇنداق ئىزاھلىغان ئىدى:

---

[14] ئىبنۇ ئابدىل بەررىنىڭ «ئەل ئىستىئاب» ناملىق ئەسىرىدە نەقىل قىلىنغان بۇ رىۋايەت ۋە بۇنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىدىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ «خەلىپىلىك» ماقامى ھەققىدە ئۇمەييە ئوغۇللىرىغا قارشى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا بۇ شەخس (يەنى ھەزرىتى ئۆمەر)نىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان قەبىلىگە مەنسۇپ مۇئاۋىيە بىن ئەبى سۇفياننى شام ۋالىيلىقىغا تەيىنلىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋالىيلىرى ئۈستىدىكى قاتتىق تەپتىشنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەزرىتى ئەلىنىڭ بىر ۋەسىلە بىلەن ھەزرىتى ئوسمانغا ئېيتقىنىدەك «ئۆمەرنىڭ قۇلى، مۇئاۋىيە ئۆمەردىن قورققاندەك قورقمايتتى».

«ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر بەيتۇلمال ھەققىدە ھەم ئۆزلىرىنى ھەمدە تۇققانلىرىنى قىيىنچىلىقتا قويدى. ئەمما مەن سىلەئى - رەھىمنى تاللايمەن»[15].

سىلەئى - رەھىم توغرىسىدا تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان ھەزرىتى ئوسمان خەلىپە بولغاندىن كېيىن ئالدىنقى ئىككى خەلىپىنىڭ سىياسىتىنىڭ ئەكسىچە يېقىنلىرىنى يېنىغا تارتتى. مەسىلەن مەرۋان بىن ھەكەمگە ئافرىقىدىن كەلگەن غەنىمەت ماللىرىنىڭ خۇمۇسى (بەشتەن بىرى) بولغان 500 مىڭ دىنارنى ھەدىيە قىلغان ئىدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئافرىقىدىن كەلگەن تۇنجى خۇمۇسنى ئىبنى ئەبىي سارھقا بەرگەنلىكىنى داڭلىق تارىخچى ئىبنى جەرىر نەقىل قىلىدۇ. ھەزرىتى ئوسمان بۇ سەۋەبتىن ساھابىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان ئىدى. يېقىنلىرىنى دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئاپاراتلىرىغا تەيىنلىشى ساھابىلەر ئارىسىدا نارازىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. سەئىد بىن ئەبى ۋاققاسنى كۇفە ۋالىيلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئورنىغا ئانا بىر قېرىندىشى بولغان ئۇقبە بىن ئەبى مۇئايتنى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا بىر تۇققىنى بولغان سەئىد بىن ئاسنى ۋالىي قىلغان ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىنى بەسرە ۋالىيلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئانا بىر قېرىندىشى بولغان ئابدۇللاھ بىن ئامىرنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. مىسىر ۋالىيلىقىغا ھەزرىتى ئامىر بىن ئاسنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ سۈت قېرىندىشى بولغان ئىبن ئەبى سارھنى ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە مۇئاۋىيە پەقەتلا شام ۋىلايىتىگە قارايتتى. ھەزرىتى ئوسمان ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ خۇمۇس، پەلەستىن، ئىئوردانىيە ۋە لىۋانلارنىمۇ ئۇنىڭغا بەردى.

---

[15] ئىبنۇل ئەسىر، ئەلكامىل، 49 ـ 48 / III؛ ئىبنى سەئىد، تاباقات، 64 / III

بۇ تەيىنلەشلەر خەلقنىڭ نەزىرىدە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلغانىدى. پەقەت خەلقلا ئەمەس، ساھابىلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىمۇ كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى پۇرسەت تاپسىلا تىلغا ئېلىپ تۇراتتى. كۇفە ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋەلىد بىن ئۇقبە ۋە سابىق ۋالىي سەئىد بىن ئەبى ۋاققاس ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى دىئالوگ «تۇلەقا» بىلەن «سابىقۇن» ئارىسىدىكى سىياسەت پەلسەپىسىنىڭ نەقەدەر پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە:

- بىزدىن كېيىن بۇ مەملىكەتنى سەن تېخىمۇ بەلەن ئىدارە قىلامسەن؟ ئەجەبا سەن بىزدىن تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە تېخىمۇ بىلىملىكمۇ؟ ياكى بىز سەندىنمۇ بەك قارا قورساق ياكى ئەخمەق ئىنسانلارمۇ؟

- ئى ئەبۇ ئىسھاق (سەئىد بىن ئەبۇ ۋاققاس)، ئەندىشە قىلما، بۇ بىر سەلتەنەتتۇر. ئەتتىگىنى بۇ سەلتەنەتنىڭ تەمىنى باشقا بىرى تېتىيدۇ، ئاخشامدا باشقا بىرى.

- سىلەرگە بۇ سەلتەنەتنىڭ تەمىنى تېتىتقانىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىمىز[16].

مەزكۇر مەنبەدە بۇنداق نارازىلىق قىلغانلارنىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئىبىن مەسئۇدنىڭمۇ شۇلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ نارازىلىقنىڭ تېگىدە ياتقان ئاساسلىق سەۋەب، ھەزرىتى ئوسماننىڭ تۇققانلىرىنى ھاكىمىيەت بېشىغا كەلتۈرۈشىلا بولۇشى ناتايىن. بۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنچە كۆپ ئىنسانلارنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىنى ئىزاھلاپ بېرەلمەيدۇ. بىزنىڭچە ئەسلى سەۋەب ئىدارى ئورگانلاردا ھوقوق تۇتقان بۇ كىشىلەرنىڭ ساھابە ۋە خەلقنىڭ نەزىرىدىكى ئەھۋالى ۋە سادىر قىلغان خاتالىقلىرى ئىدى.

---

[16] ئىبنۇ ئابدىل بەررى، « ئەل ئىستىئاب »، III / 596.

بۇ مەسىلىنىڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئىسىملەردىن بىر قانچىسىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئورۇنلاردىكى ئىدارى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئۇمەييە جەمەتىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى «تۇلەقا»لاردىن ئىدى. تۇلەقا رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرى بىلەن ئاخىرىغىچە تىركىشىپ، فەتھەتىن كېيىن كەچۈرۈم قىلىش تەلەپلىرى رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن قوبۇل كۆرۈلگەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلامغا تەسلىم بولغانلارغا بېرىلگەن ئىسىم ئىدى. تۇلەقا دېيىلگەندە بەنى ئۇمەييەنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشلىرىدىن مۇئاۋىيە، سەئىد بىن سارھ، ۋەلىد بىن ئۇقبە، مەرۋان بىن ھەكەملەر ئەڭ باشتا ئەقلىمىزگە كېلىدۇ. تۇلەقادىن بولۇپ قېلىشنىڭ ئۆزىلا ئەيىبلەش ئۈچۈن يېتەرلىك سەۋەب ئەمەس. ئەسلى مەسىلە ئۇلارنىڭ خەلىپىنىڭ يېقىن تۇققانلىرىدىن بولۇشلىرى ۋە ياكى «تۇلەقا»دىن بولۇشى ئەمەس ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بىر قوللۇق تەربىيىسىدىن ئۆتكەن كەرەملىك ساھابىلەر ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى تۇلەقا بولغانلىقلىرى ئۈچۈنلا يەكلىمىگۈدەك دەرىجىدە تولغان كىشىلەر ئىدى. يەنە كېلىپ سەئىد بىن ئەبى ۋەققاس، ھەزرىتى ئائىشە، ھەزرىتى تەلھا، ھەزرىتى زۇبەيىر بىن ئەۋۋام، ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى ئابدۇللاھ بىن مەسئۇدقا ئوخشاش تاللانغان ساھابىلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ئاددى بىر سەۋەبتىنلا ھەزرىتى ئوسماننى تەنقىدلەش ۋە ئۇنىڭدىن خوشنۇتسىز بولۇشتەك تۇيغۇلارغا كېلىپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەسھابقا مۇنداق بىر نەرسىنى نىسبەت قىلىش ھەرگىزمۇ توغرا بولمايدۇ. ئەسلى سەۋەب سابىكۇندىن، يەنى بەدىر ئەھلىدىن بولغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تىزى ئالدىدا يېتىشىپ، ئۇنىڭ تەربىيىسىدىن ئۆتكەن ئىنسانلار تۇرغان يەردە «تۇلەقا»لارنىڭ دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىدارى ماقاملىرىدا ۋەزىپىگە

قويۇلىشى بولۇپ، بۇلارمۇ ھەر سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ئۆزلىرىنى ئۇ ماقامغا كەلتۈرگۈچىلەرنى ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. بىز بۇلاردىن ئۈچ كىشىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقايلى:

## 1. ئابدۇللاھ بىن سەئىد بىن ئەبى سارىھ

بۇ زات (ئامىر بىن ئاسىنىڭ ئورنىغا مىسىر ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ ئاكىسى) ھەققىدە ئىسلام دىنىنىڭ تۈنجى مەنبەلىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇماتلار بار:

باشتا مۇسۇلمان بولدى، كېيىن ئىرتىدات ئەتتى (مۇرتەد بولدى). مۇرتەد بولۇشتىن بۇرۇن بىر مەزگىل رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەھيي كاتىپلىقىنى قىلىپ، ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇشىغا ئۆز كۆزى بىلەن شاھىت بولغان ئىدى. مۇرتەد بولغاندىن كېيىن بىلدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەككە مۇشرىكلىرىگە رەسۇلۇللاھنى مەسخىرە قىلىدىغان خام ماتېرىيال بولسۇن دەپ ئېيتىپ بەرگەن ۋە ئۆزىمۇ پۇرسەت تاپسىلا مەسخىرە قىلغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئەڭ كۆپ رەنجىتكەنلەردىن بىرى[17] ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ كىشى ھەققىدە: «كەبىنىڭ يوپۇقلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان تەقدىردىمۇ ئۆلتۈرۈڭلار!» دېگەنىدى. فەتھىتىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىپ ساقلىدى. مۇۋاپىق بىر ۋاقىتتا نەبىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئەپۇ قىلىشىنى

[17] «ئاللاھ قا يالغان چاپلىغان ياكى ئۆزىگە ھېچنەرسە ۋەھيي قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق ماڭا ۋەھيي قىلىندى دېگەن ياكى ئاللاھ نازىل قىلغاندەك مەنمۇ كىتاب نازىل قىلالايمەن دېگەن كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشىلەر بارمۇ؟»، ئەنئام، 93. ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ ئىبنۇ ئەبى سارىھ ھەققىدە نازىل بولغانلىقى، تابارىنىڭمۇ بۇ قاراشتا ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، سۇددىدىن مۇنۇلارنى نەقىل قىلىدۇ: ئىبنۇ ئەبۇ سارىھ دەيدۇكى: ئەگەر مۇھەممەدكە ۋەھيي كەلسە، ماڭىمۇ ۋەھيي كېلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ نازىل قىلغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ نازىل قىلغىنىغا ئوخشاش نازىل قىلدىم. مۇھەممەد «سەمىئۇن ئەلىم» دېدى، مەن «ئالىمۇن ھەكىم» دېدىم دەيتتى. «ئىبنى كەسىر»، تەفسىر، سابۇنى

ئۆتۈنۈپ، بەيئەتنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن يالۋۇردى. ئەمما رەسۇلۇللاھ ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. بۇ ئىلتىماس ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئىبنى ئەبى سارھنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىغا قاراپ:

- بەيئەت قىلىشتىن بۇرۇن ئېچىڭلاردىن بۇ ئادەمنى قەتلى قىلغۇدەك بىر ئادەم چىقمىدىمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇلارمۇ:

- بىز ئىشارىتىڭنى كۈتۈۋاتقان ئىدۇق، دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ بۇنىڭغا جاۋابەن:

- «بىر پەيغەمبەر ئىما بىلەن ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ، گەپنى ئوچۇق قىلىدۇ» دېدى[18].

ئىبنى ئەبى سارھنىڭ ئىسلامغا تەسلىم بولۇشى مانا مۇشۇنداق ئىدى.

## 2. مەرۋان بىن ھەكەم

بۇ زات ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، كېيىن خەلىپىنىڭ باش كاتىپى بولغانىدى.

دادىسى ھەكەم بىن ئەبىلئاس تۇلەقالاردىن ئىدى. فەتھتىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە كۆچتى. رەسۇلۇللاھ بۇ زاتنى تائىپقا سۈرگۈن قىلىپ ئۇ يەردە مەجبۇرى ئولتۇراقلاشتۇردى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنى سۈرگۈن قىلىش سەۋەبلىرى ئوخشىمىغان مەنبەلەردە ھەرخىل شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان. مەرۋان دادىسى ھەكەم مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنغاندا يەتتە ياشتا ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خەلىپىلىك مەزگىلىدە ھەكەمنىڭ مەدىنىگە قايتىش تەلىپى رەت قىلىندى. ئوخشاش ئىلتىماس ھەزرىتى ئۆمەرگىمۇ

---

[18] ئىبنى سەئىد، «تاباقات»، 11/141؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئەبۇ داۋۇت، سۇنەن، «بابۇل ھۇكم فىي مەن ئىرتەددە»؛ نەسائىي، سۇنەن، «بابۇل ھۆكۈم فىل مۇرتەد»؛ ھاكىم، مۇستەدرەك، «كىتابۇل مەغازى»؛ ئىبنى ھىشام، ئەسسىرە؛ ئىبنى ھەجەر، «ئەلئىسابە»

سۇنۇلدى، ئۇمۇ رەت قىلدى. ھەزرىتى ئوسمان خەلىپە بولغاندىن كېيىن ئاتا - بالىنىڭ مەدىنىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلدى.

دادىسى ھەكەمنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشكەن مەرۋان بىر مەزگىلدىن كېيىن خەلىپىلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ماقامىغا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. خەلق ئېغىنچە نەبىنىڭ جازاسىغا دۇچار بولغان ھەكەمنىڭ ئوغلىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلىگەن نۇرغۇن ساھابىلار بار تۇرۇغلۇق ئۇنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم بىر ئورۇندا ۋەزىپىگە قويۇلۇشىنى قوبۇل قىلالمىغان ئىدى. مەرۋان بىن ھەكەمنىڭ ئىجرائاتلىرىدا ھەزرىتى نائىلەمۇ ئېرىنىڭ بېشىغا بىر ئىش كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دائىم ئېرىگە مۇنداق دەيتتى:

- سەن مەرۋانغا ئىتائەت قىلغانسېرى ئۇ سېنى خالىغىنىچە ئوينىتىدۇ.

- قانداق قىلاي؟

- بىر بولغان ۋە شېرىكى بولمىغان ئاللاھ تىن قورقسەن ۋە سەندىن بۇرۇنقى ئىككى قېرىنداشلىرىڭنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشسەن. ئەگەر مەرۋانغا بويسۇنساڭ ئۇ سېنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەرۋاننىڭ ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ھۆرمىتى، ھەيۋىتى، مۇھەببىتى يوق. خەلق ئۇنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلى سېنى تەرك ئېتىدۇ. ئەلىگە خەۋەر ئەۋەت. ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلغىن. چۈنكى ئۇ ساڭا يېقىندۇر ھەمدە خەلق ئۇنىڭغا ئىسيان قىلمايدۇ[19].

تارىخى مەنبەلەر ئۇمەييە جەمەتى خەلىپىلىكنى چاڭگىلىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن خەلىپىلىك ماقامىغا ئولتۇرىدىغان مەرۋاننىڭ جەننەت بىلەن خوشخەۋەر بېرىلگەنلەردىن ھەزرىتى تەلھە

---

[19] تاباري، تاريخ، 327 - IV/326

ئۇبەيدۇللاھنى بىر ئوقيا بىلەن شىپھەت قىلغانلىقنى نەقىل قىلىشىدۇ. قىسقىسى، مەرۋان بىن ھەكەم ھەزرىتى ئوسماننىڭ سىياسەتكە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولغان بىر قانچە ۋەقەلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى كىشى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

## 3. ۋەلىد بىن ئۇقبە بىن ئەبى مۇئەيت

سەئىد بىن ئەبى ۋاققاس ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ئورنىغا ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئانا بىر قېرىندىشى كۇفە ۋالىسى بولدى.

بۇ زاتمۇ تۇلەقالاردىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زاكات مەمۇرى سۈپىتىدە مۇستالىق ئوغۇللىرى يۇرتىغا ئەۋەتكەنىدى. ئۇ بۇيرۇلغان يەرگە بارماستىن كەينىگە قايتىپ ئۆزىنىڭ قاتتىق ئەزىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ۋە مۇستالىق ئوغۇللىرىنىڭ زاكات بېرىشتىن قاچقانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ رەسۇلۇللاھنىڭ بەك ئاچچىقى كەلدى ۋە بۇ قەبىلىگە بىر قوشۇن ئەۋەتىشنى ئەمىر قىلدى. ئىسلام قوشۇنى مۇستالىق ئوغۇللىرىنىڭ يۇرتىغا ئاز قالغاندا مەسىلىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى ئايدىڭ بولدى. قەبىلە باشلىقى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇ كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى، ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلمىغانلىقىنى، زاكات يىغىش ئۈچۈن بىرسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ سەۋەبتىن مۇنداق ئايەت نازىل بولدى:

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر بىر پاسىق ئادەم سىلەرگە بىر خەۋەر ئېلىپ كەلسە (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار» (ھۇجۇرات، 6).

بۇ زات ئالدىنقى ئىككى خەلىپە دەۋرىدە بەزى كىچىك ۋەزىپىلەرگە قويۇلغاندىن سىرت باشقا ۋەزىپىلەرگە قويۇلمىدى. ھەزرىتى ئوسمان

خەلىپە بولغاندىن كېيىن سەئىد بىن ئەبى ۋاققاسنىڭ ئورنىغا كۇفەگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەندى. بۇ زات ھاراققا ئامراق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ھەممە تەرەپكە پۇر كەتتى. ساھابىلەردىن بەزىلىرى ھەزرىتى ئوسماننى ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن خەلىپە شۇرانىڭ قۇرۇلۇشىنى ئەمىر قىلدى. بۇ شۇرادا بېكىتىلگەن قارارلارغا ئاساسەن ئالاھىدە بىر جىنايەت مەھكىمىسى بېكىتىلدى. ھەزرىتى ئوسمان بىرىلىدىغان جازا ھەققىدىكى ئىشنى ھەزرىتى ئەلىگە ھاۋالە قىلدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭغا 40 دەررە ئۇرۇشقا ھۆكۈم قىلدى[20].

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا نەقىل قىلىنغان بۇ ۋەقەدىن مەلۇم بولغىنىدەك ھەزرىتى ئوسمانغا قارىتىلغان نارازىلىقلارنىڭ تەكتىدە ئەسلىدە بۇ زاتلارنىڭ مۇئامىلىسى ۋە قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن ئاۋام ئارىسىدا پەيدا بولغان ئىشەنچسىزلىك بار ئىدى. بەزى تارىخچىلار نەبەۋى خىلاپەتنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئېغىر يارا ئېلىشىغا ۋە خىلاپەت چۈشەنچىسىدە ئېغىپ كېتىشىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب سۈپىتىدە شام ۋالىيسى ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ 12 يىل بۇ رايوندا ناھايىتى كەڭ ھوقوققا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولغاندا، نارازىلىق پىكرى چۈشەنچىدىن ھالقىپ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانغاندى. مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ توپلاشقىدىن توغاچ ئوغرىلىماقچى بولغانلارنىڭ غەيرىتى بىلەن ئىسلامدا تۇنجى پىتنە قوزغالدى ۋە خۇلەفائى راشىدىننىڭ ئۈچىنچىسى ۋە ساھابىلارنىڭ مۆتىۋىرى بولغان ھەزرىتى ئوسمان خىلاپەت خىزمىتى ئۈستىدە ھەمدە قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا پاساتچىلار تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. گەرچە ھەزرىتى ئەلى ۋە زەيد بىن سابىت

---

[20] بۇخارى، سەھىھ، كىتابۇ فەدائىلىس ساھابە، ھەدىس نۇمۇرى: 3696،3872،3927؛ مۇسلىم، سەھىھ، شەرھى نەبەۋى، كىتابۇل ھۇدۇد « ھاددۇل ھەمىر ».

قاتارلىق ساھابىلەر قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئىسلام سىياسەت تارىخىدا بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان بۇ ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى.

بۇنىڭدا ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئىسيانچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەكلىپگە قارىتا ئۇممەت ئارىسىغا قان ۋە نەپرەت كىرمىسۇن دېگەن ئالىيجاناپلىق بىلەن «ئەممەل قاتىل؟ فەلا! (ئۇرۇشمۇ؟ ياق!)...» دېيىشىنىڭ رولىمۇ چوڭ بولغانىدى. ئىسيانىڭ تۈنجى كۈنلىرىدە ھەزرىتى ئوسماننىڭ مۇنبەرگە چىقىشىنى راۋى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئوسمان كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىغا چىقتى. مۇنبەردە ئولتۇرۇپ يىغلىدى ۋە كىشىلەرمۇ يىغلاشقا باشلىدى. ھەتتا ئوسماننىڭ ساقىلىغا قارىسام ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: ئاللاھىم ساڭا تەۋبە قىلىمەن. (ئۇ كىشىلەرگە يۈزلىنىپ) ئەگەر ماڭا پۇرسەت يەنە بېرىلىدىغان بولسا ئۇنىڭدىن رازى بولىدىغان ياخشى بىر بەندە بولاتتىم. سىلەر بىلەن ئارىمىزدىكى توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلايتتىم. سىلەرمۇ (خەلىپە قونالغۇسىغا) ئۆيۈمگە خالىغىنىڭلارچە كىرىپ چىقاتتىڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى سىلەردىن قاچمايتتىم ۋە سىلەرنى رازى قىلاتتىم. مەرۋان ۋە ھەمرالىرىنى يىراقلاشتۇرغان بولاتتىم».

ئۇ ئۆيىگە كىردى، ئارقىسىدىن مەرۋان كىردى. توختىماي ئۇنى كۈشكۈرتتى. باشتىن ئاياغ ئوڭتەي- توڭتەي قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى ۋەدىلىرىدىن ۋاز كەچكۈزدى. كىشىلەر ئۈچ كۈن ساقلىدى. ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان خىجالەتتىن كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىغا چىقالمىدى[21]. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم

[21] تابارىدا ۋەقەنىڭ داۋامى مۇنداق بايان قىلىدۇ: « ھەزرىتى ئوسمان دېدىكى: مەن ئۇتانغانلىقىم تۈپەيلى كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىغا چىقالمىدىم. چىقىپ ئۇلار بىلەن سۆزلەشكىن. مەرۋان ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئىشىك ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئاياق باسقىدەك يەر قالمىغان ئىدى. مەرۋان ئۇلارغا مۇنداق دېدى: « نېمە بولدۇڭلار؟ خۇددى بۇ يەرگە بولاپ -

قىلىدىغان ۋەقە يۈز بەردى. ئىسيانچىلار ھەزرىتى ئوسماننى قەتلى قىلدى.

بۇ ۋەقە بىلەن ئىسلامنىڭ سىياسەت تارىخىدا بۇرۇن پەقەت سورالمىغان سوئاللار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇلاردىن بەزىلىرى: ئۈممەتنىڭ سايلىشى (بەيئىتى) بىلەن سايلانغان خەلىپىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغىلى بولامدۇ؟ قىلىچ ئارقىلىق خەلىپىنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمى نېمە؟... بۇلار سىياسىي پەلسەپىگە ئائىت سوئاللار ئىدى. بۇ ۋەقەنىڭ ئىنسانلار زېھنىدە قالدۇرغان ئىزلىرى كېيىن پەيدا بولىدىغان سىياسىي مەزھەپلەرنىڭ ئاساسى مەۋقەسىگە ئايلاندى.

ھەزرىتى ئوسمان ئەگەر بىر خەلىپە ئەمەس بەلكى بىر سەلتەنەتچى زوراۋان پادىشاھقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان بولسا شۈبھىسىزكى ئىسيانچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن يوللۇق ياكى يولسىز تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ، قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر ھاكىمىيەتنى قولىدا ساقلاپ قالغان بولاتتى.

ئۇ بىر سۇلتانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر شەھىرى بولغان مەدىنىگە ئۇرۇش ئوتى تۇتىشىپ ھەممە يەرنى قارا تۇمانلارنىڭ قاپلىشىغا، ساھابىلەرنىڭ جېنى، مېلى، شان - شەرىپى دەپسەندە بولۇشىغا پەرۋا قىلمىغان، كۆزى سەلتەنەتتىن باشقا بىر

---

تالاش ئۈچۈن كەلگەندەكلا، چىرايىڭلار تۈرلۈپ كېتىپتۇ. خۇددى ھەممىڭلار بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قۇلىقىدىن سۈرەپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەندەك تۇرىسىلەر. سىلەرنىڭ نېمە كويىدا ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىمەن. سىلەر سەلتەنەتىمىزنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭلار. دەرھال كۆزۈمدىن يوقۇلۇڭلار. ئەگەر ئۈستىمىزگە كېلىدىغان بولساڭلار، ئاغزىمىدىن چىقىدىغان بىر بۇيرۇق سىلەرگە دۇنيانى زىندان قىلىدۇ، كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرەلمەيسىلەر. كەمتۈك ئەقلىڭلار بىلەن قۇلاق كەستىلىك قىلماڭلار، كەلگەن يېرىڭگە قايتىش! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز قولىمىزدىكىنى قوغداشتىن ئاجىز كەپقالغىنىمىز يوق. « تابارى »، تارىخ، 4 ـ باپ 363 ـ 362 ـ بەت

نەرسىنى كۆرمىگەن بولاتتى. ئەمما ئۇ بۇنداق قىلمىدى. ھاياتى بەدىلىگە نەبەۋى خىلاپەتنىڭ ئاق يۈزىگە سەلتەنەت دېغىنى چۈشۈرمىدى. ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى بولغان ئادالەتتىن چەتنەپ كەتمىدى ۋە سەۋەبى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر زۇلۇمغا مايىل بولمىدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ قەتلى قىلىنىشى بىلەن نەبەۋى خىلاپەتكە قان تامچىسى يۇققان ئىدى. بەزىلەر جاھىلىيەت دەۋرىدىن قېلىپ قالغان قان دەۋالىرىنى داۋام قىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئوسماننىڭ قەتلى قىلىنىشىنى تېپىلماس بىر پۇرسەت دەپ بىلدى. ھەزرىتى ئەلى مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك بىر پەيتتە خەلىپە بولۇپ سايلاندى. ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئۈچ خەلىپىگە ئوخشاش شەرئى ئۇسلۇبتا يەنى شۇرا (كېڭەش) يولى بىلەن سايلانغان ھەزرىتى ئەلىگە سانى يىگىرمىدىن ئاز بولغان بىر گۇرۇپ كىشلەر بەيئەت قىلمىغان ئىدى. بۇنداق ئىنسانلار باشقا خەلىپىلەرنىڭ زامانىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ھەتتا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ئوخشاش خەلىپىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. نېملا دېگەن بىلەن بۇ قېتىمقىسى باشقىچىرەك ئىدى. بەيئەت قىلمىغانلار ئۇممەتنىڭ راشىد خەلىپىسىگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان ئىدى. بۇ بىر گۇرۇپ كىشلەرنىڭ نىيەتلىرى قانچىلىك ساپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىسلام سىياسى تارىخىغا نەزەر تاشلىغان ۋاقتىمىزدا ئىچىمىزنى ئېچىشتۇرىدىغان ۋەقەلەرگە سەۋەب بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بىغۇبار سەۋەبلەر بىلەن پەيدا بولغان بۇ چاك ئىسلامنىڭ كېلەچىكىدە بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقان ۋە چوڭايغان بىر يارا بولۇپ ئېغىز ئالدى. چاك كەتكەن بۇ تارىخي دەزنى تۇتتۇرۇش ۋە بۇ يارنى تېڭىش ئۈچۈن تىرىشقانلارنىڭ يولى تارىختا ۋە دەۋرىمىزدە ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن كەلگەن ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن توسۇپ تاشلاندى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ قېنىنى ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ھاياتىنى خەتەرگە ئاتقان ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھۈسەيىننىڭ ئاتىسىدىن سوراۋاتاتتى. شەرئى

يول بىلەن سايلانغان خەلىپىگە شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك بولغان شام ۋالىيسى مۇئاۋىيەنىڭ ھېچقانداق بىر شەرئىي ئاساسى يوق تۇرۇپ بەيئەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ھېساب سورىشى، قول ئاستىدىكى بارلىق كۈچلەرنى شەرئىي بولغان ۋە ئۆزىمۇ ئەتائەت قىلىشى كېرەك بولغان مەركىزى ھۆكۈمەتكە قارشى تەشكىللىشى ئىشلارنى تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى ئۆزىگە قارشى ئىسيانچىلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئالدى بىلەن بەيئەت قىلىڭلار، ئاندىن ھەققىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار. نەخ ۋە شەرتلىك بەيئەت بۇ ئىشنىڭ ھەل قىلىش تەدبىرى ئەمەس».

ھەتتا بىر ۋاقىتتا ھەزرىتى تەلھە ۋە ھەزرىتى زۇبەيرنىڭ ھەمراھلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر دىئالوگ بولۇپ ئۆتىدۇ:

- بىز شەرئى ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش شەرتى بىلەن ساڭا بەيئەت قىلىمىز. سەن گۇناھكارلارنى جازالاندۇرىسەن، ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىدىن قىساس ئالىسەن.

- قېرىنداشلىرىم! بۇلارنى مەنمۇ بىلىمەن. دۆلەتنى تەرتىپكە سېلىپ دۆلەت كۈچىنى تېخىچە قولىمىزغا ئالالمىغان تۇرساق، بۇنداق ۋەزىيەتتە ئۇلارنى قانداقمۇ تۇتالايمەن؟ ھازىرچە ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ جازالىغۇدەك ئىمكانىيىتىمىزمۇ يوق. بۇ ئىش ئۈچۈن بىر مۇددەت كۈتىشىمىز كېرەك. ئەگەر ھەر قايسىڭلار بۇ ئىشقا قادىر بولالىساڭلار گۇناھكارلارنى تۇتۇپ كېلىڭلار.

- بىز قىلالمايمىز.

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەنمۇ سىلەر ئويلىغاندەك ئويلايمەن. بۇ ئىشلار پەسكويغا چۈشكەندە بۇ مەسىلىنىڭ قانداق ھەل

بولىدىغانلىقىنى كۆرسىلەر. قالايمىقانچىلىق تۈگىسە ھەق ۋە شەرىئەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاسانلىشىدۇ.[22]

ھەزرىتى تەلھە بىلەن زۇبەيىر خەلىپىدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن مەككىگە كېتىدۇ. ئۇ يەردە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، بىر قارارغا كېلىشكەندىن كېيىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ قېنىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىدىغان تەرەپتار يىغىش مەقسىتىدە بەسرە ۋە كۇفەگە بارىدۇ. يولدا كارۋانغا ئۇمەييە ئوغۇللىرىدىن تەرەپتارلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىككى كىشى قوشۇلىدۇ. بۇ ئىككى كىشى سەئىد بىن ئاس ۋە مەرۋان بىن ھاكەم ئىدى.

سەئىد ئادەملىرىگە:

«ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى تېپىش ۋە ئۇنىڭ قان قىساسىنى ئېلىشنى ئويلىساڭلار سىلەر بىلەن بىللە بۇ قوشۇندا بار بولغان بەزى كىشىلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلار كېرەك» دېدى.

ئۇ بۇ ئارقىلىق ھەزرىتى تەلھە ۋە زۇبەيىرنى ئىما قىلغان ئىدى. چۈنكى ھەزرىتى تەلھا ۋە زۇبەيىرمۇ ھەزرىتى ئوسماننىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئىجرائاتلارنى ئوچۇق - ئاشكارا تەنقىت قىلغان، نارازىلىقلىرىنى ھەر پۇرسەتتە دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

بۇ تەكلىپكە قارىتا كارۋان ئىچىدىكى مەرۋان مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

«ياق، بىز ئۇلارنى (تەلھە، زۇبەيىر ۋە ئەلى) ئۆزئارا ئۇرۇشقا سالىمىز. بىرسى چوقۇم يېڭىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە يەڭگۈچىمۇ ئاجىزلىشىدۇ. دەل شۇنداق پەيتتە قالغانلىرىنىڭ ئەدىبىنى بىز بېرىمىز».[23]

---

[22] تاباري، تارىخ، IV/363

[23] ئىبنى سەئىد، تاباقات، V/34,35

مانا مۇشۇنداق ھېس - تۇيغۇلار بىلەن راۋاجلانغان ۋەقەلەر ئاخىرىدا خىلاپەت تەرەپ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچى تەرەپنى ئۇرۇشۇش نۇقتىسىغا سۆرەپ كىردى. نەتىجىدە مەشھۇر جەمەل (تۆگە) ئۇرۇشى يۈز بەردى. ئۇرۇشتىن بۇرۇن خەلىپە ھەزرىتى تەلھە ۋە زۇبەيرنى چاقىرىپ ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توقۇنۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئارقا قىسمىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇنداق بىر ۋەقەنىڭ كىشىلەرنى ئۇرۇشتىن ياندۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئامىر بىن جەرمۇز ئىسىملىك بىر كىشى ھەزرىتى زۇبەيرنى ئۆلتۈردى. خەلىپىلىكنىڭ سابىق باش كاتىپلىرىدىن مەرۋان بىن ھاكەممۇ ئوخشاش بىر سەپتە بولۇشىغا قارىماستىن ھەزرىتى تەلھەنى قەتلى قىلدى[24].

ھاپىز ئىبن كەسىر «ئەلبىدايە» ناملىق ئەسىرىدە، ھەزرىتى زۇبەيرنىڭ ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوشۇنىدا ھەزرىتى ئەممار بىن ياسىرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەممار بىن ياسىرغا: «سېنى باغى (ئاسىي) بىر گۇرۇھ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئەسلىگەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن چېكىنىشىنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە نەقىل قىلغان.

مەرۋان بىن ھاكەمنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشقان بولۇپ، سەر خىل ساھابىلەرنى بىر - بىرىگە قارشى تىغ كۆتۈرگۈزگەنىدى. نەتىجىدە بۇ ئۇرۇشتا ئون مىڭ ئىنسان جېنىدىن جۇدا بولدى.

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا راشىد خەلىپە ھەزرىتى ئەلى نەبەۋى خىلاپەتنىڭ ئاساسى بولغان ئادالەتكە داغ تەككۈزمىگەن بولۇپ، ئۇ جەمەل ئۇرۇشىدا قوشۇنىغا تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى:

«ئۇرۇشنى تەرك ئېتىشنى خالىغانلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار. قېچىپ كېتىشكە يول قويۇڭلار. يارىدار بولغانلارغا ھۇجۇم قىلماڭلار.

---

[24] ئىبنى سەئىد، تاباقات، III/233 V/38

زەپەر قوٗچقان تەقدىردىموٗ موٗخالىپلارنى ئىزىشكە تەمشەلمەڭلار. زەپەردىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەنلەرنىڭ مېيىت نامىزىنى چوٗشوٗروٗڭلار ۋە شېھىدلىرىنى ھۆرمەت قىلىڭلار!».

قارشى تەرەپنىڭ ماللىرىنى غەنىمەت ھېساپلىمىغان ھەزرىتى ئەلى بەسرە جامەسىگە كەلتۈرۈلگەن ماللارنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى. ئۇزى ھەققىدە: «بەسرە ياشلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاياللىرىنى جارىيە قىلىدىكەن» دېگەن ئۇسەك سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

«مەندەك بىر ئىنسان بۇنداق ئىشلارنى كاپىرلارغىموٗ راۋا كۆرمىگەن يەردە قانداق بولۇپ موٗسۇلمانلارغا بۇنداق موٗئامىلە قىلسۇن؟!» دېگەنىدى.

ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىك ماقامىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەمىر موٗئاۋىيەنى شام ۋالىيلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ساھابىلەردىن سەھىل بىن ئاھنەفنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. موٗئاۋىيە خەلىپە تەيىن قىلغان ۋالىينىڭ ئالدىغا بىر بۆلۇك ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئەھنەف ۋە موٗئاۋىيەگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر پارچىدىن مەكتۇپ ئەۋەتتى. موٗئاۋىيە بۇ مەكتۇبقا ئۇزۇن موٗددەت جاۋاب يازمىدى. ھىجرى 36 - يىلى ئۇ ھەزرىتى ئەلىگە بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى. خەلىپە كونۋېرتنى ئاچسا ئىچىدىن ھېچنەرسە چىقمىدى. ھەزرىتى ئەلى خەتنى ئېلىپ كەلگەن كىشىدىن بۇنىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىنى سورىدى:

- بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، مېنىڭ ئارقامدا ھەزرىتى ئوسماننىڭ قان قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن توپلانغان 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بار، دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كىشى.

- ئوسماننىڭ قېنىنى كىمدىن تەلەپ قىلىدىكەن؟ دەپ سورىغان ھەزرىتى ئەلى بۇ قېتىم موٗنداق جاۋابقا ئېرىشتى:

- زاتى ئالىيلىرىنىڭ بويۇن تومۇرىدىن.[25]

ئىبنى ئەسىرگە يېقىنراق بىر ئىپادە بىلەن ئېيتىلغان تابارى نەقىل قىلغان بۇ سۆزلەر شام ۋالىسىنىڭ پەقەت ئىتائەتتىن باش تارتىپلا قالماستىن، يەنە خىلاپەت قوشۇنىنى خەلىپىگە قارشى كۈشكۈرتۈش مەنىسىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭ ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ قاتىللىرى بىلەن ھېچقانداق ھېساب - كىتابىنىڭ يوقلىقى ئاشكارە بولغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى جەمەل ئۇرۇشىدىن كېيىن بويۇنتاۋلۇق قىلغان شام ۋالىسىنىڭ ئۈستىگە قوشۇن ئەۋەتمەكچى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىن جەرىر بىن ئابدۇللاھ ئارقىلىق شام ۋالىسىغا بىر مەكتۇپ يوللىدى، نەسىھەت قىلدى.

شام ۋالىسى جەرىرنى بىر مۇددەت گوللاپ تۇردى. بۇ مۇددەت ئىچىدە جەرىر شامنىڭ چوڭلىرى بىلەن بىر قاتار كۆرۈشۈپ، ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ ئۆلۈمىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھېچقانداق بىر مەسئۇلىيىتىنىڭ يوقلىقىنى چۈشەندۈردى ۋە كۆپىنچە كىشىلەرنى قايىل قىلدى. شام ۋالىسى جىددىيلىشىپ ئامىر بىن ئاس بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇمۇ نەبەۋى خەلىپىلىكنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدىغان تۆۋەندىكىدەك مەسلىھەتنى بەردى:

«ئوسمانىنىڭ قېنىنىڭ تۆكۈلىشىدە ئەلىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار» دەپ جەڭنى باشلايمىز.

بۇ ئارىلىقتا ئۇلار ھەزرىتى جەرىرنىڭ غەيرىتى بىلەن ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشكە باشلىغان شام خەلقىنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن شاھىتلارنى تەييار قىلىپ، ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ ئۆلۈمىدىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكىنى يالغانچى شاھىتلار بىلەن ئىسپاتلىدى.

---

[25] تابارى، تارىخ، IV/444

خەلىپىنىڭ قوشۇنى بىلەن ۋالىينىڭ قوشۇنى فرات دەرياسىنىڭ غەرپ تەرىپىدىكى سىففىن دېگەن يەردە بىر - بىرىگە قارمۇقارشى سەپ تۈزدى. ئۆزلىرىدىن بۇرۇن كېلىپ سۇ بار جايلارنى ئىگەللىگەن، خەلىپە قوشۇنىغا سۇ بەرمىگەن شام قوشۇنىنىڭ ئەكسىچە، بۇ يەرلەرنى قولغا كىرگۈزگەن ھەزرىتى ئەلى ئەسكەرلىرىگە مۇنداق دېدى:

«يەتكۈدەك سۇ ئېلىۋالغاندىن كېيىن قارشى تەرەپتىكى قوشۇندىكىلەرنىڭ سۇ ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماڭلار»[26].

خەلىپە ئۆزىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن شام ۋالىيسىگە ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاگاھلاندۇرۇش قىلماقچى بولدى. ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلاشنى خالىمىغان ۋالىينىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى:

«بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭلار. ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا پەقەت قىلىچلا سۆزلەيدۇ».

قىلىچلار كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلاپ، ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. ھەزرىتى ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) قوشۇنىغا مۇنداق نەسىھەت قىلدى:

«دىققەت قىلىڭلار! ئۇرۇشنى ئاۋۋال سىلەر باشلىماڭلار. ئۇلار سىلەرگە ھۇجۇم قىلمىغىچە ھۇجۇمغا ئۆتمەڭلار. ئەگەر ئۇلارنى يېڭىۋالساڭلار قاچقانلارنى قوغلىماڭلار. قاچقانلارنى ۋە ئۇرۇشتىن چېكىنگەنلەرنى ئۆلتۈرمەڭلار. يارىدارلارغا ھۇجۇم قىلماڭلار. ھېچكىمنىڭ كىيىمىنى سالدۇرماڭلار. ئۆلۈكلەرنىڭ بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىنى كەسمەڭلار. ھېچكىمنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە تاجاۋۇز قىلماڭلار، مېلىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلماڭلار. سىلەرگە ھاقارەت قىلغان تەقدىردىمۇ ئاياللىرىغا ھەرگىز چېقىلماڭلار»[27].

---

[26] تاباري، تارىخ، IV/572

[27] تاباري، تارىخ، 164-167 / III؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئەلكامىل، III/94

ئەممار بىن ياسىر ھەر زاماندىكىدەك بۇ ئۇرۇشتىمۇ ھەزرىتى ئەلى تەرەپتە ئىدى. ئەمىر مۇئاۋىيەنىڭ ئەسكەرلىرى ھەزرىتى ئەممارنى شەھىد قىلدى. بۇ شاھادەت ھەقلىق ياكى ھەقسىز تەرەپنى ئايرىپ بولالمىغان كۆپلىگەن ساھابە تەرىپىدىن ئېنىق بىر بۇرھان يەنى ئىسپات دەپ قارالدى. چۈنكى كۇتۇبۇس - سىتتە ۋە باشقا سەھىھ ھەدىس مەنبەلىرىنىڭ ھەممىسىدە نەقىل قىلىنغان بىر مەشھۇر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەممارغا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«سېنى باغى، يەنى ئىسيانكار بىر گورۇھ كىشىلەر قەتلى قىلىدۇ».

ھەزرىتى ئەممارنىڭ شەھىد قىلىنىشى بىلەن كىمنىڭ ھەقلىق، كىمنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا شۈبھىگە چۈشكەن ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىككىلىنىشتىن يانغان ئىدى. ئابدۇللاھ بىن ئاس بۇ ھەدىسنى مۇئاۋىيەگە ئوقۇغاندىن كېيىن، مۇئاۋىيە ھەدىسنى يالغانغا چىقارمىدى ۋە ئىنكارمۇ قىلمىدى، تەئۋىل قىلىشنى خالاپ:

«ئەممارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلار ئەسلى قارشى تەرەپ ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بولسا ئەممار ئۆلمىگەن بولاتتى».

بۇ سۆزلەرنى نەقىل قىلغان جەسساستىن باشقا ھاپىز ئىبنى كەسىر مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ:

«بۇ ۋەقەدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىنئالا خەۋەر قىلغان ئىشنىڭ سىرى ئاشكارىلانغان بولدى. يەنى، ئەممارنى باغى ۋە ياكى ئىسيانكار بىر گۇرۇھ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ دېگەن سۆزىنىڭ ھېكمىتى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى».

ھەزرىتى ئەلى مۇئاۋىيەنىڭ يۇقۇرىدىكى تەئۋىلىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان:

«ئەگەر بۇ تەئۋىل توغرا بولىدىغان بولسا ھەزرىتى ھەمزىنىڭ قاتىلىمۇ ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئىدى».

بۇ ۋەقە شام قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە سەۋەب بولىدۇ. ئامىر ئىبنى ئاس قۇرئاننى نەيزىلەرنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ: «سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بۇ (قۇرئان) هاكىم (قازى) بولسۇن!» دېگەن تەكلىپنى قويىدۇ ۋە بۇنىڭدىكى مەقسىتىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

«بۇ قۇرئاننىڭ هاكىم بولۇشىنى ئىيتىپ، نەيزىنىڭ ئۇچىغا تاقىۋىلىشىمىز ئەلىنىڭ قوشۇنىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇلار بىز بۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا گەپنى ئاڭلىمايمىز دېيىشىدۇ ۋە قوشۇنى بۆلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا پۇرسەت بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتىدۇ»[28].

هەزرىتى ئەلى: «بۇ بىر هىيلىدۇر، بۇنىڭغا ئالدانماڭلار!» دېگەن بولسىمۇ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قۇلاق سالماي بۇ تۇزاققا چۈشتى.

نەتىجىدە نەبەۋى خىلاپەت ئىبغىر يارىلاندى. سۇلتانى خىلاپەتكە قاراپ ئاستا - ئاستا ئىلگىرلەش يولىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان «تەهكىم ۋەقەسى» ئىسلام سىياسىي تارىخىدىكى تۇنجى يېرىقنىڭ (هاڭنىڭ) مەيدانغا چىقىشىدىكى سەۋەبى ئىدى.

هەزرىتى ئەلى تەيىن قىلغان ئابدۇللاھ بىن ئابباس ئەلىنىڭ تۇققىنى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇئاۋىيە تەرەپ ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن هەزرىتى ئەلى ئىشەنچ قىلالمىغان بولسىمۇ يەنىلا هەزرىتى ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىنىڭ قازىلىقىنى قوبۇل قىلدى.

ئەمىر مۇئاۋىيەنىڭ قازىسى ئامىر بىن ئاس:

- سېنىڭچە قانداق بىر يول تۇتساق بولار؟ دەپ سورىغىنىدا، ئەبۇ مۇسا:

---

[28] تاباری، تاریخ، V/48

- مېنىڭچە ئەلىي ۋە مۇئاۋىيەنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايلى. مۇسۇلمانلار توپلانسۇن، ئۆزلىرىگە بىر خەلىپە سايلىسۇن دېدى. ئامر بىن ئاس:

- بۇ توغرا تەدبىر، مەنمۇ مۇشۇنداق ئويلىغانتىم، دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر ئىككى تەرەپتىن تاللانغان 100 كىشىنىڭ ھوزۇرىغا چىقتى. ئامر ئەبۇ مۇساغا:

- بۇ توغرىلىق ھەمپىكىرگە كەلگەن قارارىمىزنى كۆپچىلىككە جاكارلىغىن! دېدى.

ئامرنىڭ نىيىتىنى بىلىپ يەتكەن ئابدۇللاھ بىن ئابباس ھەر ئىككىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارارنى ھەر ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە ئېلان قىلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئەبۇ مۇساغا ئەسلىتىپ ئۆتتى ۋە: «ئالدى بىلەن ئۇ گەپ باشلىسۇن» دېگەن تەكلىپنى بېرىپ، ئەبۇ مۇساغا:

- ئىستىت ساڭا، پەممىچە سەن توزاققا چۈشكەندەك تۇرىسەن! - دېدى.

ئەبۇ مۇسا ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ھوزۇرىغا چىقىپ مۇنداق دېدى:

- مەن ۋە دوستۇم ئامر بىن ئاس بىلەن بۇ مەسىلىدە ئوخشاش پىكىرگە كېلىپ، ھەر ئىككىمىز ھەزرىتى ئەلىي ۋە مۇئاۋىيەنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلدۇق. خەلق توپلانسۇن ۋە خالىغان بىرىنى ئۆزلىرىگە ئەمىر قىلىپ سايلىسۇن. مانا مەن قازىلىق سۈپىتىم بىلەن ھەر ئىككىسىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدىم. ئەمدى سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئۆز قولۇڭلاردا. خالىغان كىشىنى خەلىپە ۋە ئەمىر قىلىپ سايلىۋالساڭلار بولىدۇ.

سۆز قىلىش نۆۋىتى ئامر بىن ئاسقا كەلدى، ئۇ:

- مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ھەممىڭلار ئاڭلىدىڭلار. ئۇ ئۆز ئادىمىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. مەنمۇ

ئوخشاش شەكىلدە ھەزرىتى ئەلىنى خەلىپىلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايمەن. ئەمما مەن پەقەت ئوسماننىڭ ۋارىسى بولغان ۋە قىنىنى تەلەپ قىلغان، بۇ ماقامغا ئەڭ لايىق دەپ قارىغان ئۆز ئادىمىم ھەزرىتى مۇئاۋىيەنى ئۇنىڭ ئورنىغا خەلىپىلىككە تەيىن قىلدىم، دېدى.

ئەبۇ مۇسا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئامرغا ۋارقىرىدى:

- ئاللاھ ساڭا ياردەم قىلمىسۇن! ھىيلە - مىكىر ئىشلەتتىڭ ۋە پىتنە - پاسات يولىغا ماڭدىڭ. سەن ئۇ توغرىلىق كۆچەپ سۆزلىسەڭمۇ، ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويساڭمۇ تىلىنى ساڭگىلىتىپ ھاسىرىغانغا ئوخشاش (ئەئىراف، 176 - ئايەت) تۇرىسەن، دېدى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ مۇنداق خىتاب قىلدى:

- ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ بۇ ئادەم بىلەن بىر پىكىرگە كېلىشتۇق. ئەمما ۋەدىسىدە تۇرمىدى.

بۇ ئىشلارنى ياندا تۇرۇپ باشتىن - ئاخىر كۆزىتىپ تۇرغان ئابدۇللاھ بىن ئۆمەرمۇ چىداپ تۇرالماي مۇنداق دېدى:

- ھەممىڭلار كۆرۈۋاتىسىلەر مانا! ئۇممەت نېمە ھالغا كېلىپ قالدى؟ ئۇممەتنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ قولىغا تاشلاپ قويۇلدىكى، بۇلارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلماستىن خالىغىنى بويىچە بىر ئويۇن ئويناۋاتقاندەكلا ئىش قىلىۋاتىدۇ.

ھەزرىتى ئەلى بۇ قازىلىق ۋەقەسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

- قۇلاق سېلىڭلار، قازىلىق قىلىدىغان بۇ ئىككى قېرىندىشىمىز قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەن توغرا يولىنى تاشلاپ قويۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىش قىلدى.

ھەزرىتى ئەلى خىلاپەتنىڭ زۇلۇم ئاساسىغا تىكلەنگەن سەلتەنەتكە ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ۋە بۇ ھەقتىكى ئەندىشىسىنى ئاخىرقى ۋاقىتلاردا پات - پات تىلغا ئالغان ئىدى:

- ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۆزەڭلارغا ھۆكۈمدار قىلىپ تاللىۋالغان شۇ ئىنسانلار سىلەرگە كىسىرالار، ھىرەقلىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ[29].

باشقا بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

- بىرىڭلار، ئۇ گۇرۇھ بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، بولمىسا ئۇ مۇستەبىت ۋە زوراۋان ھۆكۈمدار ئاللاھ نىڭ ئەركىن بەندىلىرىنى ئۆزىگە قۇل قىلىشقا تەمشىلىدۇ.

ئەمىر مۇئاۋىيە بارغانسېرى نوپۇزىنى كۈچەيتىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئىككى بېشى بار ھالغا كېلىپ قالغانىدى. بۇلار يەتمىگەندەك يەنە تېخى خاۋارىجلار مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. ھىجرى 40 - يىلىنىڭ رامىزان ئېيىدا، ھەزرىتى ئەلىنىڭ قەتلى قىلىنىشى بىلەن تەڭ نەبەۋى خىلاپەتنىڭ كۈچلۈك ھالقىلىرىدىن يەنە بىرى ئۈزۈلدى. ھەزرىتى ھەسەننىڭ ئەمىر مۇئاۋىيە بىلەن بولغان شۇبھىلىك تىنچلىق كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشى بىلەن مەيدان بەنى ئۇمەييە ئائىلىسىگە قالدى.

ھەزرىتى ھەسەننىڭ ۋەزىپىدىن ئىستىپا بېرىشى رەسۇلۇللاھتىن كېيىنكى خىلاپەتنىڭ 30 -يىلىنىڭ ئاخىرى (ھىجرى 41 - يىلىنىڭ رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيى)غا توغرا كېلەتتى. بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ بۇ ھادىسە ھەققىدە ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن ئىدى:

- مەندىن كېيىن خىلاپەت پەقەت 30 يىل داۋام قىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن پادىشاھلىق باشلىنىدۇ.

---

[29] تاباری، تاریخ، V/77

خىلاپەتنىڭ ئاخىرلىشىپ سەلتەنەتنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا تەخمىن قىلغان بۇ سۆزلەر رىئاللىققا ئايلانغاندا، مۇخالىپەت بولغان ۋە ياكى تەرەپسىز تۇرغان نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر پۇشمان قىلغان ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگۈچىلەر ئارىسىدىكى كۈرەشنى پىتنە دەپ قاراپ، بىشىنى ئىچىگە تىقىپ بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلەردىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ بىن ئۆمەر سەكراتتىكى ۋاقتىدا: «دۇنيا ئىشلىرىدىن ھىچبىرى ئۈچۈن ئۆكۈنمەيمەن، ئەمما ئاسىيلارغا قارشى ئەلىنىڭ سېپىدە تۇرۇپ جەڭ قىلمىغانلىقىمغا پۇشمان قىلىمەن» دىگەنىدى[30].

يەنە ساھابىلەردىن مەسرۇق بىن ئەجدامۇ ھەزرىتى ئەلىگە ياردەم قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن تەۋبە - ئىستىغفار قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدى[31].

بۇ پۇتكۈل ئۆزگىرىش جەريانىدا دائىم مۇئاۋىيەگە دانىشمەنلىك قىلغان ھەم ۋەقەلەرنى ئالدىن پىلانلىغان ئامر بىن ئاسىنىڭمۇ ھەزرىتى ئەلى ۋە ئەمىر مۇئاۋىيە ئارىسىدىكى كۈرەشتە مۇئاۋىيەنىڭ سېپىدا ئورۇن ئالغانلىقىغا بەك پۇشايمان قىلغانلىقىنى يەنە ئوخشاش مەنبەدىن بىلەلەيمىز.

مۆتىۋەر ساھابىلاردىن زەيد بىن ئەرقاممۇ بۇ ھادىسەلەرگە ئىنكاس قايتۇرماستىن تۇتقان سۈكۈت روزىسىنى ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ شاھادىتىدە بۇزغان ۋە كۇفە كوچىلىرىنى مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن تەۋرەتكەن ئىدى:

- سىلەر، ھەي ئەرەب جامائىتى! مۇشۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھەمىشە قۇل، چاكار بولىسىلەر. سىلەر بىر زالالەتكە (خارلىققا) رازى بولدۇڭلار. زالالەتكە رازى بولغۇچىنىڭ ھالىغا ۋاي![32]

---

[30] ئىبنى سەئىد، تاباقات، IV/187

[31] ئىبنۇ ئابدىل بەرر، ئەل - ئىستىئاب، 37-I/30

# ئىمامەت ۋە سەلتەنەت

ھىجرى 40 بىلەن 60 - يىللار ئارىسىنى ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ داۋالغۇشلار بىلەن ئۆتكەن دەۋرى دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. بۇ دەۋر ئىسلام تارىخىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن بىرى. ئەسرى سائادەت مۇسۇلمانلىقى بىلەن ھازىرقى مۇسۇلمانلىقىمىز ئارىسىدىكى چوڭ پەرقنى كۆرۈپ، ھەممە نەرسىنىڭ قانداق بولۇپ بۇنچە ئۆزگىرىپ، بۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى خالىغانلار بۇ دەۋر ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا يورۇقلۇقنىڭ قانداق بولۇپ قاراڭغۇلۇققا ئايلانغانلىقىنى، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك قولىدا يېتىشىپ چىققان پاك ساھابىلەرنىڭ قان - تەرى بىلەن تىكلەنگەن ئىسلام بىناسى ئۇلىنىڭ قانداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن لىڭشىپ قالغانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

ئاللاھ رەسۇلى 23 يىلدا بەرپا قىلغان ئەسرى سائادەت ئىنقىلابى ناھايىتى ساغلام ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. بۇ بىنانىڭ ئورنىدا بۇنىڭدىن ئىلگىرى جاھىلىيەتنىڭ ھەق بىلەن باتىل ئارىلىشىپ كەتكەن ماتېرىياللاردىن بىنا قىلىنغان شېرىك ئەقىدىنىڭ چىرىپ كەتكەن ئىمارىتى بار ئىدى. ئاللاھ رەسۇلى ئۇ بىنانى يەر بىلەن يەكسان قىلدى ۋە خارابىلىرىنى يىغىپ بىنانىڭ ئۇلىغا كۆمۈپ تاشلىدى. يىغى ئىسلام ئىمارىتىنى يىغى ۋە سەھىھ (توغرا) ئۇل ئۈستىگە بىنا قىلىشقا باشلىدى. لاھىيەسى ئاللاھ قا ئائىت بولغان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىنژېنېرى رەسۇلۇللاھ ئىدى. بىنانىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلىرىنى ئۇ تەربىيلەپ چىققان ئەخلاقلىق

---

[32] تابارى، تارىخ، V/546

غوللۇق ئەزالار، تاشلىرىنى بولسا ئىسلام جامائىتىنى شەكىللەندۈرگەن شەخسلەر تەشكىل قىلغان ئىدى.

دۇنيا تارىخى شاھىت بولغان ئەڭ كەڭ كۆلەملىك بۇ ئىنقىلابنىڭ دىنامىكلىرىنى ماددىلارغا بۆلۈپ تىزىپ چىقىدىغان بولساق، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈردىن تەركىپ تاپىدۇ:

1. كىتاب
2. سۈننەت
3. ئۈلگىلىك غوللۇق ئەزالار
4. جامائەت

ئاخىرىدىكى ئىككىسى ئۈستىدىكى ئىككىسىگە تايانغان ھالدا شەكىللەنگەن قۇرۇلمىنىڭ ئىسمى «ئىسلام جامائىتى» ئىدى.

مانا بۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان ئانا ئامىللار ئەسرى سائادەت ئىنقىلابىنىڭ كاپالىتى بولغان ئۈستقۇرۇلما (دۆلەت)نىڭ سۇغۇرتىسى ئىدى. بۇ تۆت ئامىل سېمونت، سۇ، تۆمۈر ۋە قۇم رولىنى ئوينايتتى. سۈننەتنىڭ ئەڭ توغرا ئۆلچىمىگە ئاساسەن، بۇ ئامىللار بىلەن يۇغۇرۇلغان نۇبۇۋۋەت لايىلىرىدا ۋە 23 يىلدىن ئىبارەت قىسقا سانالمىغۇدەك بىر مۇددەتتە بەرپا قىلىنغان ئىسلام بىناسىنى راشىد ۋە مۇرشىد خەلىپىلەر ھەر تۈرلۈك سەلتەنەت خەۋپىدىن قوغداش ئۈچۈن سەپەرۋەر بولغان، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلغان ئىدى. ئۆزلىرىدىن كېيىن كەلگەنلەرنىمۇ بۇ خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى.

مانا بۇ «ئىسلامىي سىياسەت» باشتىن - ئاياق بۇ قۇرۇلمىنى بىنا قىلىپ چىقىش، ئىمارەتنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى ئامىللىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلاش ۋە بىنانى قوغداپ قېلىشنىڭ ئىسمى ئىدى. بۇنىڭ ئىسمىنىڭ «خىلاپەت» ياكى «ئىمامەت» بولۇشى ئەسلى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيتتى.

ئۇنـداقتا لاھىيەسـى ئـاللاھ قـا، ئىنژېنېرلىقـى رەسـۇلۇللاھقا تەئەللـۇق بولغـان، ئـۇل تـۈۋرۈكلىرىنى راشـىد خەلىـپىلەر ۋە سـابىقۇنلار تەشـكىل قىلغـان بـۇ ئـۆرنەك ۋە دىنامىــك ئىمــارەت قانــداق بولـۇپ ھــېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بىـر شـەكىلدە يېقىلـدى؟ ئـۇ ئىمـارەتنى ئاياقتـا تۇتقـان ئـامىللارنى كـاردىن چىقارغـان سـەۋەب نـېمە ئىـدى؟ بـۇ ئىمارەتنىڭ يېقىلىشىدا كىملەر، قەيەردە، قانداق ۋە قايسى نىيەتلەر بىلەن رول ئالغان؟ يېڭى ئىمارەت بىلەن كونا ئىمارەت ئارىسىدا پەرق بـارمىتى؟ بولسا بۇ پەرق نېمىلەر ئىدى؟ بۇ پەرق ئەقىدە، ئەمەل، ئەخلاقتىن قايسى بىـرىگە تەئەللـۇق ئىـدى؟ سىياسـىمىدى، ئىبادىمىــدى؟ جــاھىلىيەت ۋە ئىسـلام ئارىسـىدىكى چەك-چېگـرا ئايرىلغانـدەك بىـر - بىرىـدىن ئېنىـق ئايرىلمىغان نەبەۋى ۋە سۇلتانى سىياسـەت ئارىسـىدىكى پەرقنـى قانـداق ئــايرىيمىز؟ بــۇلارنى چۈشــەندۈرگەن ۋاقتىمىــزدا قايســى ئۇقــۇملارنى ئىشلىتىمىز؟ بۇ پەرقنىڭ بۈگۈنكى نامايەندىلىرى نېمىلەر؟

بــۇ ســوئاللارنىڭ ھەممىســىگە نەق جــاۋاب بېــرىش بەك مــۇمكىن ئەمەسـتەك تۇرىـدۇ. ئەممـا جـاۋابىنى تـاپقىلى بولىـدىغان بەزى سـوئاللار ئۈچۈن يەنىلا تارىخقا مۇراجەت قىلىشتىن باشقا چارىمىز يوق. شۇنداقتىمۇ تــارىخى ۋەقەلەرنــى قىســقىچە چۈشــەندۈرۈپ ئۆتۈشــتىن بــۇرۇن ئەڭ ئاخىرىدا قىلىدىغان ئىشىمىزنى باشتىنا قىلىپ، نەبەۋى ئىمارەتنى تەشـكىل قىلغان تۆت ئامىلنىـڭ قانـداق بـۇزۇپ تاشـلانغانلىقىنى مـاددىلار بـويىچە ئىزاھلاپ ئۆتەيلى. بۇ ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلغان ۋەقەلەرنـى يەنە بىـر قېتىم ئەسلەش نۇقتىسىدىنمۇ پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

نەبەۋى ئىمارەتنى ئۆرە تۇتـۇپ تۇرغـان تـۆت ئامىلنـىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى مۇنداق بولدى:

1. قۇرئـان: قۇرئـاننى كـۆزدىن يـوقىتىش ۋە يـاكى ئۇنـىڭ تېكىسـتى ئۈستىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مۇمكىن بولمىغـانلىقتىن، ئىسلام دىنىنىـڭ بۇ ئانا ئامىلىنى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن يەنە باشقىچە

چارىلەر ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ تۇنجى قەدىمى، سىففىندا قۇرئان بەتلىرىنى نەيزىلەرنىڭ ئۇچىغا باغلاش بىلەن باشلاندى. ھەزرىتى ئەلى بۇ ئەھۋالنى مۇنداق ئىزاھلىغان ئىدى: «ئۇلار قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىگە ئىسيان قىلىش ئۈچۈن ۋاراقلىرىنى قوللاندى».

بۇ ۋەقەنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىككىنجى قەدەم بېسىلدى. بۇ قېتىم باشقا بىر تائىپە قۇرئاننىڭ بىر ئايىتىنى بىر «پۇتۇن» گەۋدىنىڭ ئىچىدىن يۇلۇپ ئېلىپ چۈشەنچىلىرىگە دەسمايە قىلغان ئىدى. بۇ خاتا ئۇسلۇپ ۋە تەبىر ئۇلارنى ئۇممەتنىڭ باش بالاسى ھالىتىگە كەلتۈردى. بىرىنچى قەدەم ھاكىمىيەتنىڭ زالىملىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، ئىككىنجىسى ھاكىمىيەتسىزلىكنى زۇلۇمنىڭ ئاساسى قىلدى. بىرسى سەلتەنەت، يەنە بىرسى ھاكىمىيەتسىزلىك شەكلىدە كۆرۈنسىمۇ، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ھەر ئىككىسى ئوخشاش بىر نۇقتىدا ئۇچراشتى.

2. سۈننەت: رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە مۇناپىقلار قىلىشقا تەمشىلىپمۇ مۇۋەپپەق بولالمىغان بىر ئىش ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قەدەممۇ - قەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. راشىد ۋە مۇرشىد خەلىپىلەر سۈننەت ئېقىنىنى بۇلغاش كويىدا بولغانلارنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىدى. نەبەۋى خىلاپەت سۇلتانى خىلاپەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، سۈننەتنىڭ جانلىق شاھىتلىرى ۋە ئېلىپ يۈرگۈچىلىرى بولغان كەرەملىك ساھابىلەر كۆز ئالدىدىكى ۋەھىملىك ۋەقەلەر ئالدىدا يا بىر بۇلۇڭدا سۈكۈتتە تۇرۇشنى ئەۋزەل دەپ بىلگەن ياكى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئاغزى تۇۋاقلانغان ئىدى. بۇ ئارىلىقتا يەنىلا سۈكۈت قىلمىغانلار ھەرخىل يوللار بىلەن كۆزدىن يوقىتىلدى. باشقا بىر يەردە، مۇسۇلمانلاردەك كۆرۈنگەن زىندىقلارنىڭ يولى ئېچىلىپ، توختىماستىن كۆپلەپ يالغان ھەدىسلەرنى توقۇپ چىقىشقا باشلىدى. بىر تەرەپتىن رەسۇلۇللاھ نامىدىن يالغان ھەدىس ئويدۇرۇلسا، يەنە بىر تەرەپتە بەزىلەر ياخشى نىيەت بىلەن، يەنە

بەزىلەر خىيانەت سەۋەبىدىن سۈننەتنى قەتلى قىلىدىغان بىدئەتلەر كۆپىيىپ كېتىپ، ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەنىدى.

سۈننەت پاك ئېقىنىنىڭ بۇلغىنىشى ھاكىمىيەت ئۈستىكىلەرنىڭمۇ مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق بولغاچقا، بۇ قىلمىشلارنى قول سېلىپ توسۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇنى يوشۇرۇن ھالدا تەشۋىق ۋە تەرغىب قىلغان، ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ماس ۋە رەقىپلىرىنىڭ زىيىنىغا ھەدىس توقۇپ چىققانلارنى مۇكاپاتلىغان ئىدى.

3. ئۈلگىلىك غوللۇق ئەزالارنىڭ كۆزدىن يوقىتىلىشى: رەسۇلۇللاھ ئۆز قولى بىلەن تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن ئالتۇن نەسىل نەبەۋى ئىمارەتنىڭ ئەڭ چوڭ كاپالىتى ئىدى. باغۋىنى ئاللاھ رەسۇلى بولغان بۇ ئەسرى سائادەت باغچىسىنىڭ گۈللىرى ئەڭ ئېغىر ئېمتىھانلاردىن ئۆتۈپ چىدامچانلىقىنى ئىسپاتلاشقان ئىدى.

ئۇلار نەبەۋى ئىمارەتنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئانا تۈۋرۈكلەر بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتقان، ئۇلارمۇ ئاللاھ نى دوست تۇتقان ئىدى. ئاللاھ قا ۋە نەبىسگە بەرگەن ۋەدىلىرىدە تۇرغان، نەبەۋى تەربىيىسىدىن ئالغان تەقەززاسىنى ئادا قىلىشتا ھېچقاچان ئىككىلىنىپ قالمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئاللاھ نىڭ شاھانە ئەسرى بولغاندەك، ساھابىلەرمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ شاھانە ئەسرى ئىدى. ئەڭ ئېغىر شارائىتلاردا بىرلىكتە كۆكسىنى كېرىپ چىققان، نەبىگە ئانىلىرىنى، دادىلىرىنى ۋە ھەتتا ئۆز جېنىنى پىدا قىلغان بۇ ئېغىر كۈندىكى دوستلىرى سەلتەنەتنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىدى.

بۇ توساقنىڭ قانداق بىتچىت قىلىنىشقا باشلانغانلىقىنى «خىلاپەت ۋە سەلتەنەت» بابىدىكى بىر پارچىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

بىرىنچى قېتىملىق كۆزدىن يوقىتىش ھەرىكىتىدىن ئامان قالغانلارنىڭ ۋە سابىقۇنلارنىڭ قولىدا يېتىشىپ چىققان، كېيىنكى نەسلىنىڭ ئەڭ

ئالدىدا ماڭغانلارنى كۆزدىن يوقىتىش ھىجرى 40 - يىلىدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

ئەلۋەتتە بۇ ئۇنداق ئاسانغا توختىمىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ مىراسىنى «بۇزغۇنچىلىق»تىن قوغداشنى خالىغان «ئىمام»لار بىلەن نەبەۋى سىياسەتنىڭ ئىپقىنىنى ئۆزگەرتىشنى خالىغان «سۇلتانلار» ئارىسىدىكى كۈرەش بەزىدە تارىخنىڭ ئەڭ قانلىق، ئەڭ تېراگېدىيەلىك كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ كۈرەشنىڭ سەپلىرى شۇ قەدەر ئوچۇق، قىلىنغان كۈرەشمۇ شۇنچە روشەن بولۇپ، ھېچقانداق بىر ئىزاھات بەرمەستىن، پەقەت يۈزبەرگەن ۋەقەلىكنى بايان قىلىشنىڭ ئۆزىلا كىمنىڭ نىمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا يېتەرلىك.

4. ئىسلام جامائىتىنىڭ پارچىلىنىشى: مۇسۇلمانلار جامائىتى ئالدىنقى ئۈچ ئامىل بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان بىر ئىمارەت ئىدى. ئۇ ئامىللار يېقىتىلغاندىن كېيىن جامائەتنىڭ ئۆزلىكىدىن پارچىلىنىشى ۋە پىرقە غەۋغالىرىنىڭ باشلىنىشى بۇنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى ئىدى.

ئىسلام جامائىتىنىڭ پارچىلىنىشىدا رول ئوينىغان ئەڭ بۈيۈك سەۋەبلەردىن بىرسى «فەتنە» چۈشەنچىسىنىڭ بۇرمىلىنىشى ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ فەتنە چۈشەنچىسى خەيبەرنىڭ فەتھىسىدە قوماندان ھەزرىتى ئەلىگە ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ: «ئاستىلا ئەي ئەلى، سېنىڭ قولۇڭدا بىر كىشىنىڭ ھىدايەت تېپىشى قۇياش نۇرىنى چاچقان ھەر قانداق يەرنى (فەتنە) قىلىشىڭدىنمۇ خەيرلىكتۇر».

بۇيەردە نەزەردە تۇتۇلغان نەرسە زېمىندىن بۇرۇن ئىنسانىنىڭ فەتھىسى ئىدى (يەنى زېمىن پەتھە قىلىنىشتىن بۇرۇن ئىنسان قەلبىنىڭ پەتھە قىلىنىشى ئىدى). بۇ چۈشەنچىنىڭ ئورنىنى غەنىيمەت ئۈچۈن ئىنسانىنى زېمىنغا پىدا قىلغان فەتنە چۈشەنچىسى ئالدى. فەتنە قىلىنغان يەرلەرنىڭ ئەجەمى ئاھالىسىدىن رەسمى مائاشلىق قوشۇنلار

تەشكىللىنىپ، ئۇلار بىلەن يېڭى فەتىھلەر باشلاندى. سەلتەنەتنىڭ داۋامى ئۈچۈن غەزىنىنىڭ دائىم لىق بولۇشى زۆرۈر ئىدى. بۇ پەقەت فەتىھ ئارقىلىقلا مۇمكىن بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن قويۇلغان غەنىيمەت تەقسىمات تۈزۈملىرى سەلتەنەت ئىگىلىرى تەرىپىدىن كۈچ - قۇدرەت ساھىبىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىلدى. ئىسلام فەتىھ چۈشەنچىسى شۇ قەدەر بۇرمىلانغان بولۇپ، بەنى ئۇمەييە دەۋرىدە پەقەت غەيرى مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىشى كېرەك بولغان «جىزيە» مۇسۇلمان بولغان زىممىلەردىنمۇ ئېلىنغان ئىدى. بىر قېتىم بەسرە ۋە كۇفەنىڭ مۇسۇلمان بولغان زىممىلىرى بۇ ئىسلامى بولمىغان قىلمىشقا قارشى نامايىش قىلىش ئۈچۈن «ئەي مۇھەممەد! ئەي مۇھەممەد!» پەريادلىرىنى كۆتۈرۈپ كوچىلارغا چىققان ئىدى. سەلتەنەت ئۇلارنىڭ بۇ پەريادلىرىنى قانلىق باستۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، ئۇلارنى قوللىغان ئالىملارنىمۇ بوش قويۇۋەتمىگەن ئىدى.

شۇنداق، ئاڭسىز ھالدا ئېلىپ بېرىلغان فەتىھلەرنىڭ ئىسلام جامائىتىنىڭ ساپ قۇرۇلمىسىنى قانداق بۇزغانلىقى ھەققىدە توختالغان ئىدۇق. ئىنسانىي خارلىغان فەتىھ چۈشەنچىسى بىلەن تەبلىغسىز ۋە تەييارلىق قىلماي تۇرۇپ ئېلىنغان يەرلەرنىڭ خەلقلىرى يا مۇسۇلمان بولاتتى ياكى زىممى سۈپىتىدە بويسۇناتتى. بۇلاردىن مەيلى قايسىسى بولسۇن، ئۇلار ھامان ئىسلام جامائىتىنىڭ ساپ قۇرۇلمىسىغا سەلبى تەسىرلەرنى يۇقتۇراتتى.

بۇ دەۋردە يېڭى فەتىھ قىلىنغان ياكى ئىسلامغا يېڭى كىرگەن خەلقلەرنىڭ ئىسلامى تەلىم - تەربىيە مەسىلىسىگە رەسۇلۇللاھتەك ئەھمىيەت بېرىلمىگەن، ھەتتا رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغىنىنىڭ مىڭدە بىرىچىلىكمۇ ئەھمىيەت بېرىلمىگەنىدى. كەلىمەئى شاھادەتلىرىدىن باشقا تەرەپلىرى بىلەنمۇ مۇسۇلمان بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان بۇ

كىشىلەر كونا تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، چۈشەنچە ۋە ھەتتا ئەقىدىلىرىنىمۇ ئىسلامغا بىرلىكتە ئېلىپ كىرگەندى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تەبئىي ھالدا ئىسلامىي تەربىيىدىن خالىي بىر جامائەت پەيدا بولاتتى. بۇنىڭ قارشى قۇتۇپىدا رەسۇلۇللاھنىڭ تەربىيىسىدىن ئۆتكەن، مەسئۇلىيەت ئېڭىغا ئىگە ئىسلام جامائىتى ھاكىمىيەتنىڭ بېسىملىرى، ئۇرۇشلار ۋە يوقۇملۇق كېسەللەر سەۋەبىدىن ئېرىپ تۈگەپ كېتىۋاتاتتى.

نەتىجىدە بېشىدىكى ئىدارە قىلغۇچىلارنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ۋە ۋاقتى كەلگەندە قىلىچلىرى بىلەن خاتاسىنى تۈزىتەلەيدىغان ئاڭلىق كىشىلەرنىڭ ئورنىنى ئىسلامدىن خەۋىرى يوق، ئىسلام تەربىيىسى كۆرمىگەن، ھېچ بولمىغاندا ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدە بولسىمۇ بىرەر ئىسلامىي تەربىيىگە قاتنىشىپ باقمىغان، مەسئۇلىيەتتىن بىخەۋەر، سىياسىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلمىگەن ئەجەمىي كىشىلەر توپى ئالغان ئىدى.

بۇ پۈتۈن سەلبىي خاراكتېرلىك ئىشلار ئاز كەلگەندەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە «جىھاد» كەسپىلەشتۈرۈلۈپ ئىبادەت بولۇشتىن چىقىرىپ تاشلاندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە «دۆلەت»مۇ «دىۋە»لەشكەن بولۇپ، ئۇ يولنى توسقان ھەممىنى يەنجىپ تاشلايدىغان بىر جانىۋارغا ئايلانغان ئىدى.

ئىسلام بىناسىنى ئۆرە تۇتۇپ تۇرغان بۇ تۆت ئامىل ھەرخىل يوللار بىلەن پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ بىنانىڭ ئاستىدا قالغان قەدىمىي جاھىلىيەت ئەقىدىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئانچە تەسكە توختىمىدى. بۇ جاھىلىيەت ئەقىدە - چۈشەنچىلىرىدىن تۇنجى بولۇپ قېزىپ چىقىرىلغانلار «سەلتەنەت» ۋە «ئەسەبىيەت» ئىدى.

ئەمدى نۇبۇۋۋەتتىن سەلتەنەتكە ئۆتۈشتە كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىغان بۇ دەۋرنى بىرلىكتە كۆرۈپ چىقايلى.

# ئۆتكۈنچى دەۋر

تۆتىنجى راشىد خەلىپە ھەزرىتى ئەلىنىڭ شاھادىتى بىلەن بوش قالغان خىلاپەت ماقامىغا پايتەخت كۇفە خەلقى ھەزرىتى ھەسەننى نامزات قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ ۋە بەيئەت قىلىشقا باشلايدۇ.

بۇرۇنقى ۋەقەلەر مۇناسىۋىتى بىلەن كۇفە خەلقىنىڭ قىلغان خائىنلىقلىرىغا يېقىندىن شاھىت بولغان ھەزرىتى ھەسەن ئۇلارغا قىلغان تۇنجى نۇتقىدا شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«... مەن ئۇرۇشقانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر، ئەپ ئۆتكەنلەر بىلەن ئەپ ئۆتىسىلەر!»

بەيئەتنىڭ تەقەززاسى بولغان بۇ تەبئىي تەلەپمۇ كۇفەلىكلەرنىڭ غوتۇلداشلىرىغا يېتىپ ئاشقاندى. ئۇلار: «ئەمدى ئۇرۇش دېگەن نېمە گەپ بۇ؟!» دېيىشتى ۋە ھەزرىتى ھەسەنگە شۇ يەردىلا ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا ئۇستىگە دەسسەپ چەيلىۋەتكىلى تاس قالدى. ھەزرىتى ھەسەن تېخى تۇنجى قەدەمدىلا ئىتائەتسىزلىك قىلىدىغان بۇنداق كىشىلەر بىلەن يولغا چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

يېڭى خەلىپىگە تۇنجى بەيئەت قىلغانلار ئارىسىدا ئىككى مۇھىم كىشى بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرى مەشھۇر ساھابە سەئىد بىن ئۇبادەنىڭ ئوغلى قايس بىن سەئىد. يەنە بىرسى شىئە ئىسيانىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان مۇختار بىن ئەبى ئۇبەيدىنىڭ تاغىسى سەئىد بىن مەسئۇد ئىدى.

قايس بىن سەئىد ھەزرىتى ئەلىنىڭ ۋالىسى ئىدى. ئۇ ئەمىر مۇئاۋىيەنىڭ بىر سىياسى ئويۇنى بىلەن ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەقسىزلىققا ئۇچرىغان بۇ ھالىدىن پايدىلىنىشنى ئويلىغان مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا ۋەدىلەرگە تولغان مەكتۇپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ھەزرىتى ئەلىگە خىيانەت قىلمىغان

ئىدى. ھەزىتى ئەلىنىڭ شاھادىتىدىن كېيىن ھەزرىتى ھەسەنگە بەيئەت قىلغان تۈنجى كىشى مانا بۇ قەيس بىن سەئىد ئىدى.

ئەمىر مۇئاۋىيە ھەزرىتى ھەسەنىنىڭ قوشۇنىغا ئەسكەرلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇنىڭغا قارشى ھەزرىتى ھەسەنىنىڭ قوشۇنىنىڭ بېشىغا قەيس بىن سەئىد ئۆتكەن ئىدى. مۇئاۋىيەنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن قوماندان قەيسنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا ئەپقاچتى خەۋەر تارقالغان بولۇپ، بۇ خەۋەر ھەزرىتى ھەسەن قوشۇنىنىڭ ھودۇقۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. بۇ ۋەقەلەر جەريانىدا ھەزرىتى ھەسەنىڭ چېدىرى ئەسكەرلەر تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى.

بۇنداق بىر قوشۇن بىلەن ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ھەزرىتى ھەسەن ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ چارەك ئەسىر دەۋر سۈرىدىغان ئەمەۋى خانىدانىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن نەتىجىلىنىدىغان بىر قارارغا كېلىپ، مۇئاۋىيەنىڭ تىنچلىق تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. مۇئاۋىيە ھەزرىتى ھەسەنگە بارلىق شەرتلىرىنى ئالدىنئالا قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە مۆھۈرى بېسىلغان بىر ئاق قەغەزنى ئەۋەتتى. ھەزرىتى ھەسەن مەشھۇر شەرتلىرىنى يازدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كېلىشىم خىلاپەتنىڭ ئاخىرلىشىپ سەلتەنەتنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغۇچىنى تەشكىل قىلدى. مۇئاۋىيە قەيس بىن سەئىدنىمۇ ئوخشاش تەكلىپ بىلەن بەيئەتكە دەۋەت قىلدى. قەيس بىن سەئىد ئەسكەرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن كاپالەت ئېلىش ۋە ھەزرىتى ئەلىگە ھېچقانداق تىل تەككۈزمەسلىك ھەققىدىكى تەلەپتىن باشقا ھېچقانداق دۇنيالىق نەرسە تەلەپ قىلمىدى.

سەئىد بىن مەسئۇدقا كەلسەك...، ئىبن كەسىرنىڭ بىلدۈرىشىچە، ئۇ قەيس بىن سەئىدقا ئوخشاش سادىق بولالمىدى ۋە ھەزرىتى ھەسەنگە خىيانەت قىلدى. يەنە يۇقىرىدىكى مەنبەدە ئۇنى شامىلىقلارنىڭ

كەتمىنىنى چىپىپ، ھەزرىتى ھەسەنگە خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنى مۇئاۋىيەگە تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن كىشى دەپ تونۇشتۇرىدۇ[33].

مۇئاۋىيە رەقىپلىرىنى كۆزدىن يوقىتىپ خەلىپىلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئەڭ بۇرۇن كېلىشىمنىڭ ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرغانلارغا تىل تەككۈزمەسلىك توغرىسىدىكى شەرتى بۇزۇپ تاشلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ھەسەن ناھايىتى سىرلىق بىر شەكىلدى قازا قىلدى. ئۇنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى كېيىن پاش بولدى.

## يۆنىلىش ئۆزگەرتكەن خىلاپەت

«ئى ئىبنى مەسئەدە! ئاللاھ ئەبۇ بەكرىگە رەھمەت قىلغاي! ئۇ نە دۇنيانى خالىدى، نە دۇنيا ئۇنى خالىدى. ئۆمەرگە كەلسەك، دۇنيا ئۇنى خالىدى، لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتمىدى. ئوسمانغا كەلسەك، دۇنيا ئۇنىڭغا كەلدى، ئۇمۇ دۇنياغا نائىل بولدى. ئەمما بىز ... بىز دۇنيانىڭ ئىچىدە كىرلەندۇق. دۇنيانىڭ چاڭ - توزانلىرىغا غەرق بولدۇق». ئاندىن پۇشايمانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئاللاھ بىزگە بەرگەن بىر سەلتەنەتتۇر» دېدى.

مۇئاۋىيە بىن ئەبى سۇفيان

مۇئاۋىيە قۇرەيشنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر جەمەتلىرىدىن بىرسىنىڭ پەرزەنتى ئىدى. دادىسى ئەبۇ سۇفيان فەتھىتىن بۇرۇن قۇرەيشنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماي، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ رەئىسى ئىدى.

---

[33] ئىبنى كەسىر، ئەلكامىل فىتتارىخ، 3 ـ 3/ 2

فەتھەتىن كېيىن دادىسى بىلەن بىرگە مۇسۇلمان بولدى. مۇئاۋىيە ئاقسۆڭەك بىر ئائىلىدە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن خەۋەردار، ساۋاتلىق بىر كىشى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەتراپىدىكىلەرنى قابىلىيىتىگە قاراپ خىزمەتكە قوياتتى. بۇ قاتاردا مۇئاۋىيەگە ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئادا قىلىشى يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ بېرىلىشىگە ۋەسىلە بولغانىدى.

رەسۇلۇللاھتىن كېيىنكى ئىككى خەلىپىمۇ ئۇنىڭغا ھاكىمىيەت قاتلىمىدا ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى بەرگەنىدى. ھەزرىتى ئۆمەر قۇمدا يۈز بەرگەن ئىسيانىنى باستۇرۇش ۋەزىپىسىنى مۇئاۋىيەگە تاپشۇرغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇنى شامالغا ئەۋەتىلگەن قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن بولۇپ، خېلى كۆپ مۆتىۋەر ساھابە ئۇنىڭ قوشۇنىدا سەپ تۈزتقانىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ۋەزىپە تاپشۇرغان ۋالىيلارنىڭ ھال - ئەھۋالى ۋە ئۆزگىرىشلىرىگە ناھايىتى دىققەت قىلاتتى. بىرەرسىنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرگەن ھامان يۈز خاتىرە قىلماستىن شەرئەت نېمىنى تەقەززا قىلغان بولسا شۇنى قىلاتتى. بۇ مەزگىلدە ئەمىر مۇئاۋىيەنىڭ نەزەرگە ئالغۇدەك بىرەر خاتالىقى كۆرۈلمىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ۋالىيلىرىنى پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ يۇقىرىقى سەۋەبتىن مۇئاۋىيە ئۆز ئورنىدا تۇرىۋەردى.

مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدىمۇ ئۆز ئورنىدا تۇرىۋەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئىلگىرىكىدىن كېڭەيتىلگەنىدى. قىزىل دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە بولغان زېمىن ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچى مەركىزى

ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىگە تەڭ ھالغا كېلىپ قالغانىدى.

سىياسەت تارىخىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر ئەھۋال مەۋجۇت. بىر ۋالىي بىر جايدا كەڭ دائىرىلىك ھوقۇق بىلەن ئۇزۇن مۇددەت تۇرسا، بۇ ئۇنى سەلتەنەت سەۋداسىغا مۇپتىلا قىلىدۇ. مۇئاۋىيە دەل 16 يىل شام ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغانىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇچىنچى راشىد خەلىپە ھەزرىتى ئوسمانغا مۇئاۋىيەنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەندە، ھەزرىتى ئوسمان: «ئۇنى ئۇ يەرگە ئۆمەر تەيىن قىلدى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. بۇنىڭغا ھەزرىتى ئەلى: ئۆمەرنىڭ قولى ئۆمەردىن مۇئاۋىيە قورققاندەك قورقمايتتى. ئۇ سەندىن قورقۇپ قالارمۇ؟...» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ قان دەۋاسىنى باھانە قىلىپ، قانۇنلۇق ھاكىمىيەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن شام ۋالىيسى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلغان ۋە كۆز تىككەن بۇ ماقامنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەر خىل تەدبىرلەرنى ئىشقا سالغانىدى.

خىلاپەتنى قىلىچ بىلەن چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان مۇئاۋىيە ئوقۇغان تۇنجى خۇتبىنى ئىبنى كەسىرنىڭ نەقىلىدىن ئاڭلايلى:

ئاللاھ قا قەسەم قىلىمەنكى، ھاكىمىيەتنى قولۇمغا ئالغان ۋاقتىمدا ھېچقايسىڭلار بۇنىڭدىن خۇرسەن بولمىدىڭلار، بۇنى بىلىمەن. ھەتتا بۇ ھەقتىكى ئوي - پىكرىڭلارنىمۇ بىلىمەن. لېكىن مەن بۇ ماقامنى قىلىچ بىلەن قولغا كەلتۈردۈم »[34].

نەبەۋى سىياسەت تارىخىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى تۇنجى قېتىم قىلىچ كۈچى بىلەن تارتىۋېلىنغانىدى. رەسۇلۇللاھ قانۇنلاشتۇرغان، راشىد خەلىپىلەر ئىجرا قىلىپ كەلگەن سىياسىي، ئىبادىي، ئىقتىسادىي ۋە

[34] ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە، VIII/135

ئىجتىمائىي بەلگىلىملەر شۇنىڭدىن باشلاپ شەرىئەتكە خىلاپ ھالدا ئۆزگەرتىلگەن ياكى تەرك ئېتىلىشكە باشلىغانىدى. شۇنىڭ قىلىپ شۇرانىڭ ئورنىنى «مىراس»، «ئەمىر بىلمەئرۇف»قا ئوخشاش بەزى پەرزلەر جىنايەت ۋە پىتنە قاتارىدا كۆرۈلۈشكە باشلانغانىدى. دۆلەت بىلەن ئاۋام ئارىسىغا ئۆتكىلى بولمايدىغان تاملار بەرپا قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان سۈننەتلەردىن ئاۋامغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇش، خۇتبىلەردە ئاۋامنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا ئوخشاش سۈننەتلەر تەرك قىلىنغانىدى. بەيئەت پۈتۈنلەي پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، قېنى، مېلى، ئار - نۇمۇسى ھارام قىلىنغانلار يولسىز ۋە كەيپى ھالدا سىياسىي جەھەتتىن قېنى، مېلى ۋە ئار - نۇمۇسى ھالال ھالغا كەلتۈرۈلەتتى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پاجىئەلىك مىساللار كېيىنكى بابلاردا تىلغا ئېلىنىدۇ.

مانا بۇلار بىر نەرسىنىڭ خەۋەرچىسى، يەنى نەبەۋى خىلاپەتنىڭ ئاخىرلىشىپ سۇلتانى خىلاپەتنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئەگەر بۇ پەرق ئايرىلمىسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى پاك ئىسلامنىڭ بىر پارچىسى دەپ قاراشقا باشلىنىدۇ. ئەڭ چوڭ خەتەر مانا بۇ ۋاقىتتا باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ.

شەخسلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى شەخسلەرگە يېزىشنى ياقتۇرمىغانلارنىڭ بۇ خاتالىقلارنى ئىسلامنىڭ زۇلۇمدىن پاك بولغان سەھىپىلىرىگە يېزىلىشىغا بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى خىيانەت بولمىسا ھاماقەتلىكتۇر، جاھالەتتۇر، قارىغۇلارچە ئەگىشىشتۇر. بىز بىر شەخسنى ئاقلاش ئۈچۈن بىر دىننى ۋە ئۇ دىنىنىڭ بارلىق مەنسۇپلىرىنى تۆھمەت ئاستىغا ئالىدىغان بۇنداق مۇئامىلىلەرنى سەۋەبى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قوبۇل قىلماسلىقىمىز كېرەك. تارىختا بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى، تەرەپۋازلىقىنى ۋە مەشرەپلىرىنى ئەبەدىي ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى خۇددى ئەقىدە مەسىلىسىدەك قىلىپ كۆرسىتىشتىن تەپ تارتمىغان. ئەقىدە لىباسى كىيگۈزۈپ قويۇلغان

قاراشلىرىنىڭ لىباسىنى سالدۇرۇپ، ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىماقچى بولغانلارنى بىپەرۋالارچە ئەيىپلىگەن، قارا چاپلىغان، تۆھمەت قىلىپ مەھكۇم قىلىشقا ئورۇنۇپ كەلگەندى. خاتالىقنى ساۋاپ قىلىپ كۆرسىتىش نەقەدەر خەتەرلىك بولسا، ساۋاپنى خاتا قاتارىدا كۆرسىتىشمۇ شۇنچىلىك خەتەرلىكتۇر.

ھېچكىمنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشقا يېشىل چىراق يېقىپ بەرمىگەن ياكى ئىمتىياز بەرمىگەن بىر دىنىنى بۇنداق تۆھمەت ئاستىدا قالدۇرىدىغان ھەر قانداق پوزىتسىيە بولسا ئۇ دىنغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ زۇلۇم ۋە جىنايەتتۇر.

ھازىر ئاچىدىغان تارىخ بەتلىرىنى ئادالەت ۋە سالماقلىق بىلەن ئوقۇيدىغان بولساق، بىز ۋە بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تولۇملىرىدا غىزاغا ئايلىنىدىغان «ھېكمەت»نى بۇ بەتلەردە ناھايىتى كۆپ تاپالايمىز.

سەئىد بىن ئەبى ۋەققاس مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا كىرگەندە مۇنداق سالام بەرگەندى:

«سالام ساڭا ئى پادىشاھ!»[35].

مۇئاۋىيەمۇ بۇ ماقامنىڭ خىلاپەت ماقامى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى ۋە مۇنداق دېگەندى:

مەن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى سۇلتانى»[36].

تۇزۇملىرىنى رەسۇلۇللاھ بەلگىلىگەن نەبەۋى خىلاپەتنىڭ ماھىيىتى تۇنجى قېتىم ئۆزگەرتىلگەندى. نەبەۋى خىلاپەتنىڭ ئالاھىدىلىكى «بېرىلگەن» بولۇشى، سۇلتانى خىلاپەتنىڭ ئالاھىدىلىكى «ئېلىنغان» بولۇشى ئىدى. بۇ ئىسلامى سىياسەتتە ئەڭ ئاساسلىق پەرقلەردىن

[35] ئىبنۇل ئەسىر، ئەل ـ كامىل، III/275

[36] ئىبنى ئابدىلبەرر، ئەل ـ ئىستىئاب، III/380؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە، VIII/137

بىردۇر. چۈنكى بۇ پەرق بىلەن ئىسلامى سىياسەتنىڭ ئىككى ئاساسلىق شەرتى بولغان بەيئەت ۋە شۇرا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولىدۇ.

ئىسلامى سىياسەتتىكى بۇ تۈپ ئۆزگىرىشلەر باشقا تەرەپلەردىمۇ مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ دۆلەت دىنغا ئەمەس، دىن دۆلەتكە تەۋە بولغانىدى. راشىد خەلىپىلەر شەرىئەتكە ئۆزىنى بويسۇندۇرغان بولسا، ئۇلاردىن كېيىنكىلەر شەرىئەتنى ئۆزىگە ماسلاشتۇردى.

مۇسۇلمان كاپىرغا مىراسچى بولالمايدىغان تۇرۇقلۇق، مۇسۇلمان كاپىرغا مىراسچى قىلىندى. شەرىئەتكە خىلاپ بولغان بۇ ئىجرائاتنى ئىمام زۇھرى رىۋايەت قىلغان. ئۇزۇن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ شەرىئەتكە خىلاپ بولغان ئىجرائاتنى راشىد خەلىپە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى.

يەنە بىر ئۆزگىرىش دىيەت مەسىلىسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنى ئىبنى كەسىردىن ئوقۇيلى:

«دىيەت مەسىلىسىدە مۇئاۋىيە سۈننەتنى ئۆزگەرتتى. سۈننەتتە مۇئاھىد (ئىسلام دۆلىتى بىلەن سۈلھى قىلغان غەيرى مۇسۇلمان)نىڭ دىيەتى مۇسۇلماننىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. لېكىن مۇئاۋىيە بۇنى مۇسۇلماننىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمىغا چۈشۈردى ۋە قالغان يېرىمىنى ئۆزى ئالدى»[37].

شەرىئەتتە غەنىيمەت ئېلىنغان مالنىڭ بەشتىن بىرى غەزىنىگە تەۋە بولۇپ، بەشتىن تۆتى ئۇرۇشقا قاتناشقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. مۇئاۋىيە بۇنداق قىلمىدى. غەنىيمەت ماللار ئىچىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئۆزى ئايرىپ ئېلىۋالغانىدى[38].

---

[37] ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە، VIII/141, 142

[38] ئىبنى سەئىد، تاباقات، VII/28, 29

يېڭى دەۋردە شەرىئەت ھۆكۈملىرىمۇ پەرقلىق شەكىلدە تەدبىقلىنىشقا باشلىغانىدى. مەسىلەن، بەسىرە ۋالىيسى ئابدۇللاھ بىن ئامىر خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا، بىر كىشى ۋالىينىڭ ساھابىگە ھاقارەت قىلىشىغا چىداپ تۇرالماي ۋالىيغا تاش ئاتتى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا قولى كېسىپ تاشلانغان ئۇ كىشى بۇ ئەھۋالنى مۇئاۋىيەگە شىكايەت قىلدى. مۇئاۋىيە:

«قولۇڭنىڭ دىيەتىنى بەيتۇلمالدىن تۆلەيمەن. لېكىن ۋالىيلىرىمنى جازالاندۇرمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

دۆلەت بولسا رەسۇلۇللاھ قۇرۇپ چىققان، راشىد خەلىپىلەر مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەن «شەرىئەت» دۆلىتى ئەمەس ئىدى. مەشھۇر زالىم ھەججاجقا ئوخشاش ئۇمەييە ئوغۇللىرى ئۈممەتنىڭ بېشىغا مۇسەللەت قىلغان ئازغۇنلاردىن بىرسى بۇسر بىن ئەرتاد ئىدى. مۇئاۋىيە بۇ كىشىنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇ يەمەنگە بارا - بارمايلا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋالىي ئابدۇللاھ بىن ئاببىاسنىڭ ئىككى كىچىك ئوغلىنى قەتلى قىلدۇرغان. بۇ جىنايەت كۆز ئالدىدا بولغانلىقتىن بالىلارنىڭ ئانىسى خۇدىنى يوقىتىپ قويغانىدى[39].

بۇ كىشى تېخى ھەزرىتى ئەلىگە بولغان بەيئىتىنى بۇزمىغان ھەمەدانىي «فەتىھ قىلىش»قا بۇيرىغاندا، ئۇ يەردە قىلغان زۇلۇملىرى تارىخنىڭ يۈزىنى قارايتقانىدى. ھەمەدانىنىڭ مۇسۇلمان ئاياللىرىنى جارىيە نىيىتىدە ئەسىر ئېلىپ قوللانغانلىقى بۇلاردىن پەقەت بىرسى.

ھېچكىم نەپرىتىنى ۋە غەزىپىنى ئىسىملارغا قارىتىدىغان خاتالىققا چۈشۈپ قالمىسۇن. بۇ زۇلۇملارنى سادىر قىلغۇچى كىشىلەر مەنسىپى ۋە چۈشەنچىلىرىدىن ئايرىپ تاشلانغان ۋاقىتتا ناھايىتى ياخشى بىر شەخس بولالايدۇ. لېكىن ئۇلارغا تىل بىلەن ئىپادىلەش ئاجىزلىق قىلىدىغان دەرىجىدىكى زۇلۇملارنى سادىر قىلغۇزغان ئامىل دەل «سەلتەنەتچى»

---

[39] ئىبنۇل ئەسىر، ئەل - كامىل، III/250, 251؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە، VIII/94

مەنتىق ئىدى. بۇ مەنتىقنىڭ بەلگىلىك تارىخى، زامانى ۋە ماكـانى يـوق. هەر دەۋردە، هەر جايدا، هەر گۇرۇهتىن مەلۇم بىرىگە چاپلىشىدۇ. ئەگەر دۈشمەن بولماقچى بولسا مانا بۇ مەنتىقە «سەلتەنەتچى» مەنتىقىگە دۈشمەن بولۇش كېرەك. مانا مۇشۇنداق بولغاندا، تارىخ يېزىشنىڭ ۋە ئوقۇشنىڭ مەقسىدى ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

بۇ دەۋردە مودا بولغان ئاشقۇنلۇقتىن بىرسى جاهىلىيەت دەۋرىگە خاس بولغان ئادەتلەردىن بىرى بولغان مېيىتقا زۇلۇم قىلىش باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى. بولۇپمۇ زۇلۇم قىلىنغان بۇ جەسەتلەر رەسۇلۇللاھنىڭ قىممەتلىك ئەسھابىلىرىنىڭ مېيىتلىرى ئىدى.

مېيىتنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن كېسىپ ئايرىۋېتىش زۇلۇمى تۇنجى بولۇپ ئەممار بىن ياسىر (رەزىيەللاھۇئەنهۇ)غا قىلىندى. تارتۇق ئېلىش ئۈچۈن كېسىلگەن كاللىلار مۇئاۋىيەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنەتتى. ساھابىدىن ئامر بىن هامىقنىڭ جەستىگىمۇ بۇ زۇلۇم قىلىنغانىدى. بىر پەرق شۇكى، بۇ قېتىم خەلىپىنىڭ ئەمرى بىلەن كاللىسى شەهەرمۇ - شەهەر ئايلاندۇرۇلۇپ سازايى قىلىنغانىدى[40]. بۇ مۇئامىلە يەنە ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بولغان، ئەۋلادىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بولغان مۇھەممەد بىن ئەبۇ بەكرى، نۇمان بىن بەشىر ۋە مۇسئاب بىن زۇبەيرگىمۇ قىلىنغانىدى. مۇھەممەد بىن ئەبۇ بەكرىنىڭ جەسىدى ئاخىرى بىر ئېشەك تاپى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرىۋېتىلگەنىدى.

بۇ دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان بىدئەتلەردىن بىرسى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇلار هەققىدە ئاللاھ تىن قورقۇڭلار» دېگەن ئەسھابىغا هاقارەت قىلىش بىدئەتى ئىدى. مۇئاۋىيە هەر قايسى ۋىلايەتلەرگە تەيىنلىگەن ۋالىيلىرىغا: «ئەلىگە، ئوسمانغا هاقارەت قىلىشتىن تەپ تارتىپ قالماڭلار» دېگەنىدى. بۇ بىدئەت شۇنداق ئومۇملاشتىكى، رەسۇلۇللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان

---

[40] ئىبنى سەئىد، تاباقات،VI/25

كىشىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ مەنىۋي ھوزۇرىدا، يەنى مەسجىدىدە ھاقارەت قىلىناتتى.

بۇ ئىشنىڭ ئەڭ رەزىل تەرىپى شۇكى، جۈمە خۇتبىلىرىنى ساھابىگە ھاقارەت قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ ئەنئەنە ھالىتىگە كەلتۈرۈلىشى ئىدى. بۇ رەزىل ئەنئەنە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بۈگۈنمۇ ئوقۇلىۋاتقان نەھل سۈرىسىنىڭ 90 - ئايىتى ئالدى.

سەلتەنەت بىر نەرسىنىڭ كۈچىنى ناھايىتى ئوبدان بايقىغان بولۇپ، بۇ كۈچنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئىشلەتتى. يەنى مەسجىدلەر. زامانىۋى دۆلەتلەردە تاراتقۇلار ئۈستىگە ئالغان بۇ خىزمەتنى ئىسلام ئەللىرىدە مەسجىدلەر ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئىسلامنىڭ بۇ ئۆزگىچە ئورگانلىرى ئىبادەتخانا بولۇش بىلەن بىرگە، جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرىدىغان مەركەز ئىدى. رەسۇلۇللاھ مەسجىدلەردىن كەڭ دائىرىدە پايدىلانغان بولۇپ، مەسجىدلەرنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. بۇ ئورگانلارنىڭ جەمئىيەتتە ئوينايدىغان ھەر تەرەپلىمە رولى ئايرىم بىر تېما.

ھاكىمىيەت ئالماشقاندىن كېيىن مەسجىدلەرنىڭ فۇنكسىيىسىمۇ ئۆزگەردى. مەسجىدلەرنى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان كۈچ ئىسلامنىڭ بۇ ئورگىنىنى ئۆز سەلتەنىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، مۇخالىپلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ تەشۋىقات مەركىزىگە ئايلاندۇرغانىدى.

خۇتبىلەردە ساھابىلەرگە ھاقارەت قىلىش ئىشى مۇسۇلمان ئاممىسىدا كۈتۈلمىگەن نارازىلىق پەيدا قىلدى. بۇ بىدئەتنىڭ يەنە بىر سەلبىي نەتىجىسى ئالىم، نادان بىرمۇنچە كىشىنى جۈمە نامىزىدىن سوۋۇتقانىدى. جۈمەگە داۋاملىق قاتنىشىۋاتقان كىشىلەر يا چىدىيالماي مەسجىدتە رەددىيە بېرەتتى ياكى تالاغا چىققاندا ساھابىلەرگە ھاقارەت قىلغان ۋالىيلارغا تاش ئاتاتتى. كۇفە ۋالىيسى بىن زىياد بىر قېتىم تاش ئاتقان

سەكسەن كىشىنىڭ قولىنى كەستۈرگەنىدى. بۇ بىدئەتكە قارىتا نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى ھاكىمىيەت رەھىمسىزلىك بىلەن قاتتىق جازالايتتى.

## ھىجر بىن ئادىي

«ۋەللاھى، ئەگەر ئۆلۈمدىن قورقۇپ نامىزىنى ئۈزۈن ئوقۇدى دەپ قالمايدىغان بولساڭلار، نامىزىمنى تېخىمۇ ئۇزۇن ئوقۇيتتىم. بۇ ھاياتىمدا ئوقۇغان ئەڭ قىسقا ناماز ئىدى». ئاندىن مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئاللاھىم! كۇفە بىزنىڭ زىيىنىمىزغا شاھىتلىق قىلدى. شام بىزنى ئۆلتۈرىۋاتىدۇ. بىزنى ئۆلتۈرسەڭلارمۇ بۇ يولدا ئۆلتۈرۈلگەن بىر جەڭگىۋار بولۇپ ئۆلىمەن. ئىتلار تىتما - تىتما قىلغان ئادەم بولىمەن».
ھىجر بىن ئادىي (رەزىيەللاھۇئەنھۇ)

مۇغىرە بىن شۇبەنى كۇفەگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن ئەمىر مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى:

«ئەلىگە لەنەت، ئوسمانغا مەدھىيە ئوقۇشتىن يالتىيىپ قالما!».

مۇغىرە خۇتبىگە چىقىپ سۆزىنى ساھابىگە لەنەت ۋە تىل - ئاھانەت بىلەن تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇيەردە ئولتۇرغان ھىجر بىن ئادىي (رەزىيەللاھۇئەنھۇ) مۇنداق دەپ ۋارقىرىدى:

«ئەكسىچە ئاللاھنىڭ لەنىتىگە سىلەر تېخىمۇ لايىق!».

تېخى يېقىنقى 10 يىلنىڭ ئالدىدا خەلىپىلەر خەلقنى ئاللاھنىڭ غەزىپى بىلەن قورقۇتقان بولسا، مانا ئەمدى ئاللاھنىڭ غەيرىسى بىلەن قورقۇتىۋاتاتتى. ۋالىينىڭ ھەزرىتى ھىجرگە جاۋابى مۇنداق:

«ئىست ساڭا ئەي ھىجر، مەن سېنىڭ ۋالىيڭ. سۇلتاندىن قورققىن، سۇلتانىنىڭ غەزىپىنىڭ ۋە سەلتەنىتىنىڭ سېنى ۋە ساڭا ئوخشاشلارنى ھالاك قىلىشىدىن قورق!».

بۇ سەھنىلەر ھەر جۇمە داۋاملىشاتتى. «ھىجرنى ئۆلتۈرا» دېگەن تەكلىپكە مۇغىرە بىن شۇبە مۇنداق جاۋاب بېرەتتى:

مۇئاۋىيە دۇنيادا سەلتەنەت سۈرسۇن دەپ مۇغىرە ئاخىرەتتە ئازاپ تارتىشنى خالىمايدۇ».

ھەزرىتى ھىجرنىڭ ساھابىلەر ئارىسدا ياخشى كۆرۈلگەن بىر كىشى بولۇشى ۋە مۇتتەقى كىشىلىكى ئۇنى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۇنىڭغا قول سېلىشىدىن ساقلاپ قالاتتى. ئىبنى زىياد كۇفە ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن قىلغان تۇنجى ئىشى ھەزرىتى ھىجر ۋە دوستلىرىنى تۇتۇپ شامغا ئەۋەتىش بولدى. مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئەلىنى لەنەتلەش تەكلىپىنى رەت قىلىش گۇناھى بولغان بۇ 11 كىشىگە ھۆكۈم چىقارغۇزىدۇ. نەتىجىدە قازى شۇرەيخ «ھىجرنىڭ قېنى ۋە مېلى ھارامدۇر» ھۆكمىنى بېرىدۇ. مۇشۇنداق ھۆكۈم چىققان بولسىمۇ، مۇئاۋىيە يەنىلا ھىجرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئۆلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا يەنە بىر پۇرسەت بېرىدۇ. ئەگەر ساھابىگە تىل تەككۈزسە ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىناتتى. «مەن رەببىم رازى بولمايدىغان بىر سۆزنى ئاغزىمغىمۇ ئالالمايمەن» دېگەن ھەزرىتى ھىجر ساھابىلەرگە لەنەت ئوقۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغان باشقا دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە مەرجى ئازرا دېگەن بىر يەردە قەتىل قىلىندى»[41].

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇراھمان بىن ھەسەن قورقۇنچلۇق شەكىلدە قەتلى قىلىنغان ئىدى. ئەمىر مۇئاۋىيە «جازاسىنى تازا ئېغىرلاشتۇرۇپ سەن بەرگىن!» دەپ ئۇنى ئىبنى زىيادقا ئەۋەتتى. ئىبن زىياد ھەزرىتى ئابدۇراھماننى تىرىك پېتى كۆمگۈزۈۋەتتى[42].

---

[41] تاباري، تارىخ، V/275
[42] تاباري، تارىخ، V/253-277

ھىجرىنىڭ شاھادىتىدىن بارلىق ساھابىلەر چوڭقۇر قايغۇغا چۆمگەن ئىدى. بۇ زۇلۇمنى ئاڭلىغان مۇئاۋىيەنىڭ خۇراساندىكى ۋالىيسى رەبى بىن زىياد مەسجىدتە توپلانغان خەلقنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ مۇنداق دېدى:

مەن بىر دۇئا قىلماقچى، سىلەرمۇ "ئامىن" دېيىشىپ بېرىڭلار. چۈنكى بۇندىن كېيىن ياشاشنىڭ ھېچ بىر ئەھمىيىتى قالمىدى. ئەي رەببىم! سېنىڭ دەرگاھىڭدا مېنىڭ بىر قىممىتىم، قوبۇل قىلىنغان كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ئەملىم بار بولسا مېنى بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كەت!».

ئۇ ئۆستىگە كېپەنلىك بولغۇدەك بىر نەرسە كىيگەن ئىدى. جامائەتكە نامازنى ئوقۇپ بېرىپ مەسجىدتىن چىقتى ۋە شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە ۋاپات بولدى»[43].

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە مۇئاۋىيە بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەلەتىگە قاراپ مۇنداق ۋارقىرىغان ئىدى:

«ئەي مۇئاۋىيە! ھىجر بىن ئادىينى ئۆلتۈرگەن ۋاقتىڭدا ئاللاھتىن ھېچ بىر قورقمىدىڭمۇ ».

ھەسەن ئەلبەسرى مۇنداق دەيدۇ:

«مۇئاۋىيەنىڭ تۆت ئىشى باركى، بۇلاردىن بىرەرسىنى ئادەتتىكى بىر ئادەم سادىر قىلغان بولسا ئىدى، ئۆزىگە تولىمۇ خەتەر تۇغدۇرغان بولاتتى. بىرىنچىسى، ئۇ ھاكىمىيەتنى شۇرا يولى بىلەن ئەمەس، قىلىچ ئارقىلىق قولغا كەلتۈردى. ئىككىنجىسى، ئوغلىنى ۋەلى ئەھدى يەنى تەخت ۋارىسى دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن ئۇ يەزىدىنىڭ ھاراقكەش، پاھىشۋاز، يىپەكتىن كىيىم كىيىپ، كەيپ - ساپا قىلىپ يۈرىدىغان بىرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۈچىنچىسى، سۇمەييەنىڭ ئوغلى زەيدىنى نەسەبىگە قوشۇۋېلىپ، رەسۇلۇللاھ ھارام قىلغان بىر ئىشنى قىلدى ۋە

---

[43] تاباری، تاریخ، V/291

دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورۇنلىرىنى تۇققانلىرى بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. تۆتىنجىسى، ھىجر ۋە دوستلىرىنى قەتلى قىلدى»[44].

ھەزرىتى ئۆمەر: «يېڭىلارىدا مۇئاۋىيە بولسا كىسرا ۋە قەيسەرنى ئەسلەيسلەر»[45] دېگەن. ئەمىر مۇئاۋىيە يېنىدىكى بىر ئادەمگە مۇنۇلارنى ئېتىراپ قىلغانىدى:

«ئى ئىبنى مەسئادە! ئاللاھ ئەبۇ بەكرىگە رەھمەت قىلغاي! ئۇ نە دۇنيانى خالىدى، نە دۇنيا ئۇنى خالىدى. ئۆمەرگە كەلسەك، دۇنيا ئۇنى خالىدى، لېكىن ئۇ دۇنياغا بىرىلىپ كەتمىدى. ئوسمانغا كەلسەك، دۇنيا ئۇنىڭغا كەلدى، ئۇمۇ دۇنياغا نائىل بولدى. ئەمما بىز ... بىز دۇنيانىڭ ئىچىدە كىرلەندۇق، دۇنيانىڭ چاڭ - توزانلىرىغا غەرق بولدۇق». ئاندىن پۇشايمانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئاللاھ بىزگە بەرگەن بىر سەلتەنەتتۇر» دېدى[46].

## ئاتىدىن بالىغا

يا رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش قىلسەن. ئۆزەڭگە ھېچكىمنى ۋارىس قىلىپ تەيىن قىلمايسەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇممەت ئۆز ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلىدۇ. يا ئەبۇ بەكرىگە ئوخشاش ۋەلىئەھدى تەيىنلەش ئورنىغا ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭدىن بىرسى بولماسلىق شەرتى ئاستىدا بىر كىشىنى خەلىپە نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىسەن... ياكى بولمىسا ئۆمەرگە ئوخشاش پەقەت بىر كىشىنى كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا بىر ھەيئەت بەلگىلەيسەن.

ئابدۇللاھ بىن زۇبەير

---

[44] ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە، VIII/133

[45] تابارى، تارىخ، V/330

[46] تابارى، تارىخ، V/334

ھىجرەتنىڭ 56 - يىلى. كۇفە ۋالىسى مۇغىرە بىن شۇبە ياشىنىپ قالغان ئىدى. كۇفەدەك داۋالغۇش ئىچىدىكى بىر شەھەردە، مەركەزنىڭ كونتىرولىدىكى بىر ئونۇمگە ئىگە بولالمايۋاتاتتى. مۇئاۋىيەنىڭ ئۆزىنى پىنسىيەگە چىقىرىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇ يەزىدكە بەيئەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ بەيئىتىنى دادىسىغا يەتكۈزىدىغانلىقى ۋە ئۆزى ھەققىدە شاپائەتچى بولىدىغانلىقى خىيالىدا ئىدى. ئىش ئويلىغىنىدەك بولدى. شام ئۇنى يەزىدكە بەيئەت ئاستىدا خىزمەت قىلىشقا بۇيرىدى. مۇغىرە مۇرادىغا يەتكەن ئىدى[47].

بۇ يەزىدكە قىلىنغان تۇنجى بەيئەت ئىدى. مۇغىرەنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولغان مۇئاۋىيە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى سورىغان ۋاقتىدا مۇنداق جاۋابقا ئېرىشتى:

«ئەي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئوسماننىڭ شاھادىتىدىن كېيىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كۆردىڭىز. سىز ھايات ۋاقتىڭىزدە خەلقنى يەزىدكە بەيئەت قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىڭىزگە ۋارىس قىلىڭ. بۇنداق قىلسىڭىز كېيىن چىقىدىغان ئىختىلاپلارنىڭ ئالدىنى ئالغان بولىسىز».

شۇنداق قىلىپ ئىش خەلقنىڭ ۋە جامائەت مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا قاراشلىق بولۇپ قالغان ئىدى. مۇغىرە كۇفەلىكلەرنىڭ بەيئەت ئىشىنى ئۆزىنىڭ ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بۇرۇنقى مەنسىپىگە قايتىدىن ئېرىشكەن ئىدى.

مۇغىرە كۇفەگە قايتقاندىن كېيىن قىلغان تۇنجى ئىشى 10 ئادەم تېپىپ ئۇلارغا 30000 دەرھەم پۇل بېرىش بولدى. بۇلار گويا كۇفە خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ئۇلار بۇ سالاھىيەت بىلەن شامغا ئەۋەتىلدى. بۇ ساختىنا ھەيئەتنىڭ باشلىقى مۇغىرەنىڭ ئوغلى مۇسا ئىدى. ھەيئەت يەزىدنىڭ ۋەلىئەھدى بولۇشىنى كۇفە خەلقى نامىدا تەلەپ

[47] تابارى، تارىخ، V/302

قىلىپ چىققاندىن كېيىن مۇئاۋىيە مۇسانى يالغۇز چاقىرتىپ مۇنداق دېدى:

- داداڭ بولارنىڭ ئىمانىنى قانچە پۇلغا سېتىۋالدى؟

- ئوتتۇز مىڭ دەرھەمگە.

- ئىست، دىنىنى بەك ئەرزان سېتىۋېتىپتۇ[48].

مۇئاۋىيە ئانچە ئاسان بولمايدىغان يەزىدكە بەيئەت قىلىش ئىشىنى تېزراق ھەل قىلىشنى ئويلايتتى. لېكىن بۇ ئىشنى قىلىشتا خېلى قېينالدى. چۈنكى يەزىدنىڭ قانداق بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى دوست - دۈشمەن ھەممىسى بىلەتتى. بۇ سەۋەبتىن دوستلىرىنى بولسىمۇ قايىل قىلىشى قىيىنغا توختىغاندى. مۇئاۋىيە بۇ قىيىن ئىشنى ئەقلىگە كەلتۈرەلىگەن ھەر قانداق چارىنى ئىشقا سېلىپ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھقا 100 مىڭ دەرھەم ئەۋەتكەن ئىدى. ھەزرىتى ئابدۇللاھ بۇ پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

«بۇ پۇللار ماڭا بىباھا دىنىمنى ناھايىتى ئەرزان باھاغا سېتىۋېتىشىم ئۈچۈن ئەۋەتىلدى»[49].

مۇئاۋىيە مەدىنە ۋالىسى مەرۋانغا بىر مەكتۇپ يازدى:

«مەن قېرىدىم. ئۆلۈشتىن بۇرۇن مەندىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بىر تەخت ۋارىسى بەلگىلەشنى خالايمەن. خەلقنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، بۇ ھەقتە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىر تىڭ - تىڭلاپ باق».

خەلقنىڭ جاۋابىنىڭ ئىجابى ئىكەنلىكى خەۋرىنى بەرگەن مەرۋان بۇ قېتىم ۋەلىئەھدىنىڭ يەزىد بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى يارلىقنى

---

[48] ئىبنۇل كەسىر، ئەل كامىل، III/350

[49] ئىبنۇل كەسىر، ئەل كامىل، III/351

تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى. ئۇ مەسجىدى نەبەۋىيىدە توپلانغان خەلققە ئەھۋالنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن بىلدۈردى:

«مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى سىلەرنىڭ كەلگۈسىڭلار ھەققىدە كۆپ ئويلىنىپ، قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن تىرىشچانلىقنى كۆرسەتتى. نىھايەت ئۆزىدىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى يەزىدنى ۋارىس قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردى. بۇ ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرەپتىن ئىلھام قىلىنغان ناھايىتى ياخشى بىر پىكىردۇر. مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرىنىڭ ئۆز ئورنىغا ۋەلىئەھدى بەلگىلەش پىكرى يېڭى بىر ئىش ئەمەس. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرمۇ مۇشۇنداق قىلغان ئىدى».

ئۇ سورۇندىكى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

«ئەي مەرۋان، سەنمۇ يالغان سۆزلەۋاتىسەن، مۇئاۋىيەمۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ. سىلەر ھېچقاچان مۇھەممەد ئۈممىتىنىڭ ياخشىلىقنى ئويلىشىپ قويمىدىڭلار. سىلەر مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق قەيسەرچىلىك (سەلتەنەتچىلىك) قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر. سىلەرگىمۇ مەلۇمكى، بىر قەيسەر ئۆلىدىغان بولسا ئورنىغا ئوغلى چىقىدۇ. ھەمدە بۇ قىلغانلىرىڭلار ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ سۈننىتى ئەمەس. بۇ ئۇلارنىڭ يوللىرىغا زىتتۇر. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۆز ئوغۇللىرىنى ئۆزلىرىگە ۋەلىئەھدى قىلىپ تەيىنلىگىنى يوق».

دېمىسىمۇ رېئاللىق ئابدۇراھمان بىن ئەبۇ بەكرى ئېيتقاندەك ئىدى. دادىدىن ئوغلىغا قالىدىغان سەلتەنەت سىستېمىسى ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەزرىتى ئۆمەر تۇنجى خەلىپىنىڭ سايلىنىش ئەسناسىدىكى بولۇپ ئۆتكەنلەرنى باشقىلار ئۈچۈن شەرئىي ئۆرنەك دەپ قارىمايتتى. بىر كۈنى خۇتبىدە ئىسلامىي سىياسەتنىڭ ئاساسى بولغان شۇرانىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدىغان مۇنداق قاتتىق سۆزلەرنى قىلغان ئىدى:

«سىلەردىن بەزىڭلارنىڭ "ئۆمەر ئۆلسە پالانىغا بەيئەت قىلىمەن" دېگەن خەۋەرلىرى ماڭا يېتىپ كەلدى. سىزلەردىن ھېچكىم ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپە بولۇشىنى بولۇپ قالدى دەپ ئۆزلىرىگە باھانە ئىزدىمىسۇن. شۇنداق، ئۇ شۇنداق بولۇپ قالغانىدى. ئەمما ئاللاھ شۇ جىددىيچىلىك سايىسىدە ئۈممەتنى بۇيۈك بىر پالاكەتتىن ساقلاپ قالدى. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا كۆزنى يۇمۇپلا ئىتائەت قىلغىلى بولىدىغان ئەبۇ بەكرىدەك بىرمۇ كىشى يوق».

«كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ شۇراسى (كېڭىشى) بولماستىن بىر ئادەمگە بەيئەت قىلىدىكەن، بۇ بەيئەت شەرئىي (قانۇنلۇق) ھېساپلانمايدۇ. بەيئەت قىلغانمۇ، بەيئەت ئالغانمۇ ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلغان بولىدۇ»[50].

رىۋايەتلىك مۇشۇنداق تۈرۈغلۇق بۇ ھەقىقەتنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. مۇئاۋىيە ھەر قايسى ۋىلايەتنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى سارىيىغا چاقىرىپ ئۇلارنى قايىل قىلىشنىڭ كويىدا ئىدى. ئىچىدە ئاھنەف بىن قايسمۇ بولغان بىر ھەيئەتتە بۇ زاتنىڭ نېمىشقا كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقىنى سورىغان مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئاھنەفتىن مۇنداق جاۋابنى ئالغان ئىدى:

«بىز توغرىنى ئېيتىش ئۈچۈن سەندىن، يالغان سۆزلەش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقىمىز»[51].

بۇلاردىن باشقىسى بىر ياقتا تۇرسۇن، ئۈممەتنىڭ ئەڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بەش كىشى يەزىدكە بەيئەت قىلىشنى رەت قىلغان ئىدى. بۇلار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇراھمان، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىن، ھەزرىتى زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ۋە ھەزرىتى ئاباسنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىدى.

---

[50] ئىبنى ھەجەر، فەتھۇلبارى، كىتابۇل ھۇدۇد، 149-XII/148 H. No: 6870

[51] ئىبنۇلئەسىر، ئەلكامىل، III/352

بۇ ئىسىملارنىڭ جەمئىيەت ئىچىدىكى مەنىۋى ئورنى كۆزدە تۇتۇلغاندا، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ جىددىيلىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشەنگىلى بولاتتى.

بۇ قەدەر بېسىم ئىشلىتىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مۇئاۋىيەنىڭ ۋالىغا يازغان پەرمانى ئىدى. بۇ پەرماندا بەيئەت قىلمىسا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئەمىر قىلىنغانىدى. بۇ ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ مەككىگە قاچىدىغانلىقى خەۋىرىنى ئالغان مۇئاۋىيە ئۇلارنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ قايىل قىلىشقا تىرىشتى. ئىبنى زۇبەيىر ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

«يا رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش قىلسەن، ئۆزەڭگە ھېچكىمنى ۋارىس قىلىپ تەيىنلىمەيسەن. شۇنىڭ بىلەن ئۈممەت ئۆز ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلىدۇ. يا ئەبۇ بەكرىگە ئوخشاش ۋەلىئەھدى تەيىنلەش ئورنىغا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭدىن بىرسى بولماسلىق شەرتى ئاستىدا بىر كىشىنى خەلىپە نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىسەن... ياكى بولمىسا ئۆمەرگە ئوخشاش پەقەت بىر كىشىنى كۆرسىتىشىنىڭ ئورنىغا بىر ھەيئەت بەلگىلەيسەن. ئۈممەتنىڭ شۇراسى كىمنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقىنى قارار قىلىدۇ. بۇ شۇرا ئەزالىرىمۇ سېنىڭ يېقىنلىرىڭ بولماسلىقى كېرەك».

مۇئاۋىيە باشقىلارنىڭمۇ ئوخشاش كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن تەھدىت سېلىشقا باشلىدى:

«ھازىرغىچە ھەرىكەتلىرىڭلارغا كۆز يۇمدۇم. ئالللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەردىن كىمكى مېنىڭ ئەمرىمگە قارشى چىقىپ، سۆزلىرىمگە جاۋاب قايتۇرۇشقا ئورۇنسا ئىككىنچى بىر سۆزنى قىلىشقا پۇرسەت بەرمەستىن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن».

بۇ سۆزلەردىن كېيىن نەۋكىرىگە مۇنداق بۇيرۇق قىلدى:

«بۇ ئادەملەردىن ھەر بىرىنىڭ يېنىغا بىردىن ئادەم قوي. كىمكى سۆزلىرىمگە جاۋاب قايتۇرۇشقا ئورۇنسا كاللىسىنى ئالسۇن!».

ھەممىسى بىرلىكتە ھەرەمگە كەلدى ۋە خەلققە مۇنداق دېدى:

«بۇ كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىدۇر. بۇلار بىلەن كېڭەشمەستىن ھېچقانداق ئىش قىلىنمايدۇ. ھەممىسى يەزىدكە بەيئەت قىلىشقا رازى بولۇشتى. ئەي مەككە خەلقى، سىلەرمۇ بەيئەت قىلىڭلار».

مەقسەت ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. مەككە خەلقىنىڭ بەيئىتى مۇشۇنداق بىر ئويۇن بىلەن ئېلىنغان بولدى[52].

مۇئاۋىيە سەكراتتىكى ۋاقتىدا ئوغلىغا مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغان ئىدى:

«ئوغلۇم بۇ ئىش (سەلتەنەت)نى سېنىڭ ئايىغىڭ ئاستىغىچە ئېلىپ كەلدىم. ھەممە نەرسىنى ساڭا ئاسان ھالغا كەلتۈرۈپ بەردىم. دۈشمەنلىرىڭنى خار قىلىپ، ئەرەبلەرنى ساڭا بويسۇندۇرۇپ بەردىم. ھېچكىم بىر يەرگە جەم قىلالمايدىغان مۈلۈكنى سەن ئۈچۈن بىر يەرگە يىغدىم.

مەن تۆت كىشىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ساڭا ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىشىدىن ئەنسىرىمەيمەن. ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىن، ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇراھمان.

ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ يالغۇز قالسا ساڭا بەيئەت قىلىدۇ. ئىسيان چىقمىغۇچە ھۈسەيىننىڭ ياقىسىنى ئىراقلىقلار قويۇۋەتمەيدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا سەن غالىپ كېلىسەن. ئەگەر ئىسيان چىقارمىسا سەنمۇ چىرايلىق مۇئامىلە قىلغىن. ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلىغا كەلسەك، ئۇ دوستلىرىغا قارايدۇ، ئۇلار نېمە قىلسا ئۇمۇ شۇنى قىلىدۇ. ئۇ تۇرمۇشىغا ئامراق. ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئەمما زۇبەيرنىڭ ئوغلى ... ئۇ شىرنىڭ كۈچى، تۈلكىنىڭ ھىيلىسى بىلەن ساڭا قارشى چىقىدۇ. بېشىڭنى يەنچىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت

---

[52] ئىبنۇلئەسىر، ئەلكامىل، III/354,355

پۈرسەت كۈتىدۇ. ئۇ ئەسلىدىلا مۇشۇنداق. ئەگەر ساڭا بۇنداق قىلىشقا تەمشەلسە، ئۇنىڭغا دۇنيانى زىندان قىل ۋە تىلىم - تىلىم قىلىپ تۇغرىۋەتكىن»[53].

مۇئاۋىيەنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بارلىق كۆزلەر بەيئەت قىلمىغان ئىسىملارغا تىكىلدى. بۇلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن مەدىنە ۋالىسى شۇنداق قاتتىق بېسىم ئىشلەتتىكى، بۇ بېسىم چىدىغۇسىز چەككە يەتكەندە يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىشتى. بىر كۈن پەرق بىلەن مەدىنىنى تەرك قىلغان ھەزرىتى ھۈسەيىن ۋە ئىبنى زۇبەير رەسۇلۇللاھنىڭ ھىجرىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر شەكىلدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ مەككىگە كېتىشتى.

مەدىنە ۋالىيسى بولۇپمۇ بۇ ئىككى شەخسكە قاتتىق بېسىم قىلغانىدى. مەدىنە ۋالىسى بۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھاقارەت قىلغۇزاتتى ۋە ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سېلىپ بېسىم قىلاتتى. بۇ بېسىملار ھەزرىتى ھۈسەيىننى شۇنچىلىك ئۈپىراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھالىنى ئەبۇ سەئىد ئەلمەقبۇرى مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدى:

«ھۈسەيىننى مەدىنىدىن ئايرىلىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن كۆردۈم. قىينىچىلىق ۋە بېسىم تۈپەيلىدىن شۇنچىلىك چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن بولۇپ، مەسجىدى نەبەۋىدە يۈرگىنىدە بىر تۇرۇپ ئوڭ بېقىنىدىكىگە، بىر تۇرۇپ سول بېقىنىدىكىگە يۆلىنەتتى»[54].

## ھۈسەيىن بىن ئەلى

---

[53] تاباري، تارىخ، V/342

[54] تاباري، تارىخ،V/342

تارت، ئۇ باشنىڭ ئويۇلغان يەرلىرىدىن قامچاڭنى تارت ئەي يەزىدا! سېنىڭ قىيامەتتىكى شاپائەتچىڭ ئىبنى زىياد، ئۇنىڭ شاپائەتچىسى مۇھەممەد (سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم)دۇر.

ئەبۇ بەرزە ئەل -ئەسلەمى

زۇلۇم بىلەن كۈيرىنى، ئادالەت بىلەن ئىمانىنى ئوخشاش دەرىجىگە قويغان قۇرئانىڭ باشتىن ئاخىر زۇلۇم ۋە زالىمنى مەھكۇم قىلغان تەلىماتى مەيلى قانداق باھانە كۆرسىتىشتىن قەتئىينەزەر زۇلۇمنى يوللۇق كۆرسەتمەكچى بولغانلارنىڭ يۈزىگە تا قىيامەتكىچە ئۇرۇلىدىغان ئىلاھىي تەستەكتۇر. بۇ خاتا چۈشەنچىنى زۇلۇمنىڭ يەنە بىر يۈزى بولغان مالىمانچىلىق (پىتنە) باھانىسى بىلەن سىياسەت پەلسەپىسى ھالىغا كەلتۈرۈپ، زۇلۇم ۋە سەلتەنەتنى يوللۇق قىلىپ كۆرسەتكەنلەر ئۈممەت بۆگۈن چۈشۈپ قالغان بۇ قورقۇنچ خارلىقنى كۆرگەن بولسا ئىدى، قىلغان ئىشىنىڭ ۋابالىنىڭ نەقەردە چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتكەن بولاتتى.

ئىمامەت ۋە سەلتەنەت مەسىلىسىدە ئۆزگىچە ئورنى بولغان ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ شاھادىتىنى ئادەتتىكى بىر ۋەقە سۈپىتىدە ئەمەس، ئەكسىچە يىلتىزى بۇرۇندىن تارتىپ داۋام قىلغان نۇبۇۋۋەت ۋە سەلتەنەت ئارىسىدىكى كۈرەشنىڭ داۋامى دەپ قاراش كېرەك. بۇ تارىخى ۋەقەلەرنىڭ خۇددى تۈنۈگۈن يۈز بەرگەنىدەك، پەرقلىق زامان ۋە ماكانلاردا پەرقلىق ئىسىملار ئارىسىدا بۆگۈنمۇ شۇ پېتى يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم. مۇھىم بولغان نەرسە بۇ تارىخي ۋەقەدە كىمنىڭ كىملەرنىڭ يېنىدا سەپ تۇتقانلىقىدۇر.

كەربالا ۋەقەسى نۇبۇۋۋەت ۋە سەلتەنەت ئۈچۈن بىر سىمۋولدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوخشاش ئېتىقادتىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئوتتۇرىغا

چىققان ئىككى پەرقلىق يولنىڭ ئەڭ تىپىك ئۆرنىكىدۇر. بۇ پەرقلىق يوللار نۇبۇۋۋەتكە ۋەكىللىك قىلغان «ھۇسەيىن يولى» بىلەن سەلتەنەتكە ۋەكىللىك قىلغان «يەزىدى يولى»دۇر.

ئالدىنقىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېزىلىش، مۇھاجىرەت، پىداكارلىق، ئادالەت، شاھادەت، جاسارەت، ئىززەت ۋە قىيامغا ۋەكىللىك قىلىشى بولۇپ، كېيىنكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى سەلتەنەت، زۇلۇم، ھىيلە، زۇلۇمغا رازى بولغان كىبىرنىڭ سىمۋولى بولۇشى ئىدى. ھەر كىم بۇ ئەزەلى كۈرەشتە ئۆزىگە ياراشقان ئورۇندا يەر ئالىدۇ. ئەمما قايسى تەرەپتە؟

كۇفەلىكلەر «رەببىم، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقازغىن» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ مەككىدە پاناھلانغان ھەزرىتى ھۇسەيىننىڭ يېنىغا كەلدى ۋە يەزىدنىڭ ۋالىيسىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جۇمە ئوقۇمىغانلىقىنى، ئۆزى (ھۇسەيىن)نى كۈتىۋاتقانلىقىنى، كەلسە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەزرىتى ھۇسەيىن ئۇلارغا تاغىسىنىڭ ئوغلى مۇسلىمنى ئەۋەتتى.

مۇسلىم بىن ئاقىل كۇفەگە كەلگەندە ئۇنىڭغا 12 مىڭ كىشى بەيئەت قىلدى. يەزىد كۇفە ۋالىيسى ئۇبەيدۇللاھ بىن زىيادنى مۇسلىمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. ۋالىي ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن مۇسلىمنى ئۆيىدە يوشۇرۇپ قويغان ھانى بىن ئۇرۋەنى سارىيىغا چاقىرتىپ زىندانغا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى مۇسلىم بىن ئاقىل ئۆزىگە بەيئەت قىلغانلارنى قىيامغا چاقىردى. دەسلەپتە بۇ چاقىرىققا 4000 كىشى ئاۋاز قوشقان بولۇپ، تاڭ ئاتقاندا ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم قالمىغانىدى. ئۆزى يالغۇز جەڭ قىلغان مۇسلىم ئەسىرگە چۈشتى ۋە كاللىسى ئېلىندى[55].

ھەزرىتى ھۇسەيىن بۇ ۋەقەلەردىن بىخەۋەر ھالدا خىيانەتلەر شەھىرى كۇفەگە قاراپ ئاتلانغان ئىدى. ئۇلار ئەر - ئايال، چوڭ كىچىك جەمئىي

---

[55] تاباري، تارىخ، V/350

72 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 32 ئاتلىق بار ئىدى.

يېرىمىدىن كۆپرەكى ئايال ۋە كىچىك باللاردىن تەشكىل تاپقان بۇ كارۋاننى يەزىدنىڭ سەركەردىلىرىدىن ئۆمەر بىن سەئىد 4000 كىشىلىك سەر خىل قوشۇن بىلەن توستى.

ھەزرىتى ھۈسەيىن يېنىغا ئەسكەر يىغمىغان بولۇپ، ئۇرۇش قىلىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ:

«بىزنى قويۇپ بېرىڭلار، قايتىپ كېتەي ياكى باشقا بىر مەملىكەتكە چىقىپ كېتەي. ئەگەر بۇ تەكلىۋىمنى رەت قىلساڭلار مېنى ئۇدۇل يەزىدنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىڭلار» دېگەنىدى.

لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. بۇ ئەھۋالدا ئۇرۇشۇپ مەردلەرچە شېھىت بولۇشتىن باشقا چارە قالمىغانىدى. ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شېھىت بولدى.

ھەزرىتى ھۈسەيىن شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن كىيىمى سالدۇرۇلدى. يالىڭاچ بەدىنى ئۆتمۈتۆشۈك قىلىنىپ، كاللىسى ۋۇجۇدىدىن ئايرىپ تاشلىنىپ يەزىدنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ۋاقىتتا ھەمشىرىسى زەينەپ بىنتى پاتىمە مۇنداق نىدا قىلغانىدى:

«يا مۇھەممەدا يا مۇھەممەدا! سامانىڭ مالائىكىلىرى سالات (ياردەم) قىلغان ئىنسان! مانا ئالدىمدا تۇرغان، جەسىدى تىتمىتىت قىلىپ تاشلانغان، ئەزالىرى كېسىپ تاشلىنىپ قانلار ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتقان مېيىت سېنىڭ ھۈسەيىنىڭدۇر!... مۇھەممەدا! قىزلىرىڭ ئەسىر ئېلىنىدى، نەسلىڭ قەتلى قىلىندى!...»[56].

بۇ ۋەقەدىن كېيىن يەزىدنىڭ كۇفە ۋالىيسى خۇتبىگە چىقىپ:

---

[56] تاباري، تاريخ، V/456

«يەزىدنى مۇزەپپەر قىلىپ، ھەق ۋە ھەق ئەھلىنى ئېزىپ قىلغان، يالغانچىنىڭ ئوغلى يالغانچى ھۇسەيىن ۋە شىئەسى (تەرەپتارلىرى)نى ئۆلتۈرگەن ئاللاھ قا ھەمد بولسۇن!» دېدى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن ئۇ سورۇندىكى ئەما ئابدۇللاھ بىن ئەفىف (ئۇرۇشتا ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى) ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

«ئەي مەرجانەنىڭ ئوغلى، يالغانچى دېگەن سەن، سېنىڭ داداڭدۇر. سېنى ۋالىي قىلىپ تەيىن قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ دادىسىدۇر. ئەي مەرجانەنىڭ ئوغلى، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۇرۇپ، يەنە سىددىقلارنىڭ ئاغزىدىن گەپ قىلىۋاتامسەن؟»[57].

يەزىد قولىدىكى قامچا بىلەن ھەزرىتى ھۇسەيىنىنىڭ كېسىلگەن بېشى بىلەن ئوينىشىۋاتقاندا، ئۇ يەردە تۇرغان ساھابە ئەبۇ بەرزە ئەل ئەسلەمى مۇنداق دېدى:

«تارت، ئۇ باشنىڭ ئويۇلغان يەرلىرىدىن قامچاڭنى تارت ئەي يەزىد! سېنىڭ قىيامەتتىكى شاپائەتچىڭ ئىبنى زىياد، ئۇنىڭ شاپائەتچىسى مۇھەممەد (سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم)دۇر» دېدى[58].

ئىبتىلىشلارغا قارىغاندا، يەزىد ھەزرىتى ھۇسەيىنىنىڭ كاللىسىنى كۆرۈپ «بەدرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم» دېگەن ۋە ئۆزىگە ئەسىر سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنگەن ئەھلى بەيتكە ياخشى مۇئامىلە قىلغان، غەنىيمەت سۈپىتىدە ئۇلاردىن تارتىۋېلىنغان ماللىرىنى ۋە زىننەت بويۇملىرىنى ھەسسىلەپ غەزىنىسىدىن تۆلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسىگە قارىتا ھەزرىتى ھۇسەيىنىنىڭ قىزى سۈكەينە مۇنداق دېگەن:

---

[57] تاباری، تارىخ، V/459
[58] تاباری، تارىخ، V/466

«ئـاللاھ بىلـەن قەسـەمكى، كۇپۇرلـۇق قىلغـانلار ئىچىـدە يەزىـدتىنمۇ ياخشىراق بىرسىنى كۆرمىدىم»[59].

## مۇئاۋىيە بىن يەزىد

... كېيىن چوڭ دادامغا (مۇئـاۋىيە) ئـۆتتى. ھـازىر ئەمـدى ئـۇ قەبرىـدە گۇناھلىرىنىڭ تۇتقۇنى ۋە گۇناھلىرىنىڭ ئەسىرىدۇر. دادامغا كەلسـەك... بىزگە ئەڭ ئېغىر كەلگەن ئىش ئۇنىڭ ياتقان يېرىنىڭ نېمە دېگەن يامـان جاي ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئىدى. ئۇ كەتـكەن يەر نـېمە دېـگەن يامـان جاي. چۈنكى ئۇ ئـاللاھ رەسۇلىنىڭ بـالىلىرىنى قەتلـى قىلـدى. ھـارامنى مۇباھ قىلدى ۋە كەئبىنى چېقىۋەتتى.

مەن ئۇلارنىـــڭ زۇلمىنـــى ئۈســتۈمگە ئارتىۋالالمـــايمەن. ســـىلەرگە ئىشـــىڭلارنى تاپشـۇرىمەن، ئـۆزۈڭلار بىـر تەرەپ قىلىڭـلار. ئەگەر دۇنيـا خەيرلىك بولىدىغان بولسا بىز ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزگە تېگىشلىكىنى ئالدۇق. ياق، ئەگەر بىز ئۇچۇن زىيانلىق بولسا ئەبۇ سۇفياننىڭ نەسلىگە تەكـكەن ئۆلۈش يېتەرلىك.

مۇئاۋىيە بىن يەزىد

ھەزرىتـى ھۈسـەيىن شـەھىد قىلىنغىنىغـا 3 يىـل بولغـان ئىـدى. ھىجرەتنىڭ 63 - يىلىدا مەدىنە خەلقى «فاسىق» ۋە «فاجىر» دەپ ئېلان قىلغـان ھـاكىمىيەتكە قارشـى قوزغالغانـدى. بۇنـىڭ بىـر ئىپادىسـى سۈپىتىدە يەزىدنىڭ ۋالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئابدۇللاھ بىن ھۇزافەنى ئۆزلىرىگە ۋالىي قىلىپ سايلىغانىدى.

[59] تاباری، تاریخ، V/464

شۇنىڭ بىلەن يەزىد مۇسلىم بىن ئۇقبەگە ئوخشاش زۇلۇم قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان بىرسىنى 12000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن مەدىنىگە ئەۋەتتى ۋە مۇنداق بۇيرۇق قىلدى:

«شەھەر خەلقىگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بەر. ئەگەر بۇ مۆھلەت ئىچىدە بەيئەت قىلمىسا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغىن. ئۇرۇشتا يېڭىۋالساڭ ئۈچ كۈنگىچە ھەر قانداق ئىشنى قىلساڭ بولىدۇ. شەھەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىڭغا رۇخسەت».

ھاررە ۋەقەسى دېگەن ئىسىم بىلەن تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ھەر تەرەپكە ئوت قويۇلدى. ئۆيلەر چېقىپ تاشلاندى. شەھەر ئاھالىسى تالان - تاراج قىلىندى. پەيغەمبەر شەھىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە بالىلىرىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ھەتتا بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماستىن كۆپىنچىسى ساھابىلەرنىڭ قىزلىرى بولغان مۇسۇلمان ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىندى. بۇ ئەسنادا 1000 غا يېقىن ئايال بۇ باسقۇنچىلىق سەۋەبىدىن ھامىلە بولۇپ قالدى[60].

تابىئىنلارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ھەسەن بەسرى ئۆزىدىن سورالغان بىر سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىدى:

«شامدىن (ئەمەۋىلەردىن) رازى بولۇش دېگەن قانداق گەپ؟ ئاللاھ ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بەرسۇن. رەسۇلۇللاھ ھارام قىلغاننى ھالال، ھالالنى ھارام قىلغانلار، ئۈچ كېچە - كۈندۈز پەيغەمبەر شەھىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ خەلقنى قەتلىئام قىلغانلار، پاك ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تەگكەنلەر، بەيتۇللاھنى مەنجانىق تاشلىرى بىلەن چېقىۋەتكەنلەر ئۇلار ئەمەسمىدى؟ ئاللاھنىڭ لەنىتى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە ياغسۇن ۋە يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولسۇن»[61].

---

[60] ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە، VIII/224؛ تابارى، تارىخ، 495-V/483

[61] ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە،VI/587,588

مەدىنە شەھىرىنىڭ ئۇلۇغلىقى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى بىلەن قەيت قىلىنغان. بۇخارى ۋە مۇسلىمدا بايان قىلىنغان بىر ھەدىستە «مەدىنە خەلقىنى زۇلۇم بىلەن قورقۇتقانلار ئاللاھنى قورقۇتقاندەك بولىدۇ. ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلىرىنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ لەنىتى ئۇلارغا بولسۇن» دېيىلگەن ئىدى.

ئاللاھ رەسۇلىنىڭ بۇ ئىپادىلىرىنىڭ مۇھاتابى بولغان بۇ قوشۇن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان بولسا كېرەك، مەدىنىنى تالان - تاراج قىلغاندىن كېيىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. 115 يىل بۇرۇن ئەبرەھە پىللار بىلەن كېلىپ مەقسىتىگە يېتەلمەستىن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىشنى ئۇنىڭدىن 115 يىل كېيىن سەلتەنەتنىڭ باشقا بىر قانىتى قىلىۋاتاتتى. كەئبىنى چېقىش ... مەنچاناقلىرى بىلەن كەئبىنى تاش يامغۇرىغا تۇتقان يەزىدنىڭ قوشۇنى بىلەن يەمەن ۋالىيسى ئەبرەھەنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پەرق بار ئىدى. ئالدىنقىسى مۇسۇلمانلارنىڭ سەلتەنەتچى زالىملىرى، كېيىنكىسى كاپىرلارنىڭ سەلتەنەتچى زالىملىرى ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ سەلتەنەتلىرى ۋە زۇلۇملىرى ئوخشاش نۇقتىدا ئۇچراشقانىدى. ھەسەن بەسرى يۇقىرىدىكى سۆزلىرىدە بۇ ۋەقەلەرنى ئىما قىلغان ئىدى.

يەزىدنىڭ ھىجرىيە 64 - يىلىدا ئۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولغان ۋە تارىخچىلار ئانچە بەك تىلغا ئېلىپ كەتمەيدىغان بىر زات بار ئىدى، يەنى «II. مۇئاۋىيە» دەپ ئاتالغان مۇئاۋىيە بىن يەزىد.

ھاكىمىيەت بېشىدا ئاران 3 ئاي تۇرغان بۇ زات پوزىتسىيىسى ۋە مۇئامىلىسى بىلەن ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمايتتى. دادىسى يەزىدنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن سىستېمىنىڭ تەقەززاسى بويىچە خەلىپىلىك ماقامىغا ئولتۇرغان ۋاقىتىدا مەسچىتكە توپلانغان خەلققە مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئەي ئىنسانلار! چوڭ دادام مۇئاۋىيە بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ۋە پەيغەمبەر (س ئە ۋ) گە يېقىنلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئورۇنغا ئۆزىدىن تېخىمۇ لايىق بولغان ئەلى بىن ئەبۇ تالىپقا قارشى ئۇرۇش قىلدى ۋە سىلەر بىلىدىغان

ئىشنى (بەيئەت) سىلەرگە تاشىدى. نىھايەت ئەجەل ئۇنى تاپتى. ئەمدى ئۇ قەبرىدە گۇناھلىرىنىڭ تۇتقۇنى ۋە خاتالىرىنىڭ ئەسىرىدۇر. ئۇندىن كېيىن بۇ ئىشنى دادام تاپشۇرۇپ ئالدى. ھالبۇكى ئۇمۇ خىلاپەتنىڭ ئەھلى ئەمەس ئىدى. ھاۋايى - ھەۋەسكە ئاجىز كېلىپ قالدى، قانائەتسىزلىك ئۇنى ئالدىغا سېلىۋالدى ۋە ئەجەلمۇ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. ئەمدى ئۇمۇ قەبرىدە گۇناھلىرىنىڭ تۇتقۇنى ۋە مەئسىيەتلىرىنىڭ ئەسىرى».

مۇئاۋىيە يىغلىدى. كۆز ياشلىرى چاناقلىرىدىن ئېقىشقا باشلىدى ۋە سۆزىنى مۇنداق داۋام قىلدى:

«بىزگە ئەڭ ئېغىر كەلگەن ئىش، ئۇنىڭ ياتقان يېرىنىڭ نېمە دېگەن يامان جاي ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئىدى. ئۇ كەتكەن يەر نېمە دېگەن يامان جاي. چۈنكى ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ نەۋرىسىنى قەتلى قىلدى. ھارامنى مۇباھ قىلدى ۋە كەئبىنى چېقىپ تاشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ زۇلمىنى ئۈستۈمگە ئارتىۋالالمايمەن. سىلەرگە ئىشلارنى تاپشۇرىمەن، ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار. ئەگەر دۇنيا خەيرلىك بولىدىغان بولسا بىز ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزگە تېگىشلىكىنى ئالدۇق. ياق، ئەگەر بىز ئۇچۇن زىيانلىق بولسا ئەبۇ سۇفياننىڭ نەسلىگە تەككەن ئۆلۈش يېتەرلىك. دىققەت قىلىڭلار! ھەسەن بىن مالىك نامازنى ئوقۇپ بەرسۇن ۋە خەلىپەڭلار ھەققىدە كېڭىشىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ياخشىلىق ئاتا قىلغاي»[62].

بۇ ئېسىل مۇئامىلىنىڭ ئىگىسى بولغان مۇئاۋىيە بىن يەزىد نەبەۋى سىياسەتنىڭ ئۇلى بولغان شۇرانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بەلكىم قولىغا ئۆتكەن مۇھىم پۇرسەتنى ياخشىلىققا قوللىنىشنى ئويلاشقان ئىدى. ناھايىتى ئاز مۇددەت خەلىپىلىك ماقامىدا ئولتۇرغان بۇ دۇرۇست زات سىرلىق بىر شەكىلدە ئۆلۈپ كەتكەن.

---

[62] ھ. ئىبراھىم ھەسەن، تارىخۇل ئىسلام، I/239

نېمشقىكىن ھەمىشە مۇشۇنداق بولاتتى. راشىد خەلىپە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ ئاقىۋىتىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتەتتى. بەلكىم بۇ ئەھۋاللار سەلتەنەت قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. كۆرۈنۈشتە سەلتەنەتنىڭ بېشىدا بىر كىشى باردەك كۆرۈنسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ نېئىمىتىدىن پايدىلانغانلارنىڭ سانى ئاز ئەمەس. تارىخ بويىچە بارلىق سەلتەنەتلەرنىڭ ئەڭ سادىق قوللىغۇچىلىرى بۇ «ئوتلاقچى گۇرۇپپا» بولۇپ كەلدى. ھەتتا سەلتەنەتنىڭ بېشىدا تۇرغان شەخس بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشنى ئويلاشسا ھاكىم كۈچ بولۇش نېئمىتىنىڭ كويىدا يۈرگەن بۇ گۇرۇھ ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيتتى. سەلتەنەت بېشىدىكى زات چېتىڭ تۇرۇۋالسا ئۇلار ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى يا ئالماشتۇراتتى ياكى كۆزدىن يوقىتاتتى. بۇ ئەڭ ئاخىرقى چارە ئىدى.

سەلتەنەتنىڭ بۇ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىسمى پادىشاھلىق، ئەمىرلىك، سۇلتانلىق، خەلىپىلىككە ئوخشاش قەدىمقى دەۋرلەردە ئۆزگەرمىگەندەك ئىسمى جۇمھۇرىيەت، سوتسىيالىستىك، دېموكراتىك بولغان زامانىۋى سەلتەنەتلەردىمۇ ئۆزگەرمىگەن ئىدى.

كېيىنكىلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئالدىغا ھۆكۈمەتلەرنى قونچاق قىلىپ تىكلىگەن بولۇپ، خەلقتىن بىر «زەربە» كەلسە زىيىنى ئۆزلىرىگە ئەمەس ئۇ قونچاق ھاكىمىيەتكە كېلەتتى. ئاندىن قونچاق ساقلانمىلار ساندۇقى ئىچىدىن باشقا بىرسىنى يەنە خەلقنىڭ ئۆزىگە تاللاتقۇزۇپ، خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ، كۆڭلىنى ئالاتتى. ئەگەر قونچاق ھاكىمىيەت خەلقنىڭ بېسىمى بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ پەردە ئارقىسىدىكىلەرنىڭ «ئالىي مەنپەئەتىگە» زىت بىرەر ئىشنى قىلسا، بۇ قېتىم زەربە ھۆكۈمەتنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلەتتى ۋە پەردە ئارقىدىكى كۈچ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايتتى.

يەنى، مىڭ يىلدىن بېرى سەلتەنەتتە ئادەتلەر ئەمەس، ۋاستىلار ئۆزگەرگەن ئىدى.

# ئابدۇللاھ بىن زۇبەير

ئـى بـالام، سـىنى ھەق ئۈسـتىدە دەپ بىلـىمەن. ئەگەر سـەنمۇ ھەق ئۈستىدە دەپ ئويلىساڭ توختىما، يولۇڭغا داۋام قىلـۋەر. سـىنىڭ سـادىق دوستلىرىڭ بۇ يولدا ئۆلدى. بوينۇڭدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۇنى كاپالەتكە ئـگە قىلىشـنى ئـويلىمىغىنكى، ئـۇمەييە ئوغـۇللىرى ئۇنـىڭ بىـلەن ئويناشمىسـۇن. ئەگەر دۇنيانـىڭ ئۆتكـۈنچى سـەلتەنىتىنى ئـارزۇ قىلغـان بولساڭ ئۇنداقتا سەن ناھـايىتى ناچـار بىـر بەنـدە بولغـان بولىسـەن. بـۇ ئۆزەڭنى ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرنى بىھۇدە قۇربان قىلغانلىقتۇر.

-ئەسما بىنتى ئەبى بەكىر

يەزىـدنىڭ ئۆلۈمـىدىن كېـيىن ماغدۇرسـىزلانغان ھاكىمىيەتنـىڭ بـۇ يوچۇقىدىن پايدىلانغان ئابدۇللاھ بىن زۇبەير خىلاپەت ماقامىغا ئۇمەييە ئوغۇللىرىدىنمۇ بەكرەك لايىـق دەپ قارىلـىپ، مەكـكە ۋە مەدىـنە خەلقى تەرىپىدىن خەلىپىلىككە سايلاندى.

يەزىدنىڭ قوشۇنلىرى كەئبىنى چىقىپ تاشلىغاندىن كېيىن كەئبىنـى باشتىن - ئاياغ يېڭىدىن سالدى. بۇ ئەسنادا ئۆزىمۇ بىر قوللۇق ئىشلىدى. قەتلىئامدىن قالغان جاراھەتلەرنى تېڭىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ئۆز ئار ياردەملىشـىش ھەرىكىتىنـى قانـات يايـدۇردى. بـۇ ئىجـابى خىزمەتلـىرى خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شـەھەلەر بىـر - بىـرلەپ ئۇنىڭغـا بەيئەت قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئەمەۋىي ۋالىيلـىرى ئـورنىنى ئابـدۇللاھ بىـن زۇبەيرنـىڭ ۋالىيلىرىغـا تەرك ئېتىشـكە باشـلىغاندى. شامنىڭ بىـر قىسـمىدىن باشـقا مىسـىر قاتـارلىق جـايلاردا ياشـاۋاتقان مۇسـۇلمانلار ئابدۇللاھ بىن زۇبەيرگە بەيئەت قىلغان ئىدى.

مەرۋان بىن ھەكەم خەلىپىلىك دەردى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، شامدىن مىسىرغىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلدى. مەرۋان ئۆلگەندىن كېيىن ھىجرى 67 - يىلى ئابدۇلمەلىك بىن مەرۋان ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولدى. ئۆزىگە سەلتەنەتنىڭ يېڭى ساھىپى بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇۋاتقان قۇرئانغا قاراپ «بۇ سەن بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇچرىششىمىز» دېگەن ئابدۇلمەلىك ئابدۇللاھ بىن زۇبەيرنىڭ كۇفەدىكى ۋالىيسى ۋە قېرىندىشى مۇسئاب بىن زۇبەيرنى قەتلى قىلىپ كۇفەگە كىردى. بۇ مەغلۇبىيەت ئىبنى زۇبەير خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرلىششىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

سەلتەنەتنىڭ ئاخىرقى ساھىپى ئابدۇلمەلىك ئۇ دەۋرنىڭ بارماق بىلەن سانالغۇدەك فىقھ ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ، سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ دەۋرنىڭ ساناقلىق زالىملىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ياش ۋاقتىدا يەزىدنىڭ كەئبىنى مەنجانىق تاش يامغۇرىغا تۇتىشىغا قارشى سۆز قىلغان بۇ ئادەم تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ ئىشنى ئۆزى قىلىپ، مەشھۇر زالىم ھەججاجنى مەككىنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت قىلدى.

ھەججاج مەككىگە ھەج مەۋسۇمىدە ھۇجۇم قىلدى. ئابدۇللاھ بىن زۇبەيرنىڭ مۇداپىئەسى ئالتە ئاي ئون يەتتە كۈن داۋاملاشتى. خاۋارىج چۈشەنچىسىنى ياقتۇرغان مەككىلىكلەر بىر ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھەزرىتى ئوسمان ھەققىدە ئىجابى قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنى تەرك ئېتىشتى.

بۇ نۇقتىدا ئۇمەييە ئوغۇللىرىنىڭ ھەزرىتى ئوسماننىڭ شاھادىتىنى بازارغا سېلىپ تۇرۇپ، سەلتەنەتلىرىنى يوللۇق كۆرسىتىشكە تىرىششى ئۇچۇن بىر ئالدامچىلىق قىلىۋاتقانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇمەييە سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ ھەققى دوستلىرى ئىدى.

ئابدۇللاھ بىن زۇبەيىر ھەججاجنىڭ ھېچقانداق ئۇلۇغلۇق ۋە مۇقەددەسلىك تونۇمايدىغان ھۇجۇملىرىغا ئاداققىچە قارشى تۇردى. ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئۇنىڭ يېڭىلىدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن قەسەملىرىنى بۇزۇپ، ئون مىڭغا يېقىن كىشى ھەججاجقا تەسلىم بولۇپ ئۇنىڭدىن ئامانلىق تىلىگەندى. بۇ ۋاقىتتا ئىبنى زۇبەيرنىڭ كۆڭلىنى ھەممىدىن بەك يېرىم قىلغان مۇنداق بىر ئىش بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ۋە ئايالىمۇ ئۆلۈمدىن قورقۇپ، ھەججاجنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ئامانلىق تەلەپ قىلغان ئىدى...

ئىماملار ۋە سۇلتانلار كۈرىشىدە زۇلۇمغا قارشى سەپ تۇتقان بۇ ئىپسىل ئادەم ھەم دادا ھەم ئانا تەرەپتىن نەسەبلىك بىر ئائىلىنىڭ ئوغلى ئىدى. دادىسى جەننەت بىلەن خوشخەۋەر بېرىلگەنلەردىن زۇبەيىر بىن ئاۋۋام، ئانىسى بولسا ئىسلامى ھەرىكەت تارىخىنىڭ ئەڭ جەسۇر خانىملىرىدىن ھەزرىتى ئەسما ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى بولغان ھەزرىتى ئەسماغا ئاللاھ رەسۇلى زاتۇننىقاتەين (قوش نەسەبلىك) دېگەنىكەن. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

ئابدۇللاھ بىن زۇبەيرنىڭ سەلتەنەتكە قارشى ئېلىپ بارغان ئۆمۈرلۈك كۈرەشلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ئەسلىدە بۇ قەھرىمان ئىسلام ئايالى ئىدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا قارىماستىن ئوغلىنىڭ بۇ كۈرىشىنى ئاداققىچە قوللاپلا قالماي تەرغىپ قىلغان، ئۈندىگەن ئىدى.

ھاياتىدىكى ئەڭ كاتتا بايلىقى بولغان ئوغلىنى ئاللاھقا ئاتىغان بۇ قەھرىمان ئانا بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ماقامىدا، ئۇنىڭ رولىنى كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتىغان ۋە ئۇ يولدا ئۆلگەن ئوغلى ئارىسىدا ئۆتكەن ئەڭ ئاخىرقى كېچە ئەڭ ئىشەنچلىك رىۋايەتلەر بىلەن تارىخقا يېزىلغان ئىدى.

بۇخارىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىغان بىر ئېپادە بىلەن نەقىل قىلغان، ھەتتا ئۆز ئەۋلادىمۇ تاشلاپ كەتكەن دادا بىلەن ئوغلىنى ئۆلۈمگە ئەۋەتكەن بىر ئانىنىڭ بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى مۇنداق بايان قىلىنغان:

ئىبن زۇبەير كىشىلەرنىڭ ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئانىسى ئەسمانىڭ يېنىغا باردۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنداق بىر دىئالوگ بولۇپ ئۆتىدۇ:

- ئى ئانا، ئوغلۇم ۋە ئائىلەم مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتتى. ھازىرغىچە مېنى تاشلاپ كەتمىگەنلەر بىر سائەتتىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ماڭا قارشى ئۇرۇشقان بۇ قەۋم (خەلىپىلىكتىن ۋاز كەچكەن ۋاقتىمدا) مەن خالىغان دۇنيالىق نەرسىسىنى ماڭا بېرىشكە ۋەدە قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا سېنىڭ كۆز قارىشىڭ قانداق؟

- ئى بالام، سېنى ھەق ئۈستىدە دەپ بىلىمەن. ئەگەر سەنمۇ ھەق ئۈستىدە دەپ ئويلىساڭ توختىما، يولۇڭغا داۋام قىلىۋەر. سېنىڭ سادىق دوستلىرىڭ بۇ يولدا ئۆلدى. بوينۇڭدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۇنى كاپالەتكە ئېگە قىلىشنى ئويلىمىغىنكى، ئۇمەييە ئوغۇللىرى ئۇنىڭ بىلەن ئويناشمىسۇن. ئەگەر دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى سەلتەنىتىنى ئارزۇ قىلغان بولساڭ ئۇنداقتا سەن ناھايىتى ناچار بىر بەندە بولغان بولىسەن. بۇ ئۆزەڭنى ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرنى بىھۇدە قۇربان قىلغانلىقتۇر. ئەگەر «مەن ھەق ئۈستىدە، ئەمما دوستلىرىم بوشىشىپ مېنى تەرك قىلسا ئاجىزلاپ قالىمەن» دېسەڭ بىلگىنكى بۇ ھۆر ئىنسانلار ۋە ئاللاھ يولىنىڭ يولۇچىلىرى سېغىنىدىغان بىر باھانە ئەمەس. بۇ دۇنيادا ياشىساڭ يەنە قانچىلىك ئۇزۇن ياشايدىغانسەن؟ زىللەت (خارلىق) بىلەن ياشىغاندىن ئىززەت بىلەن ئۆلگەن ئەۋزەل».

ئىبنى زۇبەير ئانىسىغا يېقىنلىشىپ ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ مۇنداق دېدى:

- ۋەللاھى بۇ كۆز قارىشىڭ دەل مېنىڭ كۆز قارىشىمدۇر. بۈگۈنگىچە بولغان دەۋىتىمدە دۇنياغا ھېچ مايىل بولمىدىم، ئۇنىڭدىكى ھاياتنى ياخشى كۆرمىدىم. مېنى بۇ ئادەملەرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندۇرغان ھاراملارنىڭ ھالال قىلىنىشى تۈپەيلى ئاللاھ ئۈچۈن ئۇلارغا غەزەپ قىلىشىم بولدى. ئەمما مەن سېنىڭمۇ كۆز قارىشىڭنى ئاڭلاپ باقاي دېدىم. كۆزۈمگە كۆز نۇرى قوشتۇڭ.

- ئى ئانا، ماڭا قارا! مەن ئەمدى بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۆلۈك، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى بەك يېرىم قىلمىغىن. ئىشلارنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلغىن. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ ئەۋلادىڭ بىلىپ تۇرۇپ بىرەر يامان ئىش قىلمىدى. ئوچۇق گۇناھ بولغان ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارشى بىر ئىش قىلمىدى. ۋەدىسىنى بۇزمىدى، مۇسۇلمانلارغا ياكى مۇئاھىدلارغا (سۈلھى تۈزۈشكەن غەيرى مۇسۇلمانلار) بىلىپ تۇرۇپ زۇلۇم قىلمىدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولغان ۋالىيلار ۋە مەمۇرلارغىمۇ زۇلۇم قىلمىدى. ئەگەر زۇلۇم قىلغان بولسا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتتى.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقا ھېچقانداق بىر نەرسە تەلەپ قىلمىدىم. ئەي ئاللاھىم، بۇنى نەفسىمنى پاكلاش ئۈچۈن سۆزلىمەيۋاتىمەن. سەن مېنى مەندىن تېخىمۇ ئوبدان بىلىسەن. بۇلارنى پەقەت ئانامنىڭ تەسەللى تېپىشى ۋە مۇسىبەتكە بەرداشلىق بېرىشى ئۈچۈن ئېيتىۋاتىمەن.

ئانىسى مۇنداق دېدى:

- ئەگەر سەن مەندىن بۇرۇن ئاللاھقا كېتىپ قالساڭ سەن توغرىلىق سەبرىمنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلەيمەن. ئۇنداق بولماي ئەگەر مەن سەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەم، ھەسرەت مەن بىلەن كېتىدۇ. ئەمدى چىققىن، قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭغا بىر قاراپ باقاي.

- ئاللاھ سېنى خەيىر بىلەن مۇكاپاتلىسۇن. مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىشتىن توختاپ قالما!...

- سەن باتىل ئەمەس، ھەق ئۈستىدە ئۆلتۈرۈلىۋاتىسەن... ئاللاھىم! بۇ ئۇزۇن قىيام كېچىسى بويىچە رەھمەت ياغدۇرغىن. بۇ قىيام مەككە ۋە مەدىنە خەلقىنىڭ ئۇسسۇزلىقى ۋە پەريادىدۇر. ئەي ئاللاھىم! ئۇنىڭغا دادىسى ۋە مەن ئارقىلىق ئېھساندا بولغايسەن. ئاللاھىم! ئۇنى سېنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدىكى ئەمرىڭگە تەسلىم قىلدىم ۋە سېنىڭ ھۆكمىڭگە رازى بولدۇم. ئابدۇللاھ ئۈچۈن مېنى سەبىر قىلغانلارنىڭ، شۈكۈر قىلغانلارنىڭ ساۋابى بىلەن ساۋاپقا ئېرىشتۈرگىن»[63].

ئابدۇللاھ بىن زۇبەيىر ئانىسىنىڭ يېنىدىن چىققاندىن كېيىن ھەرەم مەسچىتىدە بىر قانچە سادىق ئادەملىرى بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. بىردەمدىن كېيىن ھەممىسى شەھىت قىلىنىدىغان بۇ جانلىق شېھىتلەر يۈزلىرىنى ئېچىپ ئۆز ئارا تەكرار - تەكرار بېقىشتى. كەئبىگە تەخمىنەن 500 مېتىرلىق ئۇزاقلىقتىكى ھاجۇن مەۋقەسىدىكى مەنچاناق بىلەن ئېتىلغان تاش ئۇلارغا تېگىپ شېھىت قىلىندى. (ھىجرى 73) ھەججاجنىڭ سەركەردىسى تارىق ئۇنىڭ تىللارغا داستان بولغۇدەك جەسۇرلىقى ئالدىدا «ئانىلار مۇنداق بىر يىگىتنى تېخى تۇغمىغان ئىدى» دەپ سېلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى.

قوماندانلاردىن ئابدۇللاھ بىن سافۋان ۋە ئامارەت ئىبنى ھازىم بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى ئابدۇللاھنىڭمۇ كاللىسى كېسىلىپ ئابدۇلمەلىككە ئەۋەتىلدى. ھەججاج كۆمۈلىشىگىمۇ رۇخسەت قىلمىغان يالىڭاچلانغان جەسەتلىرى ھاقارەت بولسۇن دەپ قوللارغا سۆرىتىلىپ سەل تېغىدىكى يەھۇدى مازارلىقىغا تاشلىۋېتىلدى.

ھەزرىتى ئەسما ئوغلىنىڭ باشسىز جەسىتىنى يىراقتىن كۆرگەندىن كېيىن مەككىگە مۇزەپپەر بىر قوماندان سۈپىتىدە كىرگەن ھەججاجنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ مۇنداق ۋارقىرىدى:

---

[63] تابارى، تارىخ، VI/188

«سەن ئۇنىڭ بۇ دۇنياسىنى ۋەيران قىلدىڭ. ئەمما ئۇمۇ سېنىڭ ئاخىرىتىڭنى ۋەيران قىلدى!».

## سەئىد بىن جۇبەير

ئەگەر ئاۋامغا «مەسجىدنىڭ بۇ ئىشىكىدىن چىقىسىلەر دېسەم، بۇ ئەمرىمگە قۇلاق سالماي يەنە بىر ئىشىكىدىن چىقسا، ئۇلارنىڭ خۇنىنى ھالال دەپ بىلىمەن ۋە ئۆلتۈرىمەن».

-ھەججاج بىن يۈسۈپ

ئەمەۋى سەركەردىلىرىدىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەشئاس ھەججاجنىڭ زۇلۇم ھەققىدىكى بىر پەرمانىنى ئادا قىلىشتىن باش تارتىپ، ھىجرى 81 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۆلىمالار ئارىسىدا خېلى كۆپ كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان فەقىھ (فىقھشۇناس)لىرى بۇ قوزغىلاڭدىن خېلى ئۈمىدلەنگەن بولۇپ، ئۆزلىرى ئاۋاز قوشۇپلا قالماستىن كىشىلەرنى قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىششقا تەرغىپ قىلغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شابى، ئىبنى ئەبى لەيلا، ئەبۇل باھتەرى قاتارلىق ئۆلىمالار بار ئىدى.

سەئىد بىن جۇبەير بۇ قوزغىلاڭدا مەردلەرچە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى:

«ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار! چۈنكى ھاكىمىيەت زالىمدۇر. دىنىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا رىئايە قىلمايۋاتىدۇ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ، نامازنىمۇ بوش ئۆتكۈزىۋاتىدۇ».

سەئىد بىن جۇبەير ئابدۇللاھ بىن زۇبەيرنىڭ خەلىپىلىك مەزگىلىدە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانىدى. ھەججاج مەككىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىبنى زۇبەيرنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۆلىمالاردىن مەجبۇرىي

شەكىلدە بەيئەت ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەئىد بىن جۇبەيرمۇ بار ئىدى.

ئابدۇراھمان بىن ئەشئاس ناھايىتى كۆپ سانلىق كىشى بىلەن زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان بولۇپ، سەئىد بىن جۇبەيرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. ئۇ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەزەربەيجانغا كەتكەن بولۇپ، كېيىن ئۇ يەردىن ئۆمرە ھەججى قىلىش مەقسىتىدە مەككىگە قايتىپ كەلگەن ۋە يەرلىشىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ مەسجىدكە كىرىۋالغان نۇرغۇن ئۆلىمالارغا ئوخشاش ئۇمۇ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنىدى. ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمىدىن قاچقان دەۋرنىڭ تونۇلغان ئۆلىمالىرى ئىچىدە ئاتا، مۇجاھىد، تالىق بىن ھەبىب، ئامر بىن دىنارمۇ بار ئىدى.

سەئىد بىن جۇبەير ۋەلىد بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ ئەمرى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ ھەججاجقا ئەۋەتىلدى. سەئىد تۇتقۇن قىلىنىشتىن بۇرۇن بۇ خەۋپنى ھېس قىلىپ، قېچىپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلغان دوستىغا مۇنداق دېگەنىدى:

«ئەي ھۇسەيىننىڭ ئاتىسى! ۋاللاھى قاچساممۇ قاچاتتىم، لېكىن ئاللاھ تىن ئۇيالدىم. ھەم ئاللاھ بىزگە تەقدىر قىلغان ئىش كېلىپ بىزنى تاپمامدۇ؟».

مەككە ۋالىيسى خالىد بىن ئابدۇللاھ خاتىرجەم ماكان بولغان مەسجىدى ھەرەمدە سەئىد بىن جۇبەيرنى تۇتقۇن قىلغاندىن كېيىن تابىئىنلارنىڭ مەشھۇر دىنى ئالىملىرىدىن مۇجاھىد ۋە تالق بىن ھەبىبگە كويزا - كىشەن سېلىپ، ئۇلارنى ھەججاجقا ئەۋەتتى. تالق يولدا ۋاپات بولدى. يايلار كۆرگەن چۈشكە ئاساسەن سەئىد بىن جۇبەيرنى قويۇپ بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ ئۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلغانىدى.

ھەججاجنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ھەججاج بىلەن ئارىسىدا مۇنداق دىئالوگ بولۇپ ئۆتكەندى. ھەججاج:

- ۋاللاھى، سېنى ئۆلتۈرىمەن! سەئىد:

- ئۇنداقتا، مەن ئانام ماڭا قويغان ئىسىمغا لايىق «سەئىد» بولىمەن. ھەججاج:

- كاللىسىنى ئېلىڭلار!

ھەججاج بۇ ۋەقەدىن كېيىن قىرىق كۈن ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، بۇ مۇددەت ئىچىدە چۈشىدە سەئىد بىن جۇبەيرنى «ئەي ئاللاھ نىڭ دۈشمىنى، مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟!» دەپ ياقىسىغا ئېسىلغان ھالدا كۆرەتتى. ھەر قېتىم بۇ چۈشنى كۆرگەندە «ماڭا نېمە بولاۋاتىدۇ، سەئىد بىن جۇبەيرگە نېمە بولاۋاتىدۇ؟» دەپ ۋاقىرىغان ھالدا ئويغىناتتى[64].

# ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ قا ئىتائەت قىلغۇچىغا ئىتائەت قىلىش شەرتتۇر. ئاللاھ قا ئىتائەت قىلمىغانلارغا سىلەرمۇ ئىتائەت قىلماڭلار. مەن بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلغان مۇددەتكىچە سىلەرمۇ ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر مەن ئەمەل قىلمىسام سىلەرمۇ ماڭا ئىتائەت قىلماڭلار. چۈنكى مەن ئاللاھ قا ئىتائەت قىلمىغان ۋاقتىمدا، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ماڭا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بىر مەسئۇلىيەت قالمايدۇ.

ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز

[64] تابارى، تارىخ، VI/491

ئـۆمەر بـىـن ئابــدۇلئەزىز ھىجــرى 99 - يىلــى ســۇلايمان بىــن ئابــدۇلمەلىكنىڭ مەخپــي ۋەســىيىتى بىــلەن ئۇنىــڭ ئورنىغــا ۋارىســلىق قىلدى. ھۆكۈمــدار بولغانــدىن كېيىن ســەلتەنەتنىڭ بــارلىق تــۈزۈملىرىنى رەت قىلــدى. ئــۇ ئۆزىنىــڭ خەلىپىلىكىنىمــۇ ئۆزىــدىن ئىلگــىرىكىلەرگە ئوخشاش شەرئى ئەمەس دەپ قارايتتى. چۈنكى ئۇ خەلىپىلىك ماقامىغا شۇرا ۋە ھۆر بەيئەت بىلەن كەلمىگەن بولۇپ، ۋارىسلىق يولى بىلەن بۇ ماقامدا ئولتۇرغانىدى.

راشىد بىر خەلىپە بولۇش ئۈچۈن ئىشنى ئالدى بىلەن خەلىپىلىك ئورنىنى مۇنازىرىگە ئېچىش بىلەن باشلىدى. ۋارىسلىقنىڭ ئېنىق ھالدا سەلتەنەت ئىكەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. بۇ بەيئەت ۋە شۇرادىن ئىبارەت ئىككى ئاساستىن مۇستەسنا ئىدى. ئۇ خەلقنىڭ ھوزۇرىغا چىقىپ مۇنداق دېدى:

«بۇرۇن مۇنداق بىر ماقامغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىمدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. خەلىپىلىك ماڭا تاپشۇرۇلغاندا ھېچكىم مېنىڭ پىكرىمنى ئېلىپ باقمىدى. ھەقىقىي بىر خەلىپە بولالىشىم ئۈچۈن مېنىڭ بۇ ئىشقا تالىپ بولىشىم ۋە مۇسۇلمانلارنىڭمۇ شۇرا ئارقىلىق بۇ ھەقتە قارار بېرىشى كېرەك. بۇ سەۋەبتىن ئىلگىرى ماڭا قىلغان بەيئەتلەردىن ۋاز كەچتىم. سىلەر خالىغان كىشىنى خەلىپە قىلىپ سايلىساڭلار بولىدۇ».

ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ سۆزلىرىنى چۈشىنەلىشىمىز ئۈچۈن بىر قانچە نۇقتىنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەك.

ســەلتەنەتنىڭ ئــۆمەر بىــن ئابــدۇلئەزىزدىن بــۇرۇنقى ھۆكۈمــدارى سۇلايمان بىــن ئابــدۇلمەلىك ئۆزىــدىن بۇرۇنقىلارغــا ئوخشــاش ئۆزىــدىن كېيىنكى تەخت ۋارىسى ھەققىدە بىر ۋەسىيەت قالدۇرماقچى ئىدى. ئۇ ئورنىغا ئىنىسىنى ۋارىس قىلىپ بېكىتمەكچى بولغانىدا ئامانلىق ئىشىغا مەسئۇل بولغان رەجانىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنىسى يەزىدنى ۋارىس قىلىپ ۋەسىيەتنامىگە

يازغاندىن كېيىن ئاغزى ئېتىلگەن لىپاپىغا ھەممە كىشىنى بەيئەت قىلىشقا چاقىردى. ۋەسىيەتنامىگە كىملەرنىڭ ئىسمى يېزىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ھەتتا ئىسمى يېزىلغان كىشىلەرمۇ بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىدى. سۇلايمانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ۋەسىيەتنامە ئېچىلدى. يەزىد بۇنىڭغا ئېتىراز قىلغان بولسىمۇ رەجا «كاللاڭنى ئالىمەن!» دەپ قورقۇتۇپ ئۇنى بېسىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى باشلاندى.

سەلتەنەتنىڭ بەيئەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى مۇشۇنداق ئىدى. ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز بۇنىڭ بەيئەت ئەمەس بىر كۆز بويامچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن خەلقنىڭ ھوزۇرىغا چىقىپ ئۇلاردىن ھەقىقىي بىر بەيئەت تەلەپ قىلغاندى. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ھۆر ئىرادىسى بىلەن ئۆزىنى تاللىغانلىقىنى، خەلقنىڭ باشقا بىرسىگە رازى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇ ۋالىي بولغان مەزگىللىرىدە ئادىل يۈرت سورىشى بىلەن خەلقنىڭ تىلىدا بىر ئەپسانىگە ئايلانغانىدى.

خەلقنىڭ ھۆر بەيئىتى بىلەن خەلىپىلىكنى قوبۇل قىلغان ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز ئۇلارنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرغانىدى:

«بۇ ئۈممەتنىڭ شەخسلىرى ئارىسىدا رەببى، نەبىيسى ۋە كىتابى ھەققىدە ھېچقانداق بىر ئىختىلاپ يوق. ئىختىلاپلارنىڭ ھەممىسى دىنار ۋە دەرھەم سەۋەبىدىندۇر. ۋاللاھى، شەرىئەتسىز ۋە ھەقسىز ھالدا ھېچكىمگە بىر يارماقمۇ بەرمەيمەن، بىر يارماقمۇ ئالمايمەن. ھەققى بولسا ئۇنى رەت قىلمايمەن».

«ئى ئىنسانلار! ئاللاھ قا ئىتائەت قىلغۇچىغا ئىتائەت قىلىش شەرتتۇر. ئاللاھ قا ئىتائەت قىلمىغانلارغا سىلەرمۇ ئىتائەت قىلماڭلار. مەن بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلغان مۇددەتكىچە سىلەرمۇ ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر مەن ئەمەل قىلمىسام سىلەرمۇ ماڭا ئىتائەت قىلماڭلار. چۈنكى

مەن ئاللاھ قا ئىتائەت قىلمىغان ۋاقتىمدا سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ماڭا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بىر مەسئۇلىيەت قالمايدۇ»[65].

مۇنزىر بىن ئۇبەيد مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز جۈمە نامىزىدىن كېيىن خەلىپىلىككە سايلاندى. قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغان بولۇپ، شۇ كۈنى ئەسىر نامىزىغا كەلگەندە ئۇنى تونىيالماي قالدىم»[66].

بالىلىق ۋاقتى سارايدا، ياشلىق ۋاقتى ۋالىيلىق بىلەن ئۆتكەن بىر ئەمەۋى شاھزادىسى بولغان ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز ئۈممەتنىڭ ئاسمىنىنى قاپلىغان زۇلمەتلىك بىر كېچىگە ئوخشايدىغان 90 يىللىق ئەمەۋى زۇلمىتىنىڭ ئوتتۇرىدا چاقنىغان بىر يۇلتۇزغا ئوخشايتتى. ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئېتىبارى بىلەن بىرىنچىسى ئىدى، بەلكىم. مۇشۇنداق ھاياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر كىشى قانداق بولۇپ ئىسلام تارىخىدا كەڭ كۆلەملىك بىر ئىسلاھات ئېلىپ بارالىغانىدى؟

ئەلبىدايە مۇئەللىپى ئۇنىڭ ۋىجدانىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بىر ۋەقە ھەققىدە توختالغان:

ۋەلىد بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ سەلتەنەت دەۋرى ئىدى. ئۇ مەزگىلدە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز مەدىنە ۋالىيسى بولۇپ، خەلىپە ۋالىينى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بىر پەرمان بىلەن ئابدۇللاھ بىن زۇبەيرنىڭ ئوغلى خۇبەيبنى ئەللىك قامچا ئۇرغۇزغانىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي قىش مەزگىلىدە ئۇنى مەسجىدى نەبەۋىنىڭ بىر ئىشىكىدە سازايى قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈستىگە توختىماي سوغۇق سۇ چاچقۇزغان. خۇبەيب بۇ قىيىن - قىستاققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلگەن.

---

[65] ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە، IX/221

[66] ئىبنى سەئىد، تاباقات، V/341

قەدەرنىڭ جىلۋىسىگە قاراڭ، بۇ خۇبەيب ئىنىسى ھەمزە بىلەن بىرگە ئەڭ ئىبغىر كۈنلەردە دادىسى ئابدۇللاھ بىن زۇبەيرنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ۋە ئاللاھ نىڭ دۈشمىنى بولغان ھەججاجدىن پاناھلىق تىلىگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى شىپھەت بولۇش ئالدىدىكى دادىسىغا بەكمۇ ئىبغىر كەلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئاقىۋەتتە ئۇلار ئەمەۋى زۇلۇمىدىن يەنىلا قىچىپ قۇتۇلالمىدى. قورققان ئىش ئەڭ دەھشەتلىك شەكىلدە بېشىغا كەلگەنىدى.

ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاستىدىكى بىر جايدا بۇنداق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھەزىم قىلالمىغان ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەن بولۇپ، بۇ ۋەقە ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە تەيىنلەنگەن باشقا ۋەزىپىلەردە ئادىل بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، ھەممە ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىگە ئايلانغان.

ئۇنىڭغا تارىخچىلار «ئۆمەرى سانى (ئىككىنجى ئۆمەر)» دەپ نام بەرگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇنى ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولغان راشىد خەلىپە ئۆمەر بىن خەتتابقا ئوخشاتقانىدى. ھەرگىزمۇ مۇبالىغە بولمىغان بۇ ئوخشىتىشنىڭ يەنە بىر ئىرسىي رىئاللىقىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئەمەۋى خانىدانى ھەقسىز شەكىلدە ئېلىۋالغان بارلىق مال - مۈلۈكنىڭ غەزىنىگە قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ۋاقتىدا ئەمەۋى شاھزادىسى ئۆمەر بىن ۋەلىد مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئۆمەر بىن خەتتابنىڭ نەسەبىدىن بىر كىشىنى ھۆكۈمدار قىلدىڭلار، ئۇ سىلەرگە مۇشۇنداق قىلدى».

ئۇ زۇلۇم يولى بىلەن ئىگە بولۇۋالغان ماللارنى غەزىنىگە تاپشۇرۇشنى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلىدى. «بۇ مەن ھەقلىق رەۋىشتە ئىگە بولغان مال - مۈلكىم» دېگەن ئاز مىقداردىكى مۈلۈكتىن باشقا بارلىق مۈلكىنى

غەزىنىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. غەزىنىگە قايتۇرۇپ بەرگەن مۈلۈكنىڭ ئىچىدە رەپىقىسىنىڭ ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ غەزىنىگە قايتۇرغان مۈلكىنى سانلىق مەلۇمات بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە ئىلگىرى يىللىق كىرىمى 40 مىڭ دىنارغا توغرا كېلىدىغان زېمىنى بولغان بولسا، مۈلكىنى غەزىنىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن يىللىق كىرىمى 400 دىنارغا چۈشۈپ قالغان[67].

ھەقسىز رەۋىشتە ئىگە بولۇۋالغان مال - مۈلۈكنى غەزىنىگە قايتۇرۇش ئىشى خانىدانىدىكىلەرنى قاتتىق بىئارام قىلغان بولۇپ، شەرىئەتنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇشىغا رازى بولمىغان باشقا بارلىق ھاكىمىيەتلەردىكىگە ئوخشاش خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ قالغان بۇ «ئاقسۆڭەك» تەبىقە ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكتىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدا ئىدى. خانىدانلىقتىكىلەر خەلىپىنى بۇ قارارىدىن ۋازكەچتۈرۈش ئۈچۈن ھاممىسى فاتىمە بىنتى مەرۋاننى ئارىغا سالدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:

«ئائىلە ئەزالىرى سىنىڭ بۇ ئىشىڭنىڭ ياخشى نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئېغىر بەدەل تۆلەپ قالىدىغانلىقىڭنى ئەسكەرتىۋاتىدۇ».

ئوپئوچۇق تەھدىت بولغان بۇ سۆزلەر «ئوتلاقچى تەبىقە»نىڭ زۆرۈر تېپىلغاندا ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىدى. مۇئاۋىيە بىن يەزىد تېمىسىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۇلتان سەلتەنەتتىن ۋازكەچكەن، ئەمما خانىدان ۋازكەچمىگەنىدى.

ھاممىسى يەتكۈزگەن بۇ تەھدىتكە قارىتا ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن:

---

[67] ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە، IX/221-227؛ ئىبنۇلئەسىر، ئەلكامىل، IV/327-331

«ھېساپ بېرىدىغان قىيامەت كۈنىدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقۇپ قالمايمەن!».

جىيەنىنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن فاتىمە بىنتى مەرۋان خانىدانلىقلىغا بىلىپ - بىلمەي سەلتەنەت بىلەن نۇبۇۋۋەتنىڭ ئىرسىيىتىنى ئىپادىلىگەن مۇنداق سۆزلەرنى قىلغانىدى:

«سىلەر بۇ كىشىدىن نېمىنى كۈتىۋاتىسىلەر؟ ئۆمەر بىن خەتتابنىڭ ئائىلىسىدىن بىر قىزنى ئالدىڭلار. بۇمۇ ئەلۋەتتە ئانا تەرەپنى تارتىپتۇ».

ئىبنى ئەسىرنىڭ ئەلكامىلىدا، بۇ سۆھبەتلەر ئارىسىدا ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ ھاممىسىغا مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان:

«ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى غەزەپ ئەمەس، رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇنى دەرگاھىغا ئالدى. ئاللاھ رەسۇلى ئىنسانلارغا بىر دەريا قالدۇرۇپ كەتتى. ئىنسانلار ئۇنىڭدىن ئوخشاش مىقداردا ئىچتى. ئاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى كەلدى ۋە ئۇ دەريانى شۇ پېتى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر خەلىپە بولۇپ سايلاندى ۋە ئۇمۇ دوستىغا ئوخشاش ئىش قىلدى. ئوسمان خەلىپە بولغاندىن كېيىن بۇ دەريادىن بىر ئېقىن ئايرىلىپ چىقتى. مۇئاۋىيەگە كەلگەندە بۇ دەريادىن بىر ئەمەس، بىر قانچە ئېقىن ئايرىلىپ چىقتى. ئۇ دەريا يەزىد، مەرۋان، ئابدۇلمەلىك، ۋەلىد ۋە سۇلايمان تەرىپىدىن داۋاملىق پارچىلاندى ۋە قۇرۇتۇلدى. ئەمىرلىك ماڭا يېتىپ كەلگىچە ئاللاھ رەسۇلى قالدۇرۇپ كەتكەن چوڭ دەريا قۇرىدى. بۇ دەريانى بۇرۇنقى ھالىغا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئايرىلغان ئېقىنلارنى قايتىدىن بىرلەشتۈرۈلگىچە ھېچكىم ئۇ دەريادىن خالىغانچە پايدىلىنالمايدۇ».

ئايالى فاتىمە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

«ھۆجرىسىغا كىرگىنىمدە، كۆپىنچە ۋاقىتتىنا ئۇنى سەجدىدە يىغلاۋاتقان ھالدا كۆرەتتىم. بىر قېتىم نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى سورىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

مەن مۇھەممەد ئۈممىتىنىڭ خەلىپىسى بولۇشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتى ئېغىر بىر ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە ئاچ، يوقسۇل، بىتاپ، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار بار. ھەقلىق ياكى ناھەق زىندانلاردا ياتقانلار بار. ئاجىزلار، ياشىنىپ قالغانلار بار. ئاللاھ ھېساب كۈنىدە مەندىن بۇلارنىڭ ھېسابىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلىمەن. رەسۇلۇللاھ ئۈممەتنىڭ ئىشلىرىنى قانداق باشقۇرغانلىقىمنى سورايدۇ. مەن بۇ دەۋانىڭ زىيىنىمغا نەتىجىلىنىشىدىن قورقىمەن. بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ يىغلاۋاتىمەن»[68].

ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇھىم ئىسلاھاتلاردىن بىرسى ئۈممەتنىڭ بىرلىكى نۇقتىسىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن سەلتەنەتنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن تېرىلغان تەپرىقە ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇپ تاشلاشقا تىرىشتى. بۇ تىرىشچانلىقى قاتارىدا ئۈممەت ئىچىدە پىرقىلەر ئارىسىدا خۇن دەۋاسىغا ئايلانغان ئۆمۈرلۈك جەڭگى - جىدەللەرگە بىر مەزگىل بولسىمۇ خاتىمە بېرىلدى. يۇقىرىدىكى بايانىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن دەرياسىنى بۇرۇنقى ھالىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەپسۇسكى، بۇ تىرىشچانلىقىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمەي بۇ ئالەمدىن ئايرىلدى.

ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز سەلەف ئىچىدىكى پىرقىلىشىشكە بولغان قارشى ناھايىتى ئېنىق ۋە تەمكىن كىشى ئىدى. خىلاپەتتىكى پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بۇ ئېسىل زات ئۈممەتنىڭ ۋەھدەتى

---

[68] ئىبنۇلئەسىر، ئەلكامىل، IV/330؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە، IX/209

(بىرلىكى) ئۈچۈن ئـاللاھ، نەبىـي ۋە كىتـابنى يېتەرلـىك دەپ قـارايتتى. بۇنىڭـدىن باشقىسـىنى «دىنـار ۋە دەرھەم ئۈچـۈن» ئوتتۇرىغـا چىققـان تەپرىقچىلىق دەپ قـارايتتى، تەكتـىدە دۇنيـاۋى مەنـپەئەت، مەنسـەپ ۋە ھوقۇق تاماسى ياتقانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ۋەھدەت ئۈچۈن بېسىلغان تۇنجى قەدەم مۇئاۋىيە ئوتتۇرىغا چىقارغان ساھابىلەرگە ھاقارەت قىلىش ئەنئەنىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغـا ياخشى بىر ئەنئەنىنى تىكلەش بولدى. ئۇ تىكلىگەن بۇ ياخشى ئەنـئەنە ئۈممەتنىـڭ بىرلىكـى ھەققىـدىكى بـۇ سـەمىمىيىتىنىڭ بىـر ئىسـپاتى سۈپىتىدە بۈگۈنمۇ داۋاملاشماقتا.

ئەھلـى بەيـت ۋە ئۇلارنـىڭ تەرەپتارلىرىغـا قىلىنغـان ھەقسىزلىقلارغا خـاتىمە بەردى. شـىئەدىن لاياقەتلىـك دەپ قارىغـان كىشـىلەرگە ھاكىمىيەت قاتلىمىدىن ئورۇن بەردى. ئەمەۋى خانىدانى ئىچىدە تالان - تاراج قىلىنغان رەسۇلۇللاھقا ئائىت خۇسۇسـي زېمىـن فەدەكنـى ئەھلـى بەيتكە قايتۇرۇپ بەردى.

ئەھلى بەيت ۋە شىئە (تەرەپتـارلىرى) ئۆمەر بىـن ئابـدۇلئەزىزنىڭ بـۇ ئىجرائاتلىرىـدىن ناھـايىتى خۇرسـەن بولغـان بولـۇپ، ئـۇنى كېلىشـىنى كۈتنۋاتقان مەھدى دەپ قارىغانىدى. بۇ ھەقتىكى رىـۋايەتلەردىن بىرسـى مۇنداق:

«مۇھەممەد بىـن ئەلـىدىن ئاڭلىـدىم. ئـۇ مۇنـداق دېگەنـدى: رەسۇل بىزدىن، مەھدى ئابدۇشەمس ئوغۇللىرىدىن كەلدى. بىز (ئەھلى بەيت ۋە شىئە) ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنى مۇشۇنداق دەپ قارايمىز».

ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىزى فاتىمەمۇ ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى:

«ئـۆمەر مەدىـنە ۋالىيسـى بولغـان كـۈنلەردىن بىـرى ئىـدى. ئىجازەت ئېلىـپ يېنىغـا كىـردىم. مۇھـاپىزەتچىلەردىن تارتىـپ ھەممىسـىنى چىقىرىۋەتتى. پەقەت مەن ۋە ئۇ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن:

ئى ئەلىنىڭ قىزى! يەر يۈزىدە ئۆزەمنىڭ ئەھلىمنى سىنىڭ ئەھلى بەيتىڭنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيمەن» دېدى[69].

ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە زۇلۇمدىن قۇتۇلغان ۋە رازى قىلىنغانلار پەقەت ئەھلى بەيت ۋە ئۇلارنىڭ شىئەسى ئەمەس ئىدى.

مۇئتەزىلە ۋە خاۋارىجلارمۇ ئۇنىڭ ئادىل ھاكىمىيىتىدىن ئۆزىگە چۇشلۇق نېسىۋىنى ئالغانىدى. مۇئتەزىلەنىڭ ئىماملىرىدىن غەيلان ئەد - دەمەشقى ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇچرىششتىن كېيىن پىكىر بىرلىكىگە كەلگەن ۋە غەيلان ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى تەلەپ قىلغان. غەيلان: « ئۇمەييە ئوغۇللىرى ئېلىۋالغان ۋە سەن غەزىنىگە قايتۇرىۋالغان غەزىنىگە ئائىت زېمىنلارنى سېتىش خىزمىتىنى ماڭا بەرگىن» دېگەن. خەلىپە ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلغان. غەيلان بۇ ماللارنى پايتەختنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىدا ساتقاندا مۇنداق دەپ ۋاقىرايتتى:«كېلىڭلار! خائىنلار، زالىملار بۇلىۋالغان ماللارنى سېتىۋېلىڭلار! كېلىڭلار! ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئۇممىتىگە ۋارىس بولغان، لېكىن ئۇنىڭ سىيرەت (ھاياتى) ۋە سۈننىتىگە ۋارىس بولمىغانلارنىڭ ماللىرىنى سېتىۋېلىڭلار! كىم بۇلارنىڭ ھىدايەت يېتەكچىلىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلالايدۇ؟ ئۇلار بۇلارنى يەۋاتقاندا كىشلەر ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتقانىدى».

ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنى قوللىغان بارلىق تەۋھىد ۋە ئادالەت ئەھلى (مۇئتەزىلە) ئۆلتۈرۈلدى ياكى زىندانلارغا تاشلاندى. غەيلان ئەد - دەمەشقىنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى پاجىئەلىك بولدى. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىلىنى كەستى، ئاندىن ئەزالىرىنى بىرمۇ - بىر كېسىپ تاشلىدى ۋە شۇ ھالىتىدە ئۆلۈمگە تەرك ئەتتى.

---

[69] ئىبنى سەئىد، تاباقات، V/333, 334

خاۋارىجلارغا كەلسەك... ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز ئۆزىگە قارشى ئىسيان كۆتـۈرگەن خـاۋارىجلارنى باستۇرۇشـقا ئەۋەتـكەن قوشـۇن مەغلـۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى سۈلهى قىلىشقا دەۋەت قىلىپ:

«نىمە ئۈچۈن مالىمانچىلىق پەيدا قىلىسىلەر؟ ئەگەر دېيىشىدىغان سۆزۈڭلار بولسا كېلىڭلار، سۆھبەتلىشەيلى، مۇنازىرلىشەيلى. ھەقىقەت سىلەر تەرەپتە بولسا پىكرىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن. ئەگەر ھەقىقەت مەن تەرەپتە بولسا بۇ مۇئامىلەڭلاردىن ۋازكېچىشىڭلار كېرەك» دېگەننىدى.

سەلەف دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇستەبىت چۈشەنچىسىدىكى بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسى ئالدىدا يۇمشىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆردى. ھەتتا ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارنىڭ قىلمىشلىرىنى «زۇلۇم» دەپ قارىغانلىقىغا شاھىت بولدى. دېگۈدەك باشقا سۆزى قالماي نىمە ئۈچۈن ئەمەۋى سۇلتانلىرىغا لەنەت ئوقۇمىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ بۇ سوئالغا:

«ئۇلارنى ئەيىبلەش ئۈچۈن قىلمىشلىرىنى زۇلۇم دېيىشىمىز يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا قوشۇپ لەنەت ئوقۇشنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بار؟ سىلەر پىرئەۋنگە قانچە قېتىم لەنەت ئوقۇدۇڭلار؟» دەپ جاۋاب بەردى.

خاۋارىجلار ئەڭ ئاخىرىدا بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى، خىلاپەتتە ۋارىسلىق مەسىلىسى... ئۆزىدىن كېيىن ۋارىس بولىدىغان يەزىد بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ زالىم ۋە پاسىق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم تۇرۇپ، بۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ ئۇلارغا بۇنى ئۆزى ئەمەس، ئەكسىچە سۇلايمان بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى ئەسكەرتكەندىن كېيىن ئۇلار مۇنداق دېدى:

«يەزىدنى سەندىن كېيىن خەلىپە دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت ئالغان سۇلايمان بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ توغرا بىر ئىش قىلغانلىقىغا ئىشىنەمسەن؟».

بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىغان ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز سورۇننى تەرك قىلغاچ قايغۇرغان ھالدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«يەزىد مەسىلىسى مېنى خېلى ئويغا سالدى. بۇ كىشىلەرنىڭ توغرا سۆزلىرىگە جاۋاب تاپالمىدىم. ئاللاھ مېنى بۇ مەسىلىدە ئەپۇ قىلغاي».

ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز خاۋارىجلار بىلەن ئېلىپ بارغان بۇ سۆھبەتتىن كېيىن ئېھتىمالەن قەتئىيلىك بىلەن سىستېمىنىڭ ئاساسى ئۆلنى نەبەۋى خىلاپەتكە قايتۇرماقچى بولغان ئىدى. خانىدان، بولۇپمۇ ئۆزىدىن كېيىن مىراس يولى بىلەن خەلىپىلىك ماقامىغا كېلىشى بەلگىلەنگەن يەزىد ئەنسىرەشكە باشلىغانىدى.

بۇ سۆھبەت بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز سەكراتتىكى ۋاقتىدا يېنىدا تۇرغان خىزمەتچىسى مۇنداق دېگەن:

«مېنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى. مەن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئۇ بۇ ئايەتنى ئوقۇۋاتاتتى: "ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق!". قايتىپ كىرگەن ۋاقتىمدا قىبلىگە يۈزلەنگەن ھالدا روھىنى تەسلىم قىلغانىدى»[70].

## زەيد بىن ئەلى

ئىمام بولسا ئۈستىگە تون كىيىشنى بىلگەن كىشى ئەمەس، قىلىچ ئوينىتىشنى بىلگەن كىشىدۇر.

زەيد بىن ئەلى

---

[70] تاباري، تارىخ، VI/573

ئىمام ئەزەمنىڭ ئۇستازلىرىدىن بولغان زەيد بىن ئەلى ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ نەۋرىسى ۋە ئىمام مۇھەممەد باقىرنىڭ ئىنىسى ئىدى.

ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلغار فىقھى ئالىملىرىدىن بىرى بولغان زەيد بىن ئەلى بۈگۈنمۇ داۋام قىلىۋاتقان زەيىدىيە پىرقىسىنىڭ ئىمامى ئىدى.

ھىجرى 120 - يىلىدا ھىشام بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ ئىراق ۋالىيسى ھەققىدە ئاچقۇزغان سوتىغا شاھىت بولۇش باھانىسى بىلەن زەيىد بىن ئەلى مەدىنىدىن كۇفەگە چاقىرتىلىدۇ. خائىنلىقنىڭ ئۆرنەك شەھىرى بولغان كۇفە ئۇنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرى بىلەن تەۋرەپ كەتكەنىدى. ئۇزۇن بىر مۇددەتتىن كېيىن ئەھلى بەيتنىڭ ھۆرمەتلىك ئىسىملىرىدىن بىرى ئەھلى بەيتنىڭ ئەشەددى خائىنلىرى ۋە سادىق دوستلىرىمۇ بار بولغان كۇفە شەھىرىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆي زىيارەتچىلەر بىلەن تولۇپ - تاشقان بولۇپ، بىر مۇنچە كىشىلەر ھەر دائىمقىدەك تەييارلىقنا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. سەلتەنەتكە پايدىلىق بولمىغان بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ھىشام كۇفە ۋالىيسىگە ئىمام زەئىدنى مەدىنىگە ئەۋەتىشنى ئەمىر قىلدى. ئۇ قادىسىيەگە يېتىپ كەلگەندە كۇفەلىكلەر ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە كۇفەگە قايتىپ كېتىشكە قايىل قىلىپ، «بىز مانچىلىك ئادەم قەسەم قىلدۇق، ھېچكىم ساڭا خائىنلىك قىلمايدۇ» دېگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئىمام زەيدنىڭ گۇمانى تېخى تۈگىمىگەن بولۇپ، ئۇلارغا:

«ئەجدادىمغا قىلغانلىرىڭلارنى ماڭىمۇ قىلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

كۇفەلىكلەرنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشىغا قاراپ، داۋۇد بىن ئەلى ئىمام زەيدنى مۇنداق ئاگاھلاندۇردى:

«جىيەنىم! بۇلار سىېنى ئالداۋاتىدۇ. بۇلار سەندىن تېخىمۇ ئەزىز بولغانلارغا خائىنلىق قىلمىدىمۇ؟ چوڭ داداڭ ئەلى بىن ئەبى تالىب

بۇلارنىڭ خائىنلىقى تۈپەيلى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەسەننى چاقىردى ۋە بەيئەت قىلدى. مەدھىيەلەر ئوقۇپ قەسەم ئىچتى. ئاخىرىدا ئۇنىمۇ يالغۇز تاشلاپ قويدى. ھۈسەيىنگىمۇ ئوخشاش شەكىلدە خائىنلىق قىلدى».

بۇ ئوپئوچۇق ھەقىقەتلەر تۇرسىمۇ بۇ كىشىلەر ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولۇشىغا قارىماستىن بۇ يولدا مېڭىشقا مەجبۇردەك، خۇددى شېھىت بولۇشقا مەھكۇم قىلىنغاندەك ئىدى. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە، ئۇلارنىڭ خىيانەت قىلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان دېيىش خاتا بولغان بولاتتى.

بارچە خەتەرلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۇفەلىكلەرگە «ماقۇل» دېگەن زەيد بىن ئەلى ئەمدى ھېچ قايتار يولى بولمىغان بىر يولدا ئىدى.

تەييارلىقلار باشلانغان بولۇپ، سۆزىدە تۇرۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە ئەلچىلەر يوللىغان ئىدى. ئىمام ئەزەممۇ قىيامغا دەۋەت قىلىنغانلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئەبۇ ھەنىفە ئىمام زەيدنىڭ ئەلچىسىنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئەگەر بۇ كىشىلەرنىڭ ئەجدادى ھۈسەيىننى تەرك قىلغاندەك ئۇنىمۇ يېرىم يولدا تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىغىلىدىن خاتىرجەم بولغان بولسام ئۇنىڭغا قوشۇلاتتىم، ئۇنىڭ ئارقىسىدا جىھاد قىلغان بولاتتىم. چۈنكى ھەقىقىي ئىمام ئۇ ئىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا ئۆزىگە قوشۇلغانلارنى قوغدىسۇن ۋە قوللىسۇن دەپ مېلىم بىلەن ياردەم قىلدىم».

ئەبۇ ھەنىفە بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن ئەلچىگە تاپىلاپ:

ئۆزرەمنى ئىمامغا يەتكۈزا!» دېدى.

ئۇ مانا بۇ ئەلچى ئارقىلىق ئىمام زەيدكە ئون مىڭ دەرھەم ئەۋەتكەن ئىدى. ئىمام زەيد قىيامنى باشلىغاندىن كېيىن ئىمام ئەزەم مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئاللاھ رەسۇلىنىڭ بەدرىدىكى سۆزى بىلەن ئوخشاش ئىدى. يېنىمدا كىشىلەرنىڭ ئامانىتى بولمىغان بولسا ئۇنىڭغا قاتناشقا بولاتتىم. بۇ ئامانەتلەرنى ئىبنى ئەبى لەيلاغا بېرىشنى ئويلىدىم، قوبۇل قىلمىدى. مەسئۇلىيەت بىلەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن»[71].

ئىمام زەيد كىشىلەرنى بەيئەت بىلەن ئاستىغا ئىمزا قويۇشى ئۈچۈن ھازىرلىغان قىيام باياناتى مۇنداق ئىدى:

«مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا، نەبىينىڭ سۈننىتىگە، زالىملارغا قارشى جىھادقا، ئاجىزلارنىڭ ھەققىنى قوغداشقا، يوقسۇللارنى ھىمايە قىلىشقا، فەي (غەنىمەت) نى ئادىل بىر شەكىلدە بۆلۈشۈشكە، ھەققى تارتىۋېلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشقا چاقىرىق قىلىمەن».

بۇ ئەھدىگە «ماقۇل» دېگەنلەر قولىنىڭ ئۈستىگە قولىنى قويۇپ مۇنداق دېدى:

«ئاللاھنىڭ ئەھدى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھدى ۋە زىممىتى سېنىڭ ئۈستۈڭدىدۇر»[72].

ئىمام زەيد قوزغىلاڭغا قارىتا بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان ۋە بۇنىڭغا ئۆزرە سۈپىتىدە كۇفەلىكلەرنىڭ خىيانىتىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن جافەر سادىققا مۇنۇ سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىدۇ:

«ھېچكىم بىز بىلەن كەلمىگەن تەقدىردىمۇ مەن ۋە ئوغلۇم ئىككىمىز يەنىلا قوزغىلاڭ كۆتۈرەتتۇق. ئىمام ئۈستىگە تون كىيىشنى بىلگەن كىشى ئەمەس، قىلىچ ئوينىتىشنى بىلگەن كىشىدۇر».

---

[71] قەردەرى، مەناقىبۇل ئىمامۇل ئەزەم يەنى ئىمام ئەزەم مەنقىبىسى، بەت. 267؛ مەككى، مەناقىبۇ ئەبۇ ھەنىفە. يەنى ئەبۇ ھەنىفە مەنقىبىسى، بەت. 239

[72] تابەرى، تارىخ، VI/170

بىر چاقىرىق ئېپادىسى بولغان بۇ سۆزلەر ئىمام جافەرنىڭ ئۇنىڭ قىيامىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يەتمەيتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «تاغلار ئۇلارنىڭ (ئەمەۋىلەرنىڭ) ئالدىنى توسقان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ كۈچى تاغلارغىمۇ يېتىدۇ». كۆزى ئەمەۋى زۇلمىدىن مۇشۇنداق قورققان ئىمام جافەرنىڭ بۇ مۇئامىلىسىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن بىر گۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ «ئىسمائىلىييە» پىرقىسىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. ھازىرقى كۈنىمىزدىمۇ ئىمامىييە شىئەسىمۇ «غۇلات» دەپ قارىغان بۇ گۇرۇھنىڭ سىيونىستلارنىڭ ۋە جاھانگىرلارنىڭ خىزمىتىدىكى سىياسى ئېغىشى ئۇممەتكە ئەقىدىۋى ئېزىشتىنمۇ ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن ئىدى.

ئىمام زەيد بىلەن جافەر سادىق ئارىسىدىكى سوغۇقلۇق بۇ نۇقتىلاردىلا قالماستىن، بۇ ھالەتنى ئۆز پايدىسىغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلىغان ھىشامنىڭ ھىيلە - مىكرى بىلەن ئىمام زەيدكە بەيئەت قىلغان بىر گۇرۇپ «ئىماملىق مۇھەممەد باقىردىن كېيىن زەيدنىڭ ئەمەس جافەر سادىقنىڭدۇر» دېيىشى بىلەن بەيئەتلىرىنى بۇزۇپ خائىنلىق قىلغانلار سېپىغا قوشۇلدى. بۇ ئىش قاتتىق كۆڭلىگە كەلگەن ئىمام زەيد مۇنداق دېگەن ئىدى:

«رافىزىلەرنىڭ بىزگە قىلغىنىنى خاۋارىجلارمۇ، قېنىمىزنى تۆككەن ئەمەۋىيلەرمۇ قىلمىغان ئىدى».

ئىمام زەيد تەييارلىق قىلىۋاتقاندا ھاكىمىيەتمۇ بوش تۇرمىدى. ئۇنى ئۆيىدە ساقلىغان كىشىنى تۇتقۇن قىلغان كۇفە ۋالىيسى يۇسۇپ زەيدنى تەسلىم قىلمىسا ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە ھاكىمىيەتنىڭ تاكتىكىسى شەرت - شارائىتنىڭ تېخىمۇ ياخشى پىشىپ يېتىلىشىگە پۇرسەت بەرمەستىن، ئىمام زەيدنى بالدۇرراق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلاش ئىدى. ئىش ئۇلار ئارزۇ قىلغاندەك بولدى. ئىمام زەيد تۇتقۇن قىلىنىشتىن ئەنسىرەپ، بەيئەت قىلغانلارنى قىيامغا تەييار بولۇشقا چاقىرغان مۇشۇنداق نازۇك بىر پەيتتە، كۇفەلىكلەردىن باشقا بىر

گۇرۇھنىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ خىيانەتلىرىگە باھانە ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنداق مۇنازىرە بولۇپ ئۆتتى:

- ئاللاھ سېنى كەچۈرسۇن، ئۆمەر ۋە ئەبۇ بەكرى ھەققىدە نېمە دەيسەن؟

- ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇلارنى كەچۈرسۇن. ئەھلى بەيتىمدىن ئۇلار ھەققىدە ياخشى سۆز قىلمىغان ۋە ئۆزىنى ئۇلاردىن ئۇزاق تۇتقان ھېچكىمنى كۆرمىدىم.

- ئۇنداقتا، ئەھلى بەيتىنىڭ قېنىنى كىمدىن ۋە نېمىشقا تىلەيسەن؟ ھەققىڭلارنى قولۇڭلاردىن ئۇلار تارتىپ ئالمىدىمۇ؟

- مېنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچەم مۇنداق: ئاللاھ رەسۇلىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنى يېتەكچىسى بولۇشقا ئۇنىڭ ئەھلى بەيتى تېخىمۇ لايىق ئىدى. بىراق قەۋم بۇ ھەقنى بىزگە بەرمىدى. بىزنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇتتى. ئەمما بۇ ئۇلارغا تىل تەككۈزۈشنى تەقەززا قىلمايدۇ. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر باشقۇرغان ۋاقىتلاردا خەلق ئارىسىدا ئادالەتنى يولغا قويدى. قۇرئان ۋە سۈننەت بىلەن ئەمەل قىلدى.

- ئۇلار سىلەرگە زۇلۇم قىلمىدىمۇ؟ ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلمىغان بولسا، سەن نېمىشقا ساڭا زۇلۇم قىلمىغان بىر قەۋمگە قارشى ئۇرۇش قىلىسەن؟

- بۇلار ئۇلاردەك ئەمەس. چۈنكى بۇلار ماڭا، سىلەرگە ۋە ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ. بىز پەقەتلا سىلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا، رەسۇلىنىڭ سۈننىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا، بىدئەتلەرنى يوقىتىشقا چاقىرىق قىلىمىز. ئەگەر بىزنى قوبۇل قىلساڭلار بەختلىك بولىسىلەر. ياق دەپ يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن ۋەكىلىڭلار ئەمەس.

كـۇفەلىكلەر ئۇنىـڭ ئـۆزىگە ئوخشـاش ئويلىمايـدىغانلىقنى بىلـىپ، ساھابىلەرگە ھاقارەت قىلغۇزالمىغاندىن كېيىن بەيئەتلىرىنـى بـۇزدى ۋە ئۇنى تەرك ئەتتى[73].

ئـارقىمۇ - ئارقـا قىلىنغـان بـۇ خـائىنلىقلار ۋە كېلىشمەسـلىكلەرنىڭ ئارقىســدىن كېـيىن قـوزغىلاڭ ئىشـارىتىنى بەرگەن ئىمـام زەيـد ھـېچ كۈتمىگەن بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلـدى: بەيـئەت قىلغـان يـۈز مىڭغـا يـېقىن كىشىلەردىن سەھەردە پەقەت 218 كىشى قېلىپ قالغـان ئىـدى. بۇنـداق بولار دەپ ئۆزىمۇ ھېچ ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك، «سۇبھانەللاھ! بـۇ كىشـىلەر نەدە؟» دەپ سـورىدى. كـۇفە ۋالىسـىنىڭ بىـر چـاقىرىق بىـلەن بارلىق خەلقنى مەسچىتكە يىغىۋالغاندىن كېيىن ئىشىك - دەرۋازىلىرىنـى تاقىۋالغانلىقى خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە، «ياق! ۋەللاھى بۇ بىزگە بەيئەت قىلغانلار ئۈچۈن بىر باھانە بولالمايدۇ» دەيدۇ.

ئىمام زەيد بىلەن بىرگە كەلگەنلەر مەسجىدكە يۈزلىنىدۇ. ئۇلار تېخـى ئـۇ يەرگە يېتىــپ بارماســتىن شــامدىن ئەۋەتىلــگەن قوشــۇن بىــلەن دۇقۇرۇشـۇپ قالــدۇ. بـۇ بىـر ئۇچـۇم ئىنسـان چـوڭ قوشـۇن بىـلەن ئاخشامغىچە ئېلىشىدۇ. ئەمما ئىمام زەيد بىر ئوق بىلەن يارىلىنىدۇ ۋە بۇ جـاراھەت سـەۋەبىدىن ئۆلـۈپ كېتىـدۇ. ئۇنىـڭ جەسـىتىنى ھاقـارەت قىلىنمىسۇن دەپ خۇپىيانە ھالدا بىر يەرگە كۆمىۋېتىدۇ ۋە ئۈستىدىن سۇ ئاققۇزىدۇ. ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن جەسەتنىڭ ئورنىـدىن خەۋەر تاپقـان ھـاكىمىيەت ئـۇنى مـازاردىن چىقىرىـپ قىـپ - يالىڭـاچ ھالـدا ئاسـىدۇ. كېسىلگەن بېشى شـەھەرمۇ - شـەھەر سـازايى قىلىنىـدۇ. ھىشـام ئۆلـۈپ ئورنىغا ۋەلىد خەلىپىلىك ماقامىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىمام زەيـدنىڭ قۇرۇپ كەتكەن جەسىتىگە ئوت قويۇۋېتىدۇ[74].

---

[73] تاباری، تاریخ VII/180,181
[74] تاباری، تاریخ، 189-VII/186

سەلتەنەتكە ئۆتە - ئۆتمەس نەپرىتىنى باستۇرالماستىن قىلغان تۇنجى ئىشى ئىمام زەيدىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈش بولغان ۋەلىدنىڭ ئەمەۋى خاندانلىقى ئىچىدە ئۆزگىچە بىر ئورنى بار. خەلق ئۇنىڭغا «جەببارى ئانىد» دەپ لەقەم قويغان ئىدى. بۇ لەقەمنىڭ تىللاردا ئىبقىپ يۈرگەن باشقا ھېكايىسىمۇ بار: ۋەلىد بىر كۈنى قۇرئان ئوقۇۋېتىپ ئىبراھىم سۈرىسىدىكى «ۋەھابە كۇللۇ جەببارىن ئانىد (... ۋە ئاخىرىدا بارلىق ئۇچىغا چىققان تەرسا نادانلار ھالاك بولدى)» ئايىتىگە كەلگەندە، «ۋاي! سەنمۇ ماڭا جەببارىن ئانىد دەۋاتىسەن ھە؟» دەپ قۇرئاننى نىشان تاختىسى قىلىپ، ئۇ پارا - پارا بولغۇچە ياچاق بىلەن ئوققا تۇتىدۇ. بۇ ئىشنى قىلغاچ تۆۋەندىكى مەنادا شېئىر ئوقۇيدۇ:

ۋەدە قىلغان ئۇ كۈنۈڭدە ئاللاھقا دېگىنكى،

ۋەلىد مېنى مۇشۇنداق ئوقتا پارچىلىدى دەپ.

مانا بۇ ئادەمنىڭ زامانىدا خۇراساندا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىمام زەيدنىڭ ئوغلى يەھيا سەلتەنەت قوشۇنى بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلىپ شېھىت قىلىنىدۇ ۋە جەستى جۇرجاندا قوزۇقىقا قېقىلىدۇ. بۇ جەسەت ئەمەۋىلەر ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر ئۇ يەردە تۇرىدۇ. كېيىن خۇراسانلىق ئەبۇ مۇسلىم ئۇنى ئۇ يەردىن چۈشۈرۈپ، جىنازە نامىزىنى ئوقۇپ يەرلىككە قويغۇزىۋەتكەن.

قىيام يەنى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنئەنىسى ئىمام يەھيادىن كېيىنمۇ ئۈزۈلۈپ قالماستىن داۋام قىلىدۇ. بۇ ئەنئەنىنىڭ ئۈلمەس ئىسىملىرىدىن بىر قانچىسى ھەققىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتەيلى:

جافەر بىن ئەبۇ تالىبنىڭ نەۋرىسى ئابدۇللاھ ھىجرىيە 127 - يىلى كۇفەدە سەلتەنەتكە قارشى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مەرۋاننىڭ كۇفە ۋالىسى ئەڭ ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن بۇ قوزغىلاڭنى باستۇردى.

ھارىس بىن سەرىھ (ۋاپاتى 127 ھىجرىيە) ھىشام بىن ئابدۇلمەلىككە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭ بارلىق ئېقىملارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ھەتتا سەلتەنەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەۋزەل بىلگەن ئەيىيامجى مۇرجىلەرلا ئەمەس، سەلتەنەتنىڭ جىزيە كىرىمىنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلمىغان «ئىسيانكار مۇرجىئە»دىن بەزىلىرىمۇ بۇ قىيامغا قاتناشتى. ھارىسمۇ ئاخىردا مەرۋان تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىپ، شېھىتلەر كارۋىنىغا قېتىلدى.

مەنسۇر بىن جۇمھۇر (ۋاپاتى ھىجرىيە 134) مەزلۇملارنى ئەتراپىدا توپلاپ مەرۋان بىن مۇھەممەدكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇنىڭ قوزغىلىشى ئۇسۇل جەھەتتىن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇردى. ئۇ ھاكىمىيەتكە قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ قىيامى خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. مەنسۇر خەلق ئارىسىدا بىر داستان بولغان ئىدى. قەيەردە زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىرەر كىشى بولسا ئۇنىڭغا ياردەمگە يېتىشكەن ۋە زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئۆزگىچە ئۇسۇلى بىلەن جازالاندۇرغانىدى. ئەمەۋى سەلتەنىتى يېقىلىپ، ئابباسى سەلتەنەتى باشلانغاندا بۇ قېتىم ئابباسى زالىملىرىغا قارشى كۈرەش قىلغان. كۈچى تۈگىگەندىن كېيىن، خارلىق ئىچىدە ياشىغاندىن ئىززىتى بىلەن ئۆلۈشنى تاللاپ، چېكىنگەن ھىندىستان چۆللىكىدە يوقسۇللۇق ئىچىدە ۋاپات بولغان.

بۇ ئارىلىقتا ئەمەۋى سەلتەنەتىدە ئاقار يۇلتۇز كەبى پارلاپ ئۆچكەن بىر ئەھۋال بولغان. قۇرئاننى ئوققا تۇتقان، كەبىنىڭ تېمىدا شاراپ ئىچىپ چۇش كۆرگەن، ۋالىيلىق ماقامىنى كىم ئاشتىغا ساتماقچى بولغان ۋەلىد بىن يەزىدنىڭ زۇلۇمغا زىندىقلىقىمۇ قوشۇلۇشى بىلەن شام خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دۇرۇس ۋە ئادىل بىر ئىنسان بولغان يەزىد بىن ۋەلىدنى چىقىرىدى. ئۇمۇ II. مۇئاۋىيە ۋە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ. يەزىد

بىن ۋەلىد ئالتە ئاي خەلىپە بولۇپ (ھىجرىيە 126) ئۆلگەندىن كېيىن ھەر ئىش يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىدۇ.

## مۇھەممەد ۋە ئىبراھىم بىن ئابدۇللاھ

ئاللاھنىڭ سۈننىتى ئۆزگەرمەيدى. ئاللاھ ئەمەۋى زالىملىرىنى ئابباسىيلارنىڭ قولى بىلەن ھەمدە تارىختىي بىر ئىبرەت بولىدىغان شەكىلدە جازالاندۇردى. ئەمەۋىلەر تۆككەن قانلىرى ئىچىدە بوغۇلدى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى مەزلۇملارنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش غايىسى بىلەن سەھنىگە چىققان ئابباسىيلار ئالدى.

سەلتەنەتكە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن زۇلۇمغا ئۇچرىغان ۋە زۇلۇمغا قارشى چىشنى بىلەپ تۇرغان بۇ كىشىلەر سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزلىرى ئۇچرىغان زۇلۇملارنى ئۇنتۇپ زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى. بەلكىم سىستېما، يەنى سەلتەنەت قۇرۇلمىسى ئۇنى تەقەززا قىلسا كېرەك. بۇنداق بىر سىستېمىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يا سىز سىستېمىنى ئۆزگەرتىسىز ياكى سىستېما سىزنى ئۆزگەرتىدۇ. ئادەتتە ئىككىنجىسى رويايقا چىقاتتى.

ئابباسىيلار يېقىنتۇق دەپ ئويلىغان ئەمەۋى سەلتەنەتىنىڭ بارلىق زەھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىدى. گەرچە ئۇلار بۇ ماقامغا ئەھلى بەيتىنىڭ نامىنى قوللىنىپ كەلگەن بولسىمۇ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەستىن ئەھلى بەيتنىڭ ئەزەلى دۈشمىنىگە ئايلاندى.

مۇھەممەد بىن ھەسەن (نەفسۇز زەكىييە) ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن تەقۋا ساھىپى بىر شەخس ئىدى. ئۇزى ھەزرىتى ھەسەننىڭ نەۋرىسى ۋە ئىمام ئەزەمنىڭمۇ ئۇستازلىرىدىن بولغان ھەسەنۇل مۇسەننانىڭ ئوغلى ئىدى. ئىنىسى ئىبراھىم بىلەن بىرلىكتە

ئابباسىيلاردىن ئەبۇ جافەر مەنسۇرغا قارشى مەدىنىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋاقتىدا، كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ كېلىپ بەيئەت قىلىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئادەتتە «قوزغىلاڭ» چۈشەنچىسىنى توغرا دەپ قارىمىغان ئىمام مالىكنىڭ «مەنسۇرغا بېرىلگەن بەيئەتلەر مەجبۇرىي بولغانلىقى ئۈچۈن باتىلدۇر» دېگەن پەتىۋاسىنىڭ تەسىرىمۇ چوڭ بولغانىدى. بۇ پەتىۋاسى سەۋەبلىك ئىمام مالىك قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ، قولى سۇندۇرۇۋېتىلگەنىدى.

نەفسۇز زەكىييە مۇھەممەدكە بەيئەت قىلغانلار ئارىسىدا ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى زۇبەير ۋە تېخىمۇ كۆپ مەشھۇر ساھابىلەرنىڭ نەۋرىلىرى بار ئىدى. ھەتتا تېخى ئەمەۋىلەر زامانىدا ئابباسىيلارنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇل ئابباس سەففاھ ۋە ئىمام ئەزەمنىڭ قاتىلى ئەبۇ جافەر مەنسۇرمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغانلار ئارىسىدا ئىدى. ئابباسىيلار ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن نەفسۇز زەكىييەنىڭ بۇ قەدەر كەڭ كۆلەمدە قوللاشقا ئېرىشىپ كېتىشىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى دەپ قارىغانىدى.

ھىجرى 145 - يىلىدا باشلانغان قوزغىلاڭ ئىلگىرىكى قوزغىلاڭلارغا ئوخشاشلا تەييارلىقسىز ھالەتتە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. قوزغىلاڭنىڭ باللدۇر باشلىنىپ كېتىشىدە ھاكىمىيەتنىڭمۇ قولى بار ئىدى. مەنسۇر نەفسۇز زەكىييە مۇھەممەدنىڭ تېخىمۇ پۇختا تەييارلىق قىلىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغان دادىسىنى قىيناپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەھلى بەيت مەنسۇپلىرىنىمۇ قىيىن - قىستاققا ئالىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقىتىپ، بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىمام مۇھەممەدنىڭ تاغىسىنى قەتلى قىلىدۇ.

نەفسۇز زەكىييە مۇھەممەد مەدىنە خەلقىنىڭ «مەھدى» چۇقانلىرى ئارىسىدا قوزغىلاڭنى باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتتا، قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشقانلارنىڭ سانى خېلى كۆپ ئىدى. سەلتەنەت قوشۇنى مەدىنىنى

مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن ئىمام مۇھەممەد ئۆزىگە قىلىنغان بەيئەتنى بۇزۇش ياكى بۇزماسلىقتا ھەممەيلەننىڭ ئەركىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر تارىلىپ كېتىدۇ. زالىملارغا قارشى ھەقنى جاكارلاشنىڭ بەدىلىنى جېنى بىلەن ئۆتىگەن بۇ مۇتتەقىي ئىنسان بىر رامىزان كۈنى ئارزۇ قىلغان شېھىتلىككە ئېرىشىدۇ.

ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، نەيزە - مىززاقلارنىڭ ئۇچىغا قادىلىپ سازايى قىلىنغان ئىدى. ئىمام مۇھەممەد ۋە دوستلىرىنىڭ جەسەتلىرىنىڭ كۆمۈلۈشىگىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان ھاكىمىيەت ئەمەۋى ۋالىيسى ھەججاجنىڭ ئىبنى زۇبەيرگە قىلغانلىرىنىڭ ئوخشىشىنى ئۇلارغا قىلغاندى.

ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىراقتا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قېرىندىشى ئىبراھىممۇ ئوخشاش غايە ئۈچۈن شېھىت بولغاندى. ئىبراھىمغا بەيئەت قىلغانلىقى مەلۇم بولغان ئىمام ئەزەم ئۇنىڭ قوزغىلىشىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

بويىنىمىزغا دار ئارغامچىسىنى ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ بەرگەن ۋەدىمىزدىن يانمايمىز!».

ئىمام ئىبراھىمنىڭ شېھىت قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئىمام ئەزەمنىڭ نەچچە كۈن ئۆيىدىن چىقماي كۆز يېشى قىلغانلىقىنى مەككى ۋە قەردەرى قەيت قىلغان.

****

ئىماملار ۋە سۇلتانلار كۈرىشىدە ئىككى نەرسىنى، يەنى ئىسلام دۆلىتى بىلەن كاپىر دۆلىتىنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. سەلتەنەتكە قارشى كۈرەشنى ئاللاھ رەسۇلى ۋە راشىد خەلىپىلەردىن ئۆتكۈزىۋالغان ئىماملار قارشى چىققان دۆلەت قانۇن ۋە نىزاملىرى،

پرىنسىپ ۋە تۈزۈملىرى ۋە ئىجرائات نۇقتىسىدا بۇرمىلىنىشلار بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ بىر «ئىسلام دۆلىتى»دۇر. بۇ، فىقھى ۋە ھۆكمى نۇقتىدىن شۇنداق. ھۆكۈمدارلاردىن سادىر بولغان خاتالار ۋە ھەتتا خائىنلىقلارمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمىسە كېرەك.

ئىماملار توغرىسىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن ئۈممەتنىڭ سەر خىللىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋاقىتتا، دۆلەت تايانغان بىردىنبىر قانۇن بولغان «شەرىئەت»كە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرمىگەن ئىدى، ئەلۋەتتە. ئەكسىچە، ھۆكۈمدارلارنى قۇرئانغا، يەنى سىستېمىنىڭ يوللۇق بولۇشى ئۈچۈن سىستېما ئاساسلانغان «ئىسلام قانۇنى (شەرىئىتى)»غا ئەمەل قىلىشقا چاقىرغانىدى. ئۇلارنى قانۇنسىز، يەنى شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن جىنايەتكار دەيتتى ۋە سەلتەنەتچىلەرمۇ خەلقنىڭ ئالدىدا ھەر قېتىم چىققان ۋاقىتتا قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرەتتى.

تەبىئىي ھالدا، ئۇلار كۈرەش قىلغان دۆلەت تۈزۈلمىسى بىلەن ھازىرقى كۈنىمىزدىكى ئىلمانىي ۋە دېموكراتىك تۈزۈم ئارىسىدا كىچىككىنە بولسىمۇ ئوخشاشلىق يوق ئىدى. بۇ ئىككى دۆلەت تۈزۈمىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش مەنبەلىرى، قانۇنلىرى ۋە مەنپەئەت نۇقتىسى جەھەتتىن ئالدىنقىسىنىڭ مەنبەسى ئىلاھىي، كېيىنكىلىرىنىڭ بەشەرى (ئىنسانى)دۇر. بۇلار ئۆزئارا بىر يەردە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان تۈزۈملەردۇر.

يەنى، ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىككە تېگىشلىك بولغان ئىككى نەرسە «زۇلۇم دۆلىتى» بىلەن «كۇپرى دۆلىتى»دۇر. «زۇلۇم» بىلەن «كۇپرى» ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە بۇ ئىككى ئۇقۇم قۇرئاندا ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان مەسىلە ئەمەلى ئەمەس، ئەقىدىۋىيدۇر. بۇ ئۇقۇملارنى «ئەمەل» نۇقتىسىدىن چۈشىنىدىغان بولساق، مۇئمىننىڭ زۇلۇم قىلىش

ئېھتىمالى بولغاندەك كاپىرنىڭمۇ ئادىل بولۇش ئېھتىمالى بار. بىراۋنىڭ ئەمەلدىكى زۇلۇمى ئۇنىڭ كاپىر بولغانلىقىغا دالالەت قىلمىغاندەك كاپىرنىڭ «ئادالىتى» ئۇنىڭ ئىمانىغا دالالەت قىلالمايدۇ. ھەم كۇپرى «ئەڭ بۈيۈك زۇلۇم» ئەمەسمىدى؟

# پارچىلانغان ئۈممەت

## سوئاللار ۋە پىرقىلەشكەن جاۋابلار

بۇ يەرگە كەلگىچە چۈشەندۈرگەنلىرىمىز، تەسىرىنى پەقەت ئۆز دەۋرىدىلا كۆرسىتىپ، تاتلىقى ۋە ئاچچىقى بىلەن ئۈممەتنىڭ تارىخ دەپتىرىگە يېزىپ قالدۇرۇلغان بىرەر «ئەسلىمە»دىنلا ئىبارەت ئەمەس. گەرچە سەممىي قەلبلەر بەزى ئەھۋاللارنىڭ ئەنە شۇنداق بولۇشىنى خالىسىمۇ، ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپتىن قىلىنغان قوش يۆنىلىشلىك بۇزغۇنچىلىقلار، بولۇپمۇ ئىسلام سىياسى تارىخىدىكى جاراھەتلەرنىڭ پات - پات قاناپ تۇرۇشىغا سەۋەب بولماقتا. تارىختا داۋاملىشىپ كەلگەن، كېلىپ چىقىشى ئېتىقادىي بولماستىن سىياسىي بولغان ئىختىلاپلارنى تەفرىقىگە ئايلاندۇرۇپ، بۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىپ كەلگەن يامان نىيەتلىك كۈچلەر دائىم بىقىنىدا ئېلىپ يۈرگەن خىيانەتنىڭ، جاھالەتنىڭ، ھاماقەتلىكنىڭ ۋە نادانلىقنىڭ قۇربانلىرى ئارقىلىق سۈيقەستكە تولغان ئويۇنلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

بۇ نۇقتىدا جاھىللىق بىلەن بۇ مەسىلىلەرنى كۆرمەسكە سالغان، ئۈممەتنىڭ سىياسىي تارىخىدىكى جەمەل، سىففىنغا ئوخشاش چوڭ ۋەقەلەرنى ياخشى نىيەتلىرى سەۋەبلىك دائىم سۈكۈت بىلەن ئۆتكۈزىۋەتكەن ھەمدە بىتەرەپ تۇرۇش ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ پاك ساھابىلىرىنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى ئۇپىراتماسلىق دېگەنگە ئوخشاش ھەقلىق سەۋەبلەرگە تايانغان بۇ مۇئامىلە يامان كۈچلەرنىڭ تىنماس بۇزغۇنچىلىقلىرى ئالدىدا ھۆكۈمسىز قالغان ياكى ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنىڭ زىيىنىغا بىر پوزىتسىيىگە ئايلىنىپ، بۇ تۆگىمەس نىزانىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ قالغان.

بەزىلەر مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئەقىدىۋى مەسىلە سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. ئىسلام تارىخ ئىلمىدە ئىسمىلىرى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەن، ئۇزۇن بىر تىزىملىك قالدۇرۇپ كەتكەن خاتا ئەنئەنىگە قارىماستىن، ئۇممەتنىڭ باغرىدا ئەسىرلەردىن بۇيان قانىغان بۇ جاراھەتلەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنى داۋالاشمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. بۇ جەرياننى بىلمىگەن كىشىلەر بىلىپ - بىلمەي بۇ يارىغا تۇز سەپمەكتە. ئۇممەتنىڭ ئورتاق مىراسى بولغان مالىمانچىلىق قاپلىغان بەزى دەۋرلەرنى تارىخنىڭ ئوبيېكتىپ كۆزى بىلەن يەتكۈزۈشنىڭ ئورنىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش پىسخىكىسى بىلەن «تەنتەكلىك » ۋەيا «جەسۇرلۇق» بىلەن بۇرمىلاپ يەتكۈزۈشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. بولۇپمۇ بۇ ئىشنى ئەقىدە ۋە ئەھلى سۈننەت قالقىنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ يەتكۈزۈش پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى سۈننەت ئەھلىنىڭ سىياسى مەيداننى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئىمامى ئەزەمنىڭ كۆز قارىشى ۋە مۇئامىلىسى بۇنداق باھانىلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايدۇ.

ئىمام ئەزەمنىڭ شەخسىيىتىدە سىمۋوللاشقان پوزىتسىيە ھەقىقى سۈننەت ئەھلىنىڭ پوزىتسىيىسىدۇر. ئەسلى سۈننەت قالقىنىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنىۋېلىپ، سەلتەنەت مەدداھلىقى ۋە تارىخ تۇججارلىقى (سودا) قىلغانلارنىڭ پوزىتسىيىسى ئەھلى سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

ئىمامنىڭ شەخسىيىتىدە نامايەن بولغان بۇ پوزىتسىيىسىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن سەلتەنەت ۋە خىلاپەت تارىخىغا قوشۇپ يەنە بىر نەرسىنى ياخشى بىلىش كېرەك. يەنى، سىياسى ۋە ئېتىقادى مەزھەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان سەۋەبلەر...

ئەلۋەتتە مەزھەپلەر تارىخى يازماقچى ئەمەسمىز. ئەسلىدە بىز بىلىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىمۇ بۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە

مەزھەپلەرنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەردۇر. ئۇ سەۋەبلەرنى ياخشى تەھلىل قىلماستىن سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ھەتتا فىقھى ئېقىملارنى توغرا شەكىلدە تەھلىل قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئەسلىدە ئىقتىسادىي مەسىلىدەك كۆرۈنگەن جەبرىييە، قادىرىيە، مۇرجىئە، شىئە، مۇئتەزىلە... قاتارلىق ئېقىملارنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبلىرىنىڭ بىزگە ئېيتىلغاندەك ھەقىقەتەن ئەقىدىۋىي بولغان - بولمىغانلىقىنى ۋە بولۇپمۇ بۈگۈنكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بېشىغا يېغىدىن بالا قىلىشقا تىرىشىۋاتقان «مۇرجىئە» پۇرسەتپەرەسلىرىنىڭ تارىخىي رولىنى بىلىشىمىز كېرەك.

ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يېتىشىچە بىرىنچى مەنبەلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا يەتكۈزمەكچى بولغىنىمىز، ھەزرىتى ئوسماننىڭ شاھادىتى بىلەن نەتىجىلەنگەن ۋەقەلەرگىچە بولغان تارىختا مەلۇم بىر پىرقى (گۇرۇھ / مەزھەپ)نىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. لېكىن بۇ ئېھتىماللىق ئىنسان بار بولغان ھەر جايدا مەۋجۇت بولغاندەك نەبى دەۋرىدىمۇ بار ئىدى. دەرۋەقە، كېيىنكى باپلاردا تىلغا ئېلىنغان سەھىھ رىۋايەتلەر بۇنى توغرىلايدۇ.

ئەلۋەتتە پىرقىلىشىشنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلغان شەخسلەر ئاسماندىن چۈشمىگەندەك، بۇلارنىڭ چۈشەنچىسىمۇ ئۇنداق سەۋەبسىزلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئەمەس. مەسىلەن، شىئەنىڭ مەنبەسى بولسا ھەزرىتى ئەلىنىڭ تەرەپتارلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا پەيدا بولغان مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە مەپتۇنلۇق تۇيغۇسى ئىدى. بۇ تاكى نەبى ھايات ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، كېيىن ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان ۋەقەلەرگە يۈزلەنگەن ئېقىمغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، راشىت خەلىپىلەرنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ ئاز ۋەياكى كۆپ شىئەسى (تەرەپتارى) بولغانىدى. روشەن ئالاھىدىلىكى سۆيگۈ ۋە دوستلۇق بولغان بۇ تەرەپۋازلىق ئالدىنقى ئىككى خەلىپىدە ھەزرىتى ئوسمانغا بولغاندەك ئۇنچىلىك ئېنىق ئەمەس ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى

ۋەزىپىگە قويغان ئىنسانلاردىن شۇئە، يەنى تەرەپتار بولۇش ئالاھىدىلىكىنى شەرت قىلمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ شەرتى «لاياقەت (ئىشنىڭ ئەھلى بولۇش)» ئىدى. ھەتتا بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەزرىتى ئۆمەرگە ئىخلاس قىلىدىغان ۋە كۆز قاراشلىرىغا ئېتىبار بەرگەن دوستلىرىنى ۋالىيلىق، قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە قويماستىن بەلكى لازىم بولغاندا مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدە بىكار ھالەتتە تۇتۇپ تۇرغانلىقى مەشھۇردۇر. خەلىپىلىك ۋاقتىدا، ھەزرىتى ئوسماننىڭ سىلەئى - رەھىمگە بەك ئېتىبار بېرىشىنى بىلەن تۇققان ۋە قەبىلە مەنسۇپلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىشى، بۇ ۋەزىپىگە قويۇلغانلارنىڭ سىيرەت ۋە ئىجرائاتتا بەك ياقتۇرۇلمايدىغان كىشىلەردىن بولۇشى، بولۇپمۇ بۇلارنىڭ تەيىنلىنىشى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلارنىڭ ھەقىقەتەن ھەزرىتى ئۆمەر تاللاپ ۋەزىپىگە قويغان لاياقەتلىك ۋە ئىلغار كىشىلەردىن بولۇشى «شىئە» ئۇقۇمىنى نوقۇل مەنىۋى ئۇقۇم بولۇشتىن چىقىرىپ تاشلاپ سىياسى بىر ئۇقۇمغا ئايلاندۇردى. ئىلگىرى پالانىنىڭ شىئەسى دېيىلگەندە، «ئالاھىدە بىر دوستلۇق ۋە مېھرى - مۇھەببەت گۇرۇپپىسى» ئەقىلگە كەلگەن بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە «شىئە» دېيىلگەندە بۇگۈنكى مەنىسى بىلەن «سىياسى تەرەپۋازلىق (پارتىيە)» ئەقىلگە كېلىشكە باشلىدى. تىپىك ئالاھىدىلىكى «سىياسى تەرەپۋازلىق» بولغان شىئەلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆلۈمى بىلەن «پىرقىلىشىش»كە قاراپ يۈزلەندى. بۇ شۇنداق ھالغا كەلگەن ئىدىكى، ھەزرىتى ئوسماننىڭ جىنازىسىنى كۆتەرگەنلەردىن بىرى ئۆزلىرىنى «ئوسمانىيىيۇن (ئوسمانچىلار)»[75] دەپ ئاتاشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغاندى. دەسلەپكى تارىخى مەنبەلەر بەزى راۋىيلەرنى «ئوسمانىي» (ئوسمانچى) دەپ تونۇشتۇرىدۇ. بۇ تەرەپۋازلىق بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئەقىدىدە پەرقلىق

---

[75] ئىبنى سەئىد، تاباقات، III/79, IV/341, VII/126-261

يۈنىلىشىلىرى بولغان بىر مەزھەپكە ئايلىنىدۇ. ھەتتا مەزكۇر تەرەپتارلارنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈشى بىلەن ئىسلام سىياسى تارىخىدا تۇنجى قېتىم «رەسمىي مەزھەپ» مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئەلۋەتتە ھەر ئېقىمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبى بۇ قەدەر بىغۇبار ئەمەس. مەسىلەن، كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان «خاۋارىجلار» ئىسمى بىلەن ئاتالغان پىرقىنىڭ يىلتىزى تا ئەسرى سائادەتكە تايانسىمۇ، ئۇلار ناھايىتى سەلبى بىر ئۈرنەك ئىدى. سەھىھۇل بۇخارىدا نەقىل قىلىنغان بىر خەۋەردىن بىلىشىمىزچە، كېيىنچە «خاۋارىجلار» دەپ ئاتالغان «قۇررا»نىڭ رەئىسى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا بولغان، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جەڭ قىلغان بىر كىشى ئىدى. مەشھۇر ساھابە ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ غەنىيمەت تەقسىم قىلىۋاتقاندا، ئابدۇللاھ بىن زىل خۇۋەيسرا ئەتتەممى كەلدى ۋە دېدىكى:

- ئادىل بولغىن ئەي رەسۇلۇللاھ!

- ئىست ساڭا! مەن ئادىل بولمىسام كىم ئادىل بولالايدۇ؟

ئۆمەر ئالدىغا ئېتىلدى:

- ئىجازەت قىل، كاللىسىنى ئالاي.

- ئۇنى قويۇۋەت! ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بار ئىكەن. سىلەردىن بىرىڭلار نامىزىنى ۋە روزىسىنى ئۇلارنىڭ نامىزى ۋە روزىسى ئالدىدا تۆۋەن كۆرىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، ئوق يايدىن چىققاندەك دىندىن چىقىپ كېتىدۇ». ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ سەئىد مۇنۇ شاھادەتنى ئېيتىدۇ: «بۇنى ئاللاھ نەبىسىدىن ئاڭلىغانلىقىمغا شاھادەت ئېيتىمەن ۋە يەنە شاھادەت ئېيتىمەنكى، ئەلى (نەۋھاراندا) ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى، مەنمۇ ئۇنىڭ سېپىدە ئىدىم». مۇنۇ ئايەت ئۇنىڭ ھەققىدە نازىل بولدى:

«ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى سىنىڭ سەدىقە (ۋە غەنىمەت)لەرنى تەقسىم قىلىشىڭنى ئەيىپلەيدۇ...» (تەۋبە سۈرىسى، 58)[76].

ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا توپلانغان كىشىلەر ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ «شىئە»سى ئەمەس بولۇپ، رېئال ۋەزىيەتتىن بىئارام بولغانلىقنى ئىپتقان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ئوخشاش ساھابىلەرنىڭ ئوغۇللىرىمۇ بار بولۇپ، ئوتتۇرىدا جىددى بۆلۈنۈپ كېتىش، پارچىلىنىش دېگەننىڭ شەپىسى يوق ئىدى. بىزگە يېتىپ كەلگەن تۈنجى مەنبەلەردە، بۇ كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر پىرقىگە تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق يىپ ئۇچى يوق. بۇنىڭ بىر سىستېمىلىق ئىسيان ئەمەسلىكىنى ھېچقانداق بىر گۇرۇپپىغا تەۋە بولمىغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مالىمانچىلىقلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ شېھىت قىلىنىشى بىلەن تەڭ باشلاندى. ئۇ كۈنگىچە ئوتتۇرىغا چىقمىغان تەرەپۋازلىقلار (شىئەلەر) شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئىسلامنىڭ كېلىشى بىلەن كۆلگە ئايلانغان قەبىلىۋازلىققا بۇ تەرەپتارلارنىڭ قولى بىلەن قايتىدىن ئوت تۇتۇشۇشقا باشلىدى. ھەر نەرسىنىڭ قانۇنىيلىقى، يەنى شەرىئەتكە چۈشۈش - چۈشمەيدىغانلىقى مۇنازىرە تېمىسىگە ئايلانغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەجىر سىڭدۈرۈپ بەرپا قىلىپ چىققان، راشىد ۋە مۇرشىد خەلىپىلەر كۆز قارىچۇغىدەك ئاسراپ كەلگەن نەبەۋى قۇرۇلما توپقا تۇتۇلۇشقا باشلانغان ئىدى. مەنىۋى قىممەتلىرى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇ ئەسىرى سائادەتنىڭ ساھابىلىرى ناھايىتى ئېغىر بىر ئىمتىھاندىن ئۆتىۋاتاتتى. بەئەينى بىر كىچىك قىيامەت ئىدى.

نەبەۋى خەلىپىلىكنى ئەڭ ئېغىر زاماندا ئۆز ئۈستىگە ئالغان تۆتىنجى خەلىپە جەمەل، سىففىن، تەھكىم، نەھراۋان دېگەندەك ئارقىمۇ ئارقا

---

[76] ئىبنى ھاجەر، فەتھۇلبارى، كىتابۇل ئىستىتابە، 7. ھ. نۇمۇرى، 6933، XII/303

كەلگەن خىيىم - خەتەردىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇ يەردىن بۇيەرگە چىپىپ يۈرگەن ئىدى. «قانداق بولساڭلار شۇنداق باشقۇرۇلسىلەر» دېگەن ھەقىقەتنى كەينىگە سۆرىيەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن كۆڭلى غەش ھالدا مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى:

«مەن ئۆلاردىن، ئۆلارمۇ مەندىن تويدى. مىنى ئۇلاردىن قۇتقۇزغىن، ئۆلارنىمۇ مەندىن»[77].

«كىم ھەق، كىم باتىل ئىدى؟ نىمشقا بۇ يولنى تاللىغان؟ پالانچىلار نىمشقا پوكۇنچىلار بىلەن بىرگە ئىدى؟ پالانچىلار نىمشقا پوكۇنچىلار بىلەن بىرگە بولمىغان؟ ھەقتە بولغانىنىڭ دەلىلى نىمە؟ باتىل دەپ قارالغانىنىڭ دەلىلى نىمە؟ قايسى تەرەپنى تاللىشى كېرەك ئىدى؟ ياكى تەرەپتارلاردىن بىرىگە باغلانسا بولامتى؟ باغلانسا مەسئۇل بولامتى؟ ھېچقانداق تەرەپنى تۇتمىسا قانداق بولاتتى؟ ئۆلگەنلەر ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەق ھوزۇرىدىكى ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ ئاخىرەتتە قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ؟ ئۆلگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىدا جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەنلەر، بەدرى ئەھلىگە ئوخشاش قۇرئان خۇشخەۋەر بەرگەنلەر بار ئىدى. ياكى بولمىسا ئىنسان تەقدىرگە مەھكۇممۇ؟ بارلىق بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەردە ئىنساننىڭ ئىرادىسى قانداق بولغان؟ ياكى بولمىسا يۈز بەرگەن بارلىق ۋەقەلەر ئىنسان ئۆزى پەيدا قىلغان ئىشلارمىدى؟ ئۆلتۈرگىنى دىندىن چىقتى دەپ قارىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس بولسا، ئەملى بىلەن ئىمانى ئارىسىدا قانداق بىر مۇناسىۋەت قۇرۇش مۇمكىن؟ ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ زۇلۇمىغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك؟

تەبىئىيكى، بۇ سوئاللارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەقەلەرگە ئەقىدە - ئىمان نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ سورالغان سوئاللار ئىدى.

---

[77] ئىبنى سەئىد، تاباقات، III/34

ئەمما، ۋەقەلەرنىڭ يىلتىزى سىياسىيغا تۇتاشقان ئىدى. ۋەقەلەرنى ئىمان نۇقتىسىغا كۆتۈرۈپ، بۇ نۇقتىدىن قاراشقا ۋە جاۋاب ئىزدەشكە باشلىنىشى بىلەن تەڭ ۋەقەلەرگە بۇ نۇقتىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش مودىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. كېيىنكىلەرمۇ ئالدىنقىلارنىڭ بۇ مودىسىغا ئەگەشكەن پېتى مەزكۇر دەۋرنى «مەخسۇس ھىمايە ئاستى»غا ئېلىپ كەلدى. ئۆزىنىڭ گۇمانلىرىنى ئەقىدە سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە باشلىدى، ئۆلچەم قويۇشتى. ئۇنىڭغا چۈشمىگەنلەرنى قولىدىكى سېھىرلىك تاياق بىلەن «ئۇچى»، «بۇچى» دەپ ئېلان قىلىپ ھۆكۈم كېسىشكە باشلىدى. بۇنداق پوزىتسىيە بىر - بىرىگە زىت بولغان قۇتۇپلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولدى.

باشقا قايتىدىغان بولساق، سورالغان بۇ سوئاللارغا كىتاب ۋە سۈننەتتىن دەلىل ئىزدەشكە، جاۋابلار تېپىلىشقا باشلاندى. ئەمدى قۇرئان نەيزىنىڭ ئۇچىدا ئىدى. غەلىبە قىلىشنى ئويلىغان كىشى نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا قۇرئاننى تاقىۋالدىمۇ كۇپايە قىلاتتى. تەرەپۋازلىقلار سىياسى شەكىلدە باشلاندى، ئەقىدىۋى تۈستە تەرەققىي قىلدى، ئاباسىيلار دەۋرىدە قان دەۋاسىغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇ ئەزەلى قان دەۋاسى داۋام قىلىشنى خالىغانلارنىڭ تۆھپىسى بىلەن بۈگۈنكى كۈنگىچە سۆرەپ كېلىندى.

ئىختىلاپلارغا ئۇ قەدەر ئېچكىرىلەپ كەتتىكى، كىشىلەر ئۆز ھېزبىنىڭ غالىپ كېلىشى ئۈچۈن ھەرنەرسىنى، زۆرۈر تېپىلسا دىنىنىمۇ پىدا قىلىشاتتى. قارىغۇلارچە ئەگىشىش ئۆچمەنلىككە، ئۆچمەنلىك ئىنتىقامغا، ئىنتىقام قانغا ئايلانغان بولۇپ، ئەمەۋىلەر بۇ ئىنتىقام ئۈچۈن 80 يىلدا مىڭلىغان كاللىنى ئالغان ئىدى. ھاكىمىيەت ئالماشقاندىن كېيىن، ئاللاھ كونا زالىملارغا يېڭى زالىملارنى مۇسەللەت قىلغان ئىدى. بۇ مۇشۇنداق داۋام قىلىپ كېتىۋەردى. ئەمما ھەممىسى قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى.

پىرقىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە كەلسەك، بۇ تېما ئۈستىدە توختالغاندا، داڭلىق تارىخچى ئىبن سەئىدنىڭ «ئەلى ئەسھابى» ۋە «ئوسمان شىئەسى» شەكلىدىكى ئۇسلۇبىنى تاللىدۇق.

ئىمام ئەزەمنىڭ سىياسى مەيدانىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن تۆت مەزھەپنى بىلىش كېرەك ئىدى. بۇلاردىن شىئە ۋە مۇرجىئە بەلگىلىك تەسىر بىلەن، مۇئتەزىلە ۋە خاۋارىجلار مۇئەييەن ئىشقا قارىتا قايتۇرغان ئىنكاس بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ھەرىكەتلەر ئىدى. ئىلگىرى كېيىنلىك تەرتىپىگە بىنائەن قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

بۇلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئېقىملار پەيدا بولغان بولسىمۇ، ۋەقەلەرنى تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا سىياسى تەرىپىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقىمىز ئۈچۈن سىياسى ساھەدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغانلار ئۈستىدە توختالمايمىز. مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ تۆت ئانا پىرقى ئىچىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. بىز ئالدى بىلەن پىرقىلەرنىڭ سىياسى كىملىكىنى تەھلىل قىلىشقا كىرىشىمىز. بەرگەن باھالىرىمىزمۇ بۇ تەرەپكە قارىتىلغان بولىدۇ. ئىشنىڭ كالامى تەرىپى بىز بىلەن قەتئىي مۇناسىۋەتسىز. مەقسىتىمىز پىرقىلەرنى ئادەتلەنگەن ئۇسلۇب بولغان ھەق - باتىل تەكشىلىكىدە باھالاپ قازىلىق قىلىش ئەمەس. قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەندىزە ۋە شەكىللەرنىڭ توزىقىغا چۈشمەستىن، ئۇ دەۋرنىڭ ئىنسانلىرىنى ۋە ۋەقەلىكلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىشتۇر. چوقۇم بىر ئۆلچەم قويۇشقا توغرا كەلسە، بەلكىم «زۇلۇم - ئادالەت» تارازىسىغا قويىمىز. سىياسى كىملىكىنى چىقىرىشقا تىرىشىمىز.

# تەرەپۋازلىق

## ھەزرىتى ئەلىنىڭ (رەزىيەللاھۇئەنھۇ) ئەسھابى (دوستلىرى) ۋە ئۇلارنىڭ شىئەگە ئايلىنىشى

ھەزرىتى ئەلى ئىسلامنىڭ تارىقلىشىدا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغانلاردىن بىرى ئىدى. بەزى مەنبەلەردە ئۇنى ئەڭ باشتا مۇسۇلمان بولغان بەش، ھەتتا ئۈچ كىشىدىن بىرى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا ماس ھالدا ھەزرىتى ئەلىمۇ كۆزگە كۆرۈنىشكە باشلىغان. جەڭ مەيدانلىرىدىكى قەھرىمانلىقلىرى ۋە جاسارىتى، رەسۇلۇللاھ بىلەن بولغان تۇققاندارچىلىقى، ئىلمى، تەقۋاسى، رەسۇلۇللاھ ھىجرەتكە ئاتلانغاندا ئۇنى ئۆزىنىڭ كارۋىتىدا يېتىشقا بۇيرىشى ۋە مەدىنىگە كەلگەندە مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئارا قېرىنداش بولۇشقا بۇيرۇپ، ئۇنى ئۆزىگە قېرىنداش قىلىشى، ھەتتا ھاياتىدىكى بىردىنبىر پەرزەنتى بولغان قىزى پاتىمەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىشى ھەزرىتى ئەلىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسھابلىرى (دوستلىرى) ئارىسىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەزرىتى ئەلىنىڭ قۇرەيشنىڭ مەشھۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان بەنى ھاشىمدىن ئىبارەت چوڭ ۋە قۇرەيشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر قەبىلىدىن بولۇشى كېيىنكى مەزگىللەردە يۈز بەرگەن ۋەقە ۋە تەرەپۋازلىقلارنى ئىزاھلاشتا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان ئامىللاردىن بىرىدۇر.

مانا بۇ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ھەزرىتى ئەلى ساھابىلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنغان ۋە ياخشى كۆرۈلگەن

بىر شەخس ئىدى. بۇ مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت پەۋقۇلئاددە دوستلۇقنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋەسىلە بولغانىدى. مەككىدىكى ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى بىرلىكتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، مۇشرىكلارنىڭ چىدىغۇسىز زۇلۇملىرىغا بىرلىكتە بەرداشلىق بېرىپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى يەڭگەن، بىر سەپتە كۈرەش قىلغان، قەھەتچىلىك كۈنلىرىدە بار - يوقنى تەڭ كۆرگەن، ھىجرەت، بەدرى، ئوھۇد، تەبۇك، خەيبەر، ھۇنەيىن ۋە فەتھى بىرلىكتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ بۇنچە ئورتاق ئەسلىمىلەرگە قارىتا ئىنكاسسىز قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ سەۋەبتىن ئەبۇ زەر غىفارى، سەلمان پارىسى، ئەممار بىن ياسىر، مىقداد بىن ئەسۋەد، زۇبەير بىن ئەۋۋام... قاتارلىق قۇرئان خۇشخەۋەر بەرگەن بەدىر ئەھلى بولغان تاللانغان كىشىلەر بىلەن ھەزرىتى ئەلى ئارىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق رىشتىسى بار بولۇپ، بۇ دوستلۇق ھالقىسى كۈندىن - كۈنگە كېڭەيگەنىدى.

ئىسلامنىڭ جاپالىق ئېغىر كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ، نېئمەت كۈنلىرىنىڭ باشلىنىشى، زەپەرلەر ئارقىمۇ - ئارقا قولغا كەلتۈرۈلۈپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ تەسلىم بولۇشى، ھەر جەھەتتىن ئوتتۇرىغا چىققان كېڭىيىش ۋە زورىيىش بۇ ئېغىر كۈن دوستلىرىنىڭ دوستلۇقلىرىغا تېخىمۇ قىممەت قوشقانىدى. بولۇپمۇ مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى، شېرىكنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ چوڭ قەلئەسى بولغان مەككىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى بىلەن تەڭ يېڭى بىر ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقتى. كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىسلامغا قارشى تۇرغان كىشىلەر تەسلىم بولۇشتىن باشقا چارە

قالمغانلىقتىن قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىپ ئىسلامغا تەسلىم بولدى. بۇلار ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك «تۇلەقا» دەپ ئاتالغاندى[78].

كېيىنكى مەزگىلدە باش كۆتۈرگەن ئىختىلاپلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. فەتھتە ئىسلامغا تەسلىم بولغان «تۇلەقا»لارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرىدىن بىر ياكى بىر قانچىسى بەدىر ئەسھابلىرىدىن بولغان بىرسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. بولۇپمۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۇرۇشلاردا، خۇسۇسەن بەدىردە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ۋە جاسارىتى سىيەر ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇرۇشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردە ئايرىم بىر تېما ئاستىدا بايان قىلىنىدۇ. ھەزرىتى ئەلى بەدىردە ئەڭ كۆپ مۇشرىك ئۆلتۈرگەن ساھابىلەردىن بىرى ئىدى.

گەرچە بۇ كىشىلەر مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، بۇلار (تۇلەقالار)نىڭ پەرىشتە ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم. مۇشرىك ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ئۆلگەنلەر ئۇلارنىڭ ئاتىسى، تاغىسى، قېرىنداشلىرى بولۇپ، ئۇلارنى شۇنداقلا ئۇنتۇپ كېتىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش توغرا ئەمەس. بەزىلەر بۇنى ئىچىدە ساقلاپ كەلگەنىدى. كېيىنكى مەزگىلدىكى ئەمەۋى خەلىپىلىرىدىن بىرسىنىڭ ئالدىغا ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ كاللىسى قويۇلغاندا، شائىر فەرازداقنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ «ئابدۇلمۇتەللىپ

---

[78] ئەسرى سائادەتتە « تۇلەقا » ئىسمى مۇنداق ئوتتۇرىغا چىققانىدى: مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ كەبىنىڭ ئىشكى ئالدىدا تۇرۇپ، بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ئاقىۋەتنى ھەققىدىكى قارارنى ئەندىشە ئىچىدە كۈتۈپ تۇرغان مەككە مۇشرىكلىرىدىن: «ئى مەككىلىكلەر! سىلەرگە نېمە قىلىشىمنى ئويلاۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سەن ياخشى بىر قېرىنداش ۋە ياخشى بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى. سەندىن ياخشىلىق كۈتىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ: «ئىزھەبۇ فە ئەنتۇم تۇلەقا (بېرىڭلار، سىلەر قويۇپ بېرىلدىڭلار)!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەر «تۇلەقا (قويۇپ بېرىلگەنلەر)» دەپ ئاتالدى. زەمەھشەرى، كەششاپ، IV/239

ئوغۇللىرىدىن بەدىرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم» دېگەن سۆزلىرى ئەگەر ئىشەنچلىك بىر رىۋايەت بولسا بۇنىڭ تەكتىدە ياتقان سەۋەب يۇقىرىدا ئىزاھلاشقا تىرىشقان مەسىلىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

بۇ ئەھۋال ھەزرىتى ئەلى ۋە دوستلىرىنى بىر - بىرىگە تېخىمۇ چىڭ باغلىغانىدى. بۇ ئارىلىقتا ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ تۆھمەتلەردىن بىرسى، يەنى ئىفك ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى. مۇئمىنلەرنىڭ پاك ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە لىھېكمەتىن (بىر سەۋەبكە تايانغان ھېكمەت) بىر تۆھمەتكە ئۇچرىغان ئىدى. ساھابىلەردىن بەزىلىرى بۇ تۆھمەتنى ئاڭلاپلا رەت قىلغان، بەزىلىرى سۈكۈت قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەن، بىر قانچىسى بۇ تۆھمەتنى تارقاتقان ۋە بۇ سەۋەبتىن جازالانغانىدى.

ھەزرىتى ئەلى ئىككىلىنىپ قالغانلار قاتارىدا بولۇپ، ھەزرىتى ئائىشەدىن كەلگەن بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ خۇتبىدىن كېيىن ئەسھابىللىرى بىلەن كېڭەش ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، سۆز قىلىش نۆۋىتى ھەزرىتى ئەلىگە كەلگەندە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان: «يا رەسۇلۇللاھ، ئايالدىن كۆپ نېمە بار! سەن ئۇنى ئالماشتۇرۇشقا قادىر»[79]. بۇ سۆز ھەزرىتى ئائىشەگە ناھايىتى ئېغىر كەلگەن بولۇپ، ئۇنى بىر ئۆمۈر ئۇنتالمىغانىدى. جەمەل ۋەقەسى ۋە باشقا ۋەقەلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى بۇ ۋەقەلەرنى بىلمەستىن توغرا يەكۈن چىقىرىش قىيىن[80].

مانا بۇ ۋەقەلەر سەپلەرنى تېخىمۇ ئېنىق شەكىلدە ئايرىغانىدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەتراپىدىكى دوستلۇق ھالقىسىنى تەشكىل قىلغان بۇ

---

[79] تابارى، تارىخ، II/615

[80] ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىبنىڭ شېھىت قىلىنغانلىق خەۋىرى ھەزرىتى ئائىشەگە يەتكۈزۈلگەندە، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: شامال ھاسىسىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى، ھاسسى جايىنى تاپتى، يۇرتىغا بارغان يولۇچىنىڭ كۆزلىرى ئايدىڭ بولدى. ---- ئىبنى سەئىد، تاباقات، III/40

كىشىلەرگە چوقۇم «شىئە (تەرەپتار)» ئۇقۇمىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە ئۇنىڭ تۇنجى شىئەسى دېسەك خاتالاشمايمىز. بۇ كەلىمە ئاتالغۇ سۈپىتىدە قۇرئانى كەرىمدە سەلبىي تۈس مەنىسىدە شىيەئان (تەرەپتارلار) شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئىجابىي تۈس مەنىسىنى بىلدۈرمىگەن تەقدىردىمۇ تەرەپسىز بىر ئاتالغۇدۇر. بەزى زەئىپ رىۋايەتلەردە، رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەمراھلىرىنى ماختىغاندا «ئۇ ۋە شىئەسى» شەكلىدە سۆز قىلغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ. ئەمما بۇ ھەقتە قولىمىزدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

نېمىلا بولمىسۇن، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنى رەسۇلۇللاھتىن كېيىن سىياسىي ۋارىس دەپ قارىغان بەنى ھاشىمدىن باشقا، مۆتىۋەر ساھابىلەرنىڭمۇ بارلىقى ھەقىقەت. بۇ گۇرۇپپىنى «ھەزرىتى ئەلىنىڭ شىئەسى (تەرەپتارلىرى)» دەپ ئاتاشقا مۇمكىن بولسىمۇ بۇ گۇرۇپپىنىڭ ھەقىقىي بىر مەنىدە سىياسىي پىرقىگە ئايلىنىشى تەھكىم ۋەقەسىدىن كېيىن روياپقا چىققاندى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەممىگە مەلۇم بولغان ئۇسلۇب بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۈممەتنىڭ خەلىپىلىكىنى ئۈستىگە ئالغاندى. مانا بۇ ۋاقىتتا تۇنجى سىياسىي بۆھرانمۇ باش كۆتۈرگەن. بۇ كىرىزىسنىڭ تەرەپلىرىدىن بىرسى تەخمىن قىلىنغاندەك ھەزرىتى ئەلى ۋە ئەسھابى (دوستلىرى) بولۇپ، تېخى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلمىغاندى. ئالتە ئايدىن كېيىن ھەزرىتى پاتىمە ۋاپات بولدى، ھەزرىتى ئەلى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇ كۈنگىچە بەيئەت قىلمىغان بەنى ھاشىم جەمەتىدىكىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بەيئەت قىلدى. ھەزرىتى ئەلى كۆز يېشى ئىچىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بۇ پوزىتسىيىسىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە مۇنداق بايان قىلغان:

«بىزنى ساڭا بەيئەت قىلىشتىن توسقان نەرسە سېنىڭ پەزىلىتىڭنى ئىنكار قىلغانلىقىمىز ياكى ئاللاھ ساڭا ئاتا قىلغان خەيرنى قىزغانغانلىقىمىزدىن ئەمەس، بەلكى پەقەت بۇ ئىشتا بىزنىڭمۇ قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەققىمىز بار دەپ ئويلايتتۇق. بۇ ئىشنى بىزگە مەسلىھەت سالماستىنلا قىلدىڭلار»[81].

كېيىنكى مەزگىللەردە ئوتتۇرىغا چىققان شىئە ئەقىدىسى ئاساسىنى تەشكىل قىلغان «ۋەسىيەت» ۋە «ئىمامەت» مەسىلىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەندىن باشقا، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۆزى ياكى ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار ئىچىدىكى ئۇنىڭ تەرەپتارى بولغانلار تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنمىغان بولۇپ، ھېچكىم خەلىپىلىكنىڭ ئۇنىڭغا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر ھەق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمىگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلار خەلىپىلىككە ئۇنىڭ تېخىمۇ لايىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنداقتىمۇ، بۇ قاراشنى سىياسىي بىر جىدەل سەۋىيىسىگە كۆتۈرمىگەن بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ بەيئەت قىلىشى بىلەن ھەممىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلغان. بۇمۇ ئۇ دەۋردىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە خىلاپەتكە رەقىب بولغۇدەك ئىككىنچى بىر تەرەپنىڭ يوقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەلكىم سەئىد بىن ئۇبادەنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئەنسارلارنىڭ ئۆزىنى قوللىمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئادەملىرىڭنى يىغقىن» دېگەندە، ھەزرىتى ئەلىدىن قاتتىق رەددىيە ئالغاندىن كېيىن، شامغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپە بولۇشىغا قارشى ئېتىراز قىلغانلار پەقەت سەئىد بىن ئۇبادە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان.

---

[81] تابارى، تارىخ، III/208

[82] ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن تابار، تارىخ 223-III/218 قاراڭ.

جاھىلىيەت دەۋرىدە قۇرەيشنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ۋە رەئىسلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ سۇفيانمۇ ئېتىراز قىلغانىدى. لېكىن ھەزرىتى ئەلى جاھىلىيەت ئىزناسى بولغان بىر قىسىم تەرەپۋازلىق ھېسلىرىنى كۆشكۈرتۈپ ئۆزىنى سۈيىئىستېمال قىلماقچى بولغانلارغا قاتتىق رەددىيە بەرگەن ۋە يول قويمىغانىدى. قېنى ساكىفە (ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپە سايلانغان جاي) كۆنگە ئائىت تۆۋەندىكى پارچىغا قاراپ باقايلى:

«كىشىلەر ئەبۇ بەكرگە بەيئەت قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان ۋاقىتتا، ئەبۇ سۇفيان ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇنداق دېدى:

- ۋاللاھى، مەن چوڭ بىر قالايمىقانچىلىق چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. ئەگەر بۇ قالايمىقانچىلىق چىقىپ قالسا، بۇنى پەقەت قان بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئى ئابدۇلمەناف ئوغۇللىرى! سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا نېمە ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى ئارىلىشىدۇ؟ سىلەر نەزەردىن ساقىت قىلىۋاتقان ئىككى كىشى قەيەردە؟ ئەلى ۋە ئاباس قەيەردە؟ (ھەزرىتى ئەلىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ) مۇنداق دېدى:

- ھەسەننىڭ ئاتىسى، قولۇڭنى بەر، ساڭا بەيئەت قىلاي!

ئەلى مۇتەلەممىسنىڭ بىر شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنى مۇنداق ئازارلىدى:

- ۋاللاھى، سەن بۇنداق قىلىش ئارقىلىق پىتنە چىقارماقچى بولۇۋاتىسەن. سەن گەپ قىلغانسىرى ئىسلامغا زىيىنىڭ يېتىدۇ. سېنىڭ نەسىھىتىڭگە ئېھتىياجىمىز يوق»[83].

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خەلىپىلەر ھەزرىتى سەئىد بىن ئۇبادە ئېيتقاندەك ئاجىز ۋە كۈچى يوق قەبىلىلەردىن ئىدى، ھەزرىتى ئەلى مەنسۇپ بولغان بەنى ھاشىمنىڭ ئوندەن بىرىچىلىكىمۇ كۈچى يوق ئىدى.

---

[83] تابارى، تارىخ، III/209

شۇڭا ئۇلارنىڭ دەۋرىدە «قەبىلە» مەسىلىسى يۈز بەرمىگەن بولۇپ، ئۇلار قۇرەيشنىڭ كۈچى ئاجىز ئىككى ئايمىقىدىن ئىدى.

ھەر قېتىم خەلىپە ئالماشقاندا ھەزرىتى ئەلى بىر نامزات سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەردىن كېيىنمۇ شۇنداق بولغان. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىككە سايلىنىشى بىلەن تەڭ تۇنجى قېتىم ھاشىم ئوغۇللىرىغا رەقىپ كۈچ ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇلار ئۇمەييە ئوغۇللىرى ئىدى...

بۇنىڭدىن ھېچكىم «قەبىلىۋازلىق» بىلەن ۋەقەلەرنى ئىزاھلاۋاتقىنىمىزدەك خاتا تۇيغۇدا ھۆكۈم چىقارماسلىقى كېرەك. بۇ توغرا ئەمەس ھەم بىزنىڭ مەقسىتىمىزمۇ بۇ ئەمەس. ئەكسىچە بۇ ۋەقەلەر تىلغا ئېلىنغاندا، كۆپىنچە نەزەردىن ساقىت قىلىنغان مۇھىم بىر «مەسىلە»نى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىشتىن ساقلىنىش ئەسلى مۇددىئايىمىزدۇر. بۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي - پسىخولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلغاندا، نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان ھەمدە ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر رېئاللىقتۇر. ۋەقەلەرنى بايان قىلغان ۋاقتىمىزدا، بۇ رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇشىمىزنىڭ ئېھتىيات قىلغۇدەك نېمىسى بار؟

ھەزرىتى ئوسماننىڭ ياخشى نىيىتىدىن پايدىلانغان ئۇمەييە ئوغۇللىرى بىلەن تەڭ ئىسلام سىياسەت لۇغىتىگە بىر كەلىمە قوشۇلغانىدى:

«...چى / جى». تارىخچي مەنبەلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ شېھىت قىلىنىشى بىلەن بۇ مەنىدە بىر تەرەپۋازلىقنىڭ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ.

ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلاردىن بىرسىدىن ئىسمى سورالغاندا، «ئوسمانىيۇن (ئوسمانچىلار)» مېنى بىلىدۇ[84]، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكى مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر «شىئە (تەرەپۋازلىق)»نى ئاستا - ئاستا بىر سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولاۋاتقانىدى. جەمەل ۋە سىففىن بۇنىڭ تۇنجى ئۇرۇقلىرىنى چاچقان بولۇپ، «ھەزرىتى ئەلىگە ئۇۋال قىلىندى» چۈشەنچىسى پەقەت ئەلىنىڭ تەرەپتارلىرى ئىچىدىلا ئەمەس، شەرئى خىلاپەتنى ئېتىراپ قىلغان بارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانىدى. ئەمىر مۇئاۋىيەنىڭ شەرئى ھالدا سايلانغان ھاكىمىيەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى تەرەپۋازلىقنى ئۇلغايتقان بولۇپ، بۇ «تەھكىم / ھاكەم» ۋەقەسى بىلەن ناھايىتى روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىققانىدى. شىئەنىڭ ئەقىدىۋى نۇقتىدىن شەكىللىنىشىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە يۈز بېرىشىنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى مۇئامىلىسى بىلەن ئىزاھلىغىلى بولىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ كۆز ئالدىدا تەربىيىلىنىپ چىققان بۇ زات ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان تەقدىردىمۇ ھەر قانداق ئاشقۇنلۇققا يول قويمىغان بولۇپ، ھەممىدىن بەك يېقىنلىرى ۋە شىئەسىگە بۇ نۇقتىدا قاتتىق ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان.

ھىجرى 41 - يىلى ھەزرىتى ئەلىنىڭ بىر خاۋارىج تەرىپىدىن شېھىت قىلىنىشى نەتىجىسىدە، سىياسىي جەھەتتىن ئاللىقاچان پىرقىلىشىپ بولغان شىئەنىڭ ئەقىدىۋى جەھەتتىنمۇ پىرقىلىشىشىنىڭ ئۇلى سېلىندى. ئەمدى دەۋا پەقەت ئۇۋالچىلىققا قالغۇچىنى ھىمايە قىلىش ئەمەس، ئۈممەتنىڭ قولىدىن قىلىچ كۈچى بىلەن تارتىۋېلىنغان بىر ھەقنى قايتۇرۇۋېلىش ئىدى. ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ شېھىت قىلىنىشىدىن كېيىن

---

[84] ئىبنى سەئىد، تاباقات، III/79; IV/341; VII/126, 261

ئوتتۇرىغا چىققان ئەنئەنىۋى «مىراس» ۋە «ئىمامەت» ئەقىدىسىنىڭ شەخس ئالامەتلىرى ھەزرىتى ھۈسەيىنگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ بۇ ئەقىدىنى رەت قىلغان. مەلۇم بولغاندەك، ئىلگىرى ھەزرىتى ئەلىدىن سەكراتتىكى ۋاقتىدا ئورنىغا ھەزرىتى ھەسەننى ۋارىس قىلىش تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، ئۈممەتنىڭ ئىشنى ئۈممەتكە تاپشۇرغانلىقنى ئېيتقانىدى. يەنى شىئەنى بىزگە مەلۇم بولغان مەنىدىكى شىئە قىلغان ئاساسلار شەخسى نۇقتىدىن ئىجتىمائىي نۇقتىغا ئۆتمىگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىمام ئەلىنىڭ شېھىت قىلىنىشى بىلەن تەڭ « ھەيب ئىمام» ۋە «رىجئات[85] » پىكرى ھەزرىتى ھەسەن قاتارلىق مۆتىۋەرلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنىشىغا قارىماي، ئاۋام ئارىسىدا مۇنازىرە قىلىنىشقا باشلانغانىدى. ھەزرىتى ئەلى ھايات ۋاقتىدا مۇنازىرە قىلىنغان پەقەت بىرلا مەسىلە بار بولۇپ، ئۇ «ئەفدالىيىەت (پەزىلەت)» مەسىلىسى ئىدى.

ئەمەۋىلەرنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش شەكلى، ئىجرائاتلىرى ۋە ھەججاج، مۇسلىم بىن ئۇقبە، بۇسر بىن ئەرتاد، ئىبن زىياغا ئوخشاش شەخسلەر ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قەتلىئاملار زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى مەزلۇملارنىڭ ھەققىنى ھىمايە قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ قارىغان شىئە ئىماملىرىنىڭ سېپىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇرلىغانىدى.

ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ شېھىت قىلىنىشى بۇ زۇلۇمنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، كەربالادىكى بۇ قىرغىنچىلىق كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغانىدى. ھەزرىتى ھۈسەيىن شېھىت قىلىنىش بىلەنلا قالماي، كىيىملىرى سالدۇرۇلغان، بېشى ۋۇجۇدىدىن ئايرىلغان، ماللىرى تالان-تاراج قىلىنغان ۋە خوتۇن -

[85] شىئە ئەقىدىسىدىكى ئۆلۈمدىن كېيىن ۋە ئاخىرەتكە كېتىشتىن بۇرۇن بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىش چۈشەنچىسى

قىزلىرىغا قوپاللىق قىلىنغانىدى. بۇ ئىسلام ئۇرۇش ئەخلاقىغا خىلاپ ئىشلار بولۇپ، ھەتتا بۆشۈكتىكى بوۋاقلارمۇ قەتلى قىلىنغانىدى.

بۇ مەنزىرىگە شاھىت بولغان، بىشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قانداق بىر روھىي كەيپىياتتا بولىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىش تەس ئەمەس.

ھەزرىتى ھۈسەيىندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلىنىڭ فاتىمە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)دىن بولمىغان ئوغلى مۇھەممەد بىن ھەنەفىيىەگە (ھىجرى 81) بەيئەت قىلىغان تەرەپتارلار سايىسىدە «شىئە» ئەنئەنىۋى ئاساسلارغا ئىگە بولغان. شىئەنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان بىر مەزھەپكە ئايلىنىشى ۋەقەلەرنىڭ تەسىرى بىلەن قەدەممۇ - قەدەم ھالدا بولغانىدى.

دەسلەپتە ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتكە تايانغان «ئالاھىدە بىر دوستلۇق گۇرۇپپىسى» بولغان ئەلى شىئەسى تەھكىم ۋەقەسى بىلەن بىر سىياسىي پىرقىگە، ھەزرىتى ھۈسەيىن شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن كالامى ۋە فىقھ بىر مەزھەپكە ئايلانغانىدى. بۇ جەريانىنىڭ تاماملىنىپ بۈگۈنكى ھالغا كېلىشى ئۇزۇن زامان ئىچىدە بولغان.

دەسلەپتە مۇنازىرە قىلىنغان مەسىلە «ئەفدالىييەت» بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن «رىجئەت»، ھەزرىتى ھۈسەيىنىڭ شاھادىتىدىن كېيىن «ۋەسىيەت» ۋە «ئىمامەت» ئاساسلىرى (نەزەرىيىلىرى) ئاستا - ئاستا يەرلەشكەنىدى. «بەدا (ئوتتۇرىغا چىقىش)» ۋە «غەيب ئىمام» چۈشەنچىسى بۇلاردىن كېيىن قوشۇلغان.

مۇھەممەد بىن ھەنەفىيە ھەزرىتى ھۈسەيىنىڭ قىيامىنى داۋاملاشتۇرۇش لايىقىتىگە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىماملىق بىلەن قوماندانلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلغان. تارىختا خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئەمەۋى نارازىلىقىنى تەشكىللىك بىر ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشنى خالىغان كىشىلەرنىڭ ئەمەۋى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان بارلىق قىياملىرى مۇناسىۋەتلىك بولسۇن - بولمىسۇن

بىۋاسىتە «شىئە»لەرگە نىسبەت قىلىنىپ يېزىلاتتى. بۇ قىيامچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق بولغانلىقتىن ئۇلارمۇ بۇنى رەت قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنى ئەھلى بەيتكە نىسبەت قىلاتتى. كۇفەدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئەل مۇختەر بىن ئەبى ئۇبەيدە ئەس ساقافى (ۋاپات، 67)مۇ بۇلاردىن بىرسى ئىدى. بۇ زات شىئەنىڭ ئەقىدىسىنى سىستېمىلىق شەكىلدە ۋەز قىلىش ئارقىلىق كېيىنكى كىلاسسىك شىئە ئېقىمىغا ئۇلگە بولدى.

مۇھەممەد بىن ھەنەفىيەدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ ساق قالغان بىردىنبىر ئوغلى ئەلى ( ۋاپات، 95 ) ئۆتتى. ئۇ ناھايىتى كۆپ ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن زەينۇل ئابىدىن ( ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆركى ) دەپ ئاتالغانىدى. ئەمەۋىلەردىن ئىجازەت ئېلىپ يەرلەشكەن مەدىنىدە سىياسىي ۋەقەلەرگە ئارلاشمىغان بولۇپ، مەۋجۇت ھاكىمىيەتنىمۇ ئەيىبلىمىگەنىدى.

ھەزرىتى ھۈسەيىندىن كېيىن ئەمەۋىلەرگە قارشى ئەھلى بەيت نامىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچى ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ نەۋرىسى، ئىمام ئەزەمنىڭ ئۇستازى زەيد بىن ئەلى ئىدى (شېھىت، 122). زەيد بىن ئەلى شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئوغلى يەھيا خۇراساندا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە قوزغىلاڭلار بۇ شەكىلدە داۋام قىلغان ئىدى.

مانا بۇ قىياملار نەزەردە تۇتۇلغاندا، شىئە ئەقىدىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆكتىچى ئەقىدە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇ ئارىلىقتا كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى تارتىدىغان بىر نۇقتا، ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ شاھادىتىدىن كېيىن بىردىنلا شىئە ئېقىملىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ۋە ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەقىدە ئاساسلىرىنى شەكىللەندۈرۈشىدۇر. بۇلاردىن بەزىلىرىگە قارشى ئۇزلۇكسىز كۈرەش قىلغان ئانا شىئە گۇرۇپپىلىرى بۇ كۈرەشتە ئۇتتۇق قازىنالمىغان بولۇپ،

ئاشقۇنلار (غۇلات) ئانا ئىقمىنىڭ قاتتىق مۇئامىلىسىگە قارىماستىن، ئۇنداق ياكى بۇنداق شەكىلدە مەۋجۇدلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

شىئە ئىچىدە غۇلاتنى تەشكىل قىلغان بىر چوڭ - كىچىك پىرقىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن:

ئانا ئىقمىنىڭ چەكلەش كۈچى يوق بولۇپ، ھەر تۈرلۈك ئىززىپ كېتىش ۋە ئايرىلىشلارغا قارىتا ئىشقا سالىدىغان دۆلەت كۈچى بولمىغانلىقتىن، بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئامالسىز قالغان. بۇ ئامىل ئازغۇنلۇققا مايىل كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ھېس - تۇيغۇلىرىنى قوزغاتقانىدى. شىئەنىڭ مۇخالىپەتكە ۋەكىللىك قىلىشى سەۋەبىدىن، بۇ خىل ئازغۇنلۇقلار، ئىغىپ كېتىشلەرمۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، غۇلاتقا كۆز يۇمۇش بىلەن بىرگە تەشۋىق قىلىش ئېھتىمالىمۇ يۇقىرى. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىخ بويىچە شىئەنىڭ ئانا ئىقمىدا ئايرىلىش ۋە ئىغىپ كېتىشلەرنىڭ سۈننىي ئانا ئىقمىدىكى ئىغىپ كېتىش ۋە ئايرىلىشقا قارىغاندا ئىغىر ۋە كۆپ ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

## ھەزرىتى ئوسماننىڭ (رەزىيەللاھۇئەنھۇ) شىئەسى (تەرەپتارلىرى) ۋە مۇرجىئەگە ئايلىنىشى

تۈنجى تارىخي مەنبەلەر سىياسى مەنىدىكى تۇنجى پىرقىنىڭ ھەزرىتى ئوسماننىڭ شىئەسى ئىكەنلىكىدە ھەمپىكىر. مەيلى ئىبنى ھىشام، مەيلى تابارى، مەيلى ئىبنى سەئىدكە ئوخشاش بۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق زاتلار ھەر خىل ۋەسىلىلەر ئارقىلىق بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتكەن ۋە ھەتتا بۇ ئاتالغۇنى (ئوسمان شىئەسى) ئالاھىدە قوللانغان.

«ئوسمان شىئەسى» نىڭ سىياسى بىر گۇرۇپپا بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ جىنازە نامىزىدا تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلاردىن بىرسىنىڭ ئۆزلىرىنى «ئوسمانچىلار» دەپ ئاتىۋالغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ئۇمەييە ئوغۇللىرى (بەنى مۇئايىت) مەككىنىڭ ئەڭ باي ۋە نوپۇسى كۆپ ئائىلىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان بۇ ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرىغا ئوخشاش باي كىشىلەردىن بىرى ئىدى.

رەسۇلۇللاھ رەسۇل سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنى ۋەھىيگە چاقىرىشقا باشلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا قارىتا ئەڭ قاتتىق ئىنكاس قايتۇرغان ئائىلىلەردىن بىرى ئۇمەييە جەمەتى ئىدى. مەككىدە قۇرغان سەلتەنىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش ئەندىشىسى ئۇلارنى رەسۇلۇللاھقا قارشى چىقىشقا يۈزلەندۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ھەر قانداق بىر ئەزىيەتنى يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى تارتمىغان ئىدى.

مانا مۇشۇنداق ئائىلىگە مەنسۇپ بولغان ھەزرىتى ئوسمان (رەزىيەللاھۇئەنھۇ) ئايمىقىنىڭ بۇ پوزىتسىيىسىگە قارىماستىن مۇسۇلمان بولۇشنى تاللىغان. رەسۇلۇللاھ ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە كىلىشتىن بۇرۇن تەلھە (رەزىيەللاھۇئەنھۇ) بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان بولغان ئىدى. خۇلقى تولىمۇ مۇلايىم ۋە مېھرىبان بولغان ھەزرىتى ئوسمانغا رەسۇلۇللاھ ئىككى قىزىنى ياتلىق قىلىپ ئۇنى شەرەپلەندۈرگەن. قەبىلىسىنىڭ ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا قارىتا كۆرسەتكەن ئىنكاسى چىدىغۇسىز ھالغا كەلگەندە، تۇنجى بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن ھەبەشىستانغا كەتكەنلەردىن ھەزرىتى ئوسمان ۋە خانىمى بار ئىدى. ھەزرىتى رۇقىيەنىڭ كېسىلى تۈپەيلى بەدرگە قاتنىشالمىغان ئوسمانغا رەسۇلۇللاھ ئۇرۇشقا قاتناشقانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان ۋە ئەجرىنىمۇ ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. بىساتىنىڭ كۆپلۈكى ۋە سېخىيلىقى بىلەن

نام چىقارغان ھەزرىتى ئوسمان تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى بىر قانچە قېتىم ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ھەر قانداق پىداكارلىق كۆرسىتىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى.

ھەزرىتى ئوسمان مەنسۇپ بولغان قەبىلە مۇسۇلمانلارغا ئاخىرىغىچە قارشى تۇرغان بولۇپ، بەدىردىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تەشكىللىگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ قەبىلىدىن چىققان ئىدى.

فەتھە مەزگىلىدە مەككە شەھرىنىڭ ھاكىمىيىتى بۇ قەبىلىنىڭ قولىدا ئىدى. مەككە فەتھە قىلىنغۇچە ئىسلامغا قارشى جەڭ قىلىپ كەلگەن بۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى فەتھەتە ئىسلام ھالقىسىغا داخىل بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ سۇفيان، مۇئاۋىيە، ۋەلىد بىن ئۇقبە، مەرۋان بىن ھەكەم، ئىبنى ئەبى سارھ قاتارلىقلار بار ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن مەسىلە چىقارغانلار بولغاندەك مۇرتەد بولغانلارمۇ بار ئىدى. مەرۋان بىن ھەكەم سادىر قىلغان بىر ناخوش قىلىقى تۈپەيلىدىن تائىپقا سۈرگۈن قىلىنغان ئىدى. ئالدىنقى ئىككى خەلىپىدىن مەدىنىگە قايتىش ھەققىدە ئىجازەت سورىغان بولسىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان بولۇپ، ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئۇنىڭ ئىجازىتى بىلەن (بىر رىۋايەتتە ئەمرى بىلەن) مەرۋان بىن ھەكەم مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. ۋەلىد بىن ئۇقبە سادىر قىلغان بىر سەلبىي ئىشى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە ھۇجۇرات سۈرىسىنىڭ 6 - ئايىتى نازىل بولغان ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئۇقبە بىن ئەبۇ ئۇبەيدمۇ خېلى بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغان، لېكىن دوستى ئۇبەي بىن خەلەفنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن دىنىدىن يېنىۋالغان ئىدى. ۋاھىد ئەسبابى نۇزۇلىدا ئەئراف 27 - ئايەتنىڭ مۇشۇ سەۋەبتىن نازىل بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە ۋەلىد

بىر ئۇقبە ھەزرىتى سەئىد بىر ئەبۇ ۋەققاسنىڭ ئورنىغا كۇفە ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ھاراقتا خۇمار بولۇپ قالغاندىن كېيىن، مەھكىمە ئۇنىڭغا جازا يۈرگۈزگەن ئىدى. بىر قېتىم بۇ زات بامدات نامىزىنى تۆت رەكەت قىلىپ ئوقۇغان. جامائەت بۇنىڭغا ئېتىراز قىلغاندا، «ئەگەر خالىساڭلار تېخىمۇ كۆپەيتىپ ئوقاي...» دېگەن.

ئىبنى ئەبى سارھ ئىلگىرى مۇسۇلمان بولۇپ، كېيىن مۇرتەدلەردىن بولۇپ كەتكەندى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى كەئبىنىڭ يوپۇقىغا يۆگىنىۋالغان تەقدىردىمۇ تېپىلغان يەردە ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغانىدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئارىغا كىرىپ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىشى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىبنى ئەبى سارھ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھقا تەسلىم بولغان.

ھەزرىتى ئۆمەر تاللىغان شۇراغا ھەكەم بولغان ھەزرىتى ئابدۇراھمان بىن ئەۋف ھىجرەتتە مەدىنىدە قېرىنداش بولغان ھەزرىتى ئوسمانغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئوسمان رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچىنجى خەلىپىسى بولۇپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئىدى.

ھەزرىتى ئوسماننىڭ تۇنجى ئىجرائاتلىرىدىن بىرسى، كونا ۋالىيلارنىڭ ئورنىغا يېڭى ۋالىي تەيىنلەش بولۇپ، تائىپ سۈرگۈنىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن ھەكەمنىڭ ئوغلى ياش مەرۋانمۇ خەلىپە كاتىپلىقىغا (باش مەسلىھەتچى) تەيىنلەنگەنىدى.

بۇ ئىشتىن تۇنجى بولۇپ ھەزرىتى ئائىشە نارازى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ۋالىيلارمۇ نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشكەن. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ۋالىيلارنىڭ بولمىغۇر ئىشلىرى خەلىپە ھەققىدە سەلبىي جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشى بىلەن تەڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان ۋەقەلەر سادىر بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئاخىرى ھەزرىتى ئوسمان شېھىت قىلىندى.

بولغۇلۇق بولغان ئىدى. مەيلى تۇققان، شەرئىي ۋەكىلى ۋە ياكى ۋارىسى بولسۇن بولمىسۇن، ھەر كىم يېڭى خەلىپىدىن ھەزرىتى

ئوسمانىنىڭ قان قىساسىنى ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. يېڭى خەلىپىنىڭ «بۇنى مەنمۇ سىلەردەك ئارزۇ قىلىمەن. بىر ئاز سەبىر قىلىڭلار، دۆلەتنىڭ كۈچى قولىمىزغا ئۆتسۇن، ئاندىن كېيىن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلايلى» دېگەن سۆزلىرى ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۈممەتنىڭ بىر - بىرىگە قارشى ئىچكى نىزاغا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھاياتىنى پىدا قىلغان ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ نامىدا «ئۇرۇش قىلامدۇق؟ ياق؟...» دەپ ناھەقچىلىك، يولسىزلىق ۋە قەتلىئاملار ئېلىپ بېرىلىشقا باشلانغانىدى.

ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسلام تۇپراقلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ قىسمىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئۇمەييە جەمەتىگە مەنسۇپ ۋالىيلار قانۇنلۇق خەلىپىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇپ، ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ قېنىنى باھانە قىلىشقان ئىدى.

مەلۇم بولغان ئۇسۇللار بىلەن خەلىپىلىك ئۇمەييە جەمەتىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن سىياسىي، ھەربىي ۋە دىنىي ساھادە ئۈچ تۈرلۈك تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى.

## 1. شۇرا بىكار قىلىنىپ، ئورنىغا ۋارىسلىق تۈزۈمى ئورنىتىلدى

ئۈممەتنىڭ سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇشى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان شۇرا (كېڭەش) رەسۇلۇللاھ ۋە خەلىپىلىرى تەرىپىدىن ئىسلامى سىياسەتنىڭ ئۇل تۈۋرۈكى ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بەنى ئۇمەييەدىن باشلاپ بۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە ئورنىغا قەيسەر ۋە كىسرالارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى بولغان دادىدىن ئوغلىغا مىراس (سەلتەنەت) سىستېمىسى دەسسىتىلدى. بۇ سىستېمىدا دۆلەت بىر شەخسى ئېكىنزارلىقىقا ئايلانغانىدى. ئىسلامى خەلىپىلىكتە «ھاكىمىيەت» يالغۇز ئاللاھ قا ئائىت بولۇپ، مۈلۈك ئاللاھ نىڭ ئىدى. سەلتەنەتتە

بەندىلەر بۇ ئورۇندا ئىدى. راشىد خەلىپىلەر ئۆزلىرىنى «رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى» دەپ ئاتىغان بولسا، بەنى ئۇمەييە خانىدانلىقى ئۆزلىرىنى «ئاللاھنىڭ خەلىپىسى» دەپ تەقدىم قىلغان ئىدى. بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى ماھىيەت ۋە مەنتىقنى پەرقلەندۈرگەن ۋاقتىمىزدا، بۇنىڭ ئىسلامى سىياسەتتە نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز.

## 2. جىھادنىڭ ئاپپاراتلىششى

بۇ، مۇنتىزىم قوشۇن تەشكىللىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئىلگىرىكىلەر جىھادنى بىر ئىبادەت دەپ قىلغان بولسا، مۇنتىزىم قوشۇن بىلەن «جىھاد» بىر كەسىپكە ئايلانغان ۋە ئورگاننى شەكىللەندۈرگەن شەخسلەردىكى دىنامىزىمنىڭ (ھەرىكەتنىڭ) جىھادتىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك مەنبەسى ئاپپاراتلاشتۇرۇلۇپ، قورۇتۇپ تاشلانغان ئىدى. خانىدانلىق بۇنىڭدىن بىر قانچە پايدىنى تەڭلا ئالغان ئىدى. يەنى، نەبەۋى خىلاپەت مەزگىلىدە قوشۇننىڭ تەبئىي بىر ئەزاسى بولغان مۇسۇلمان ئاممىسى ئىجرائىي كۈچنىڭمۇ (ھاكىمىيەتنىڭمۇ) بىردىنبىر تايانچ كۈچى ئىدى. بۇ باشقۇرغۇچى ۋە باشقۇرۇلغۇچى بىر - بىرىنى ئۆزئارا نازارەت قىلىدىغان مۇكەممەل بىر ئىدارى سىستېما بولۇپ، بۇنى ئىسلامدىن باشقا ھېچقانداق بىر تۈزۈم بۇنداق مۇۋاپىق بىر شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان ئىدى. ئارمىيەنىڭ دۆلەت ئاپپاراتىغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، نازارەت مېخانىزملىق رولىنى ئوينايدىغان باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ قولىدىكى بۇ ھوقۇق باشقۇرغۇچىلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى. بۇنداق بولغاندا بارلىق كۈچلەر بىر مەركەزگە توپلىنىدۇ ۋە باشقۇرغۇچى - باشقۇرۇلغۇچى ئارىسىدىكى مۇۋازىنەت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ خەلقنىڭ قولىدا ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمىغا قارشىلىق بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق بىر كۈچ قالمايدۇ. ھاكىمىيەتتىكىلەر ھەر قانداق ئىشنى قول

ئاستىدىكى ھەربىي كۈچنىڭ سايىسىدە ھەقىقە ۋە خەلقىقە پەرۋا قىلماستىن ئۆز خاھىشى بىلەن قىلىۋېرىدۇ.

قۇراللىق كۈچنىڭ ئاپپاراتلىشىشى بىلەن يېتىپ كەلگەن يەنە بىر پالاكەت مۇنداق ئىدى: بولۇپمۇ بەنى ئۇمەييە خاندانلىقى مەزگىلىدە قولغا كىرگۈزۈلگەن ئافرىقا تۇپراقلىرىدىن توپلانغان نادان ۋە ۋەھشى بەربەرى، نەباتى ۋە قىپتى ياشلىرى خىلاپەت مەركىزىگە ئەۋەتىلىپ ئەسكەرلىككە ئېلىناتتى. مۇسۇلمان ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەقلى - ھوشى جايىدا بىر ئىنسانمۇ قىلمايدىغان قورقۇنچلۇق جىنايەتلەر ۋە قەتلىئاملارنى ھۆكۈمدارلار مۇشۇ ئەسكەرلەرنىڭ قولى ئارقىلىق سادىر قىلغان ئىدى. كەئبىنى مەنچاناقتا تاش يامغۇرىغا تۇتقان، ھاررە كۈنىدە مەدىنىدە ساھابىلەرنىڭ قىز ۋە خانىملىرىنىڭ نومۇسىغا تەگكەن، ئوپچى قىرغىنچىلىق قىلغان، بوۋاق ۋە ئايالLارنى ئۆلتۈرگەن، رەسۇلۇللاھنىڭ قەبرىسىنى كىرلەتكەن سەلتەنەت قوشۇنى مەخسۇس مۇشۇنداق ئەسكەرلەردىن تەشكىللەنگەن ئىدى. بولمىسا مىللىتى تېخى ئېنجاد قىلىنمىغان، گېيوتىنمۇ تېخى بىلىنمىگەن بىر زاماندا دۆلەتنىڭ پەقەت بىر ۋالىيسىنىڭ 120 مىڭ كىشىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

### 3. رەسمى مەزھەپ

خۇلەفائى راشىدىنلاردىن كېيىن نەبەۋى سىياسەتنىڭ دىنامىكلىرىنىڭ مۇشۇنداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىلىشىغا قارىماستىن، فىقھ (بۇنىڭغا ئەقىدىمۇ كىرىپ كېتىدۇ، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بۇنداق ئايرىشمۇ يوقتى. ئەقىدە فىقھى ئەكبەر ئىدى) تېخى ئەھلىلەشتۈرۈلمىگەن ئىدى. فىقھنىڭ (ئەقىدىنىڭ) ئەھلىلەشتۈرۈلىشىنىڭ مۇنداق ئىككى يولى بار ئىدى: ئۆلىمانى سېتىۋېلىش ياكى ساراي ئۆلىماسى تەربىيىلەپ چىقىش. بۇ دەۋردە ھەر ئىككى ئۇسلۇب سىناق قىلىندى. سېتىلمىغانلارنى

ئېغىزنى يۇمۇش تەلەپ قىلىندى. شۇنداقتىمۇ جىم تۇرمىغانلار ھېجر بىن ئادىي، سەئىد بىن جۇبەير، ئىمام ئەزەم، ئىمام مالىكقا ئوخشاش شەيھىت قىلىندى ياكى قىيىن - قىستاققا ئېلىندى. ئەمما بۇ ھاكىمىيەت نۇقتىسىدىن تولىمۇ خەتەرلىك بىر ئىش ئىدى. خەلق سۆيگەن ۋە ئىشەنگەن ئالىملىرىنىڭ بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىشىغا ئىنكاس قايتۇراتتى. ھاكىمىيەت بۇ مەسىلىلەرنى ئېتىقادنى قېلىپلاشتۇرۇش ئارقىلىق يىلتىزىدىن تەلتۆكۈس ھەل قىلىشنى ئويلايتتى.

سەۋەبى پەقەت بۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. سۇلتانىي خەلىپىلىكنىڭ باشلىنىشى بىلەن قىلىنغان نۇرغۇنلىغان زۇلۇم ۋە فىسقى - فۇجۇرلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر توپ مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشقا توغرا كېلەتتى. مەسىلەن، بۇرس بىن ئەرتاد يەمەنگە ۋالىي بولغاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇللاھ بىن ئاببىاسنىڭ ئىككى كىچىك بالىسىنى ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدا قەتلى قىلىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئانا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويىدۇ. مەدىنىگە كىرگەن خىلاپەت قوشۇنى ساھابىلەرنىڭ يېقىنلىرى بولغان مەدىنە ئاياللىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىدۇ. كەئبە مەنجانىق بىلەن تاشقا تۇتۇلىدۇ، ئوت قويۇلىدۇ، ئۆلتۈرۈلگەن ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرىگە ئىنسان ئەقلى قوبۇل قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە زۇلۇم قىلىنىدۇ. بۇلار ئىجتىمائىي جىنايەتلەر ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا خەلىپىلەرنىڭ شەخسىي پارىخورلۇقى، چەكتىن ئېشىشلىرى ۋە قىلغان بەزى ساختىپەزلىكى قاتارلىق ھارامىلار بار ئىدى.

سوئاللار ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا باشلىغان ئىدى: بۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ گۇناھلارنى (گۇناھى كەبىرە) قىلغانلار مۇسۇلمان ھېساپلىنامدۇ؟ مۇسۇلمان بولسا قانداق بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئاخىرەتتە قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ؟... بۇنداق سوئاللارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش تەشۋىشى ئىككى نەرسىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كىردى. يەنى، ئىمان - ئەمەل مۇناسىۋەتلىرى ۋە قەدەر مەسىلىسى.

بۇ ھەقتە قاتتىق مۇنازىرىلەر باشلىنىپ، نەتىجىدە پىرقىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغانىدى. بەزىلەر «ئەمەل ئىماندىن» دېسە، يەنە بەزىلەر «ئەمەل بىلەن ئىماننىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق» دەيتتى. خاۋارىجلار ئەمەلنى ئىماندىن دەپ ھېساپلاپ، كەبىرە (چوڭ گۇناھ) سادىر قىلغۇچى تەۋبە قىلمىغۇچە كاپىر - مۇرتەد بولىدۇ دەپ ئېلان قىلدى. مۇئتەزىلە بۇ ھەقتە خاۋارىجلاردەك بەك چەكتىن ئاشمىغان بولۇپ، ئەمەل ئىماندىندۇر، مۇرتەكىبى كەبىرە (چوڭ گۇناھ قىلغۇچىلار) تەۋبە قىلمىغۇچە نە جەننەتكە نە جەھەننەمگە كىرىدۇ دەپ قارايتتى. شىئەمۇ بۇ ھەقتە ئۇلار بىلەن ئوخشاش چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئەمەلنىڭ ئىمان بىلەن نە زاتى نە سۈپىتى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ تۇرۇۋالاتتى. كىشى مەيلى قانداق گۇناھ ئۆتكۈزۈشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئۇنىڭ ئىمانىغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدۇ دەيتتى. بۇلار كېيىنچە مۇرجىئە دەپ ئاتالدى.

مۇرجىئەلەر «بەندىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ پايدىسى يوق، شۇڭا گۇناھلارنىڭمۇ زىيىنى يوق» دەيتتى. «ھېچكىم ئۆچۈن دۇنيادا ھۆكۈم بېرىلمەيدۇ» دېگەن ئىدىيە بىلەن باشتا ئەسرى سائادەت دەۋرىدىكى مۇناپىقلارنىمۇ مۇئمىن دەپ قارايتتى. زۇلۇم قىلغۇچىنى «زالىم»، فىسقى - فۇجۇر ئىچىدە يۈرگۈچىلەرنى «پاسىق - پاجىر» دېيىشنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئارىلاشقانلىق دەپ قاراپ، «دۇنيادا ھۆكۈم بولمايدۇ، ھۆكۈم ئاخىرەتتە» دېگەن ئىددىيەنى ياقلايتتى. بۇ پىكىردە بولغانلارنىڭ بەزىلىرى ئىماننى پەقەت ئاللاھنى تونۇش دەپلا ئىزاھلايتتى. مانا بۇ ئەھۋال ئاستىدا «كۇپرى» ئاللاھنى بىلمەسلىك بولاتتى. بۇنداق بولغاندا ئاللاھ نىڭ بارلىقنى بىلگەن ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكىنى قۇرئاندىكى ئايەتلەر بايان قىلغان (لوقمان، 25؛ زۇھرۇف، 8؛ مۇئمىنۇن 84-89) مۇشرىكلارمۇ مۇئمىنلەر قاتارىدىن بولۇشى كېرەك ئىدى.

يەنە بۇ ئازغۇن ئەقىدە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان «ئەمرى بىلمەئرۇف ۋە نەھيي ئەنىلمۇنكەر»نى پىتنە، ھۆكۈمدارلارغا ھەققەتنى ئېيتىشنى «پىتنە چىقارغانلىق» دەپ قارايتتى. زۇلۇمغا قارشى تۇرغان ساھابە، تابىئىن ۋە ئىماملارنى «پىتنىچى» دەپ سۈپەتلەيتتى.

ئىبادەتلەرنىڭ ئىجتىمائى تەرەپىنى بىكار قىلىپ، جۇمە، ھەج، ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئىبادەتلەرنى بۇزۇش ۋە ئۆزگەرتىۋېتىش ئۇچۇن ۋاقتى كەلگەندە ھەدىس توقۇپ چىقىراتتى. زالىم ۋە پاسىق ھاكىمىيەتكە قارشى قىلىنغان جىھادنى ھارام ھېساپلايتتى. پىتنە، سەبىر، غەيۋەتكە ئوخشاش ئىسلامى ئۇقۇملارنى ھۆكۈمدارلارنىڭ پايدىسىغا بۇرمىلايتتى.

مۇرجىئەنىڭ سىنىپلىرىنى ۋە ئەقىدىلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان «ئەلمىنەل ۋەلنىھال ۋە ئەلفەرق بەينەل فىراق»قا ئوخشاش مەنبەلەردە ئۇزۇن - ئۇزۇن بايان قىلىنغان تەپسىلاتلارنى بۇ يەرگە يېزىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدۇق. بىزگە ئەسلى لازىم بولغىنى مۇرجىئەنىڭ بۇ ئېتىقادلىرىنىڭ سۇلتان تەرىپىدىن قانداق پايدىلانغانلىقىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مەنبەلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەنبەلەردە مۇرجىئە ھەققىدە بېرىلگەن ئۇچۇرلاردا قالايمىقانلىق ۋە مەۋھۇملۇق بار. بۇ مەلۇماتلاردىن يولغا چىقىپ مۇرجىئە ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ پىرقى ھەققىدە توختالغان مەنبەلەر بەزەن بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي زىت مەلۇماتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىراق بۇ خىل ئېنىقسىزلىقنىڭ ھەممىسى تارىخچىلاردىن كېلىپ چىقمىغان بولۇپ، مۇرجىئە پىرقىسىنىڭ پۈرسەتپەرەست بولۇشىدىنمۇ كېلىپ چىققان. ناھايىتى ئۆزگىرىشچان ۋە شامالغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان بۇ خىل ئەقىدە تارىختىن بۇيان ھەر زامان ئۆزگە يانتاياق تاپالىغان ۋە بۇگۈنمۇ ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ تەشۋىق ۋە ياردىمى بىلەن مەۋجۇدلىقىنى داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

مۇرجىئە ئەقىدىسىنىڭ ھەم قەدرىيە ھەم جەبرىيە، ھەم خاۋارىجىيە ھەم مۇئتەزىلەدىن باغلىنىشى تېپىلغانلىق ھەقىقىتى بۇ ھەقتىكى مەنبەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق نۇقتىدۇر.

توغرا. بۇ قەدەر تۇترۇقسىز بىر ئەقىدىنىڭ بارلىق ئېقىملاردىكى سۇيىئىستېمالچىلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىشىدىنمۇ تەبىئىيرەك نېمە بار دەيسىز؟ بۈگۈنمۇ مەۋجۇت بولغان بارلىق ئىسلام مەزھەپلىرىدە مۇرجىئەدىنمۇ ئېشىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە كىشىلەر كۆپلەپ چىقىۋاتىدۇ. ھەممىگە تاتلىق كۆرۈنىشنى ئويلاۋاتقان بۇ خىل كىشىلەر ئۆزلىرىنى قايسى مەزھەپتىن كۆرسەتسە كۆرسەتسۇن، ئۇلارنىڭ مەزھىپى بىردۇر: پۇرسەتپەرەسلىك. پۇرسەتپەرەسلىك بولسا مۇرجىئەنىڭ شۇئارىدۇر. بۇ خىل كىشىلەر مەيلى ئۆتمۈشتە بولسۇن ۋە ياكى كۈنىمىزدە بولسۇن زالىم ۋە پاسىق ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىشىلەر ئىدى.

قانداق دەمسىز؟ خۇددى ئۇمەييە دەۋرىدە بولغاندەك ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ قانداق بۇرمىلانغانلىقىغا ئۆرنەك بېرىپ، كۈنىمىز مۇسۇلمانلىرىنى كۈتۈۋاتقان ئەڭ چوڭ خەتەر بولغان «مۇرجىئە» ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىق شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشايلى.

ھەزرىتى ھۈسەيىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 18 ئەھلى بەيتىنىڭ كاللىسى يەزىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپ تىزىلغان ۋە تېخىمۇ ئازاپلاش ئۈچۈن ھۇزۇرىغا چاقىرىلغان ھەزرىتى زەينەپنىڭ خۇددى ھېساپ سورىغاندەك نەزەر تاشلىشىغا يەزىد مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

-ئاللاھ نىڭ سېنىڭ ئەھلى بەيتىڭنى قايسى ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى كۆرگەنسەن؟

-ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ پېتىندىڭ؟

-ئۇلارنى ئاللاھ ئۆلتۈردى.

دەپ جاۋاب بېرىدۇ[86].

ئاللاھ قا تۆھمەت قىلىشنىڭ پېشىۋاسى بولغان بۇ ئەقىدە دۆلەتنىڭ رەسمىي دىنى (مەزھەپ) ھالىغا كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ كېيىنكى ئۆچۈن زىندىقلار توقۇپ چىققان ھەدىسلەر دەلىل قىلىپ قوللىناتتى. جالالىددىن سۇيۇتى «ئەل - لەئالە»سىدە بۇ دەۋردە سۇلتانلارغا ياخشىچاق بولۇش ۋە تەخسكەشلىك قىلىش ئۆچۈن ھەدىس توقۇيدىغانلارنىڭ ھەددى ھېسابى يوقلۇقىنى قەيت قىلىپ، سۇلتانلارنىڭ پىسقى - پۇجۇرلىرىنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىشكە دەلىل تاپالمىغان «ساراي ئالىملىرى»نىڭ ھەدىس ئىجاد قىلىشتىن باشقا چارە تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

ئەمەۋى خەلىپىسىگە «ئۇلارنى ئاللاھ ئۆلتۈردى» دېگۈزگەن ئەقىدە مانا بۇ ئىدى. «لا ئىلاھە ئىللەللاھ»قا «لا فائىلە ئىللەللاھ - ئاللاھ تىن باشقا فائىل (ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى) يوقتۇر» شەكلىدە تەبىر بېرىپ، ھاشىم ئوغۇللىرىدىن بەدرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغانلىقىنى ئېيتقانلارنى، قۇرئاننى ئوققا تۇتقانلارنى، مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىنى، ھۆرمىتىنى ئاياق - ئاستى قىلغانلارنى مۇشۇ شەكىلدە ئاقلايتتى. ئاللاھ دىن باشقا فائىل (ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى) بولمىغانلىقىغا قارىغاندا، يۈز بەرگەن بارلىق ۋەقەلەردە ھېچكىمنىڭ گۇناھى يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ قىلغان ئىدى (ئاللاھ بۇنداق تۆھمەتتىن پاكتۇر). مەسخىرە قىلغانلار ئاللاھ نى مەسخىرە قىلغان، بۇنىڭغا قارشى چىققانلار يەنە ئاللاھ نىڭ تەقدىرىگە ئىسيان قىلغان بولاتتى. ھاكىمىيەتتىكىلەر پەقەت ئاللاھ تالاپ

---

[86] ئەمەۋى ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ ئېتىقادىنى مۇنۇ ۋەقەدە تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز: يەزىدنىڭ خوتۇنى ھىند بىنتى ئابدۇللاھ يەزىدنىڭ قولىدىكى ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ بېشىنى كۆرۈپ مۇنداق سورىدى: «بۇ ئاللاھ رەسۇلىنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ ئوغلى ھۈسەيىننىڭ بېشى ئەمەسمۇ؟». يەزىد مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «شۇنداق. ئۇنىڭ ئۈچۈن قارلىق تۇت. ئىبنى زىياد ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئاللاھمۇ ھۈسەيىننى ئۆلتۈردى» تابەرى، تارىخ، V/465

ئەۋەتكەن بىرەر بىگۇناھ قىلىچ، بىرەر ۋاستە ئىدى. ئاللاھ قەدىمقى ئۈممەتلەرگە پەرىشتىلەر ئارقىلىق قانداق ئازاپ ئەۋەتكەن بولسا، ھازىرقىلاردىن ئازاپقا تېگىشلىك بولغانلارغىمۇ ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ قولى ئارقىلىق ئازاپ قىلاتتى. شۇڭا ھاكىمىيەتتىكىلەرگە «توختا! قولۇڭنى تارت!» دېيىش ئاللاھ نىڭ تەقدىرىگە قارشى چىققانلىق ھېساپلىناتتى. بۇ زالىملار خۇددى «بىر ئازاپ پەرىشتىسى»گە ئوخشاش گۇناھسىز ئىدى. بەندىنىڭ شامال ئالدىدىكى ياپراق كەبى مەسئۇلىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن «جەبىر» ئەقىدىسى مانا مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىلىق كېڭەيدى.

بۇ ئەقىدىلەر بىر بىخۇدلاشتۇرغۇچى، بىر ناركوزغا ئوخشاش ئىشلىتىلىپ، كىشىلەر بىخۇدلاشتۇرۇلۇپ پادىغا ئايلاندۇرۇلاتتى، ئاندىن پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى، دىنى ۋە دۇنياۋى بارلىق قەدىر - قىممەتلىرى تالان - تاراج قىلىناتتى. سەلتەنەت بۇ تالان - تاراجنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، بەزىلەر خانىقالاردا بۇ تالان - تاراجنى يوللۇق كۆرسىتىشنىڭ پەلسەپىسىنى يېزىۋاتاتتى: «فائىلمۇ ھەق، مەفئۇلمۇ ھەق، بەدەن ئېتىبارىدۇر (ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىمۇ ئاللاھ، ۋۇجۇدقا چىققانمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن، بەدەن پەقەت ۋاستە)...».

ئەمەل - ئىمان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلىنىشى مانا بۇ سەۋەبتىن ئىدى. بۇنچىۋالا زۇلۇم، ئەخلاقسىزلىقنى ۋە ئازغۇنلۇقنى قىلغان ھاكىمىيەتتىكىلەرنى بۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن ئاقلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت مانا مۇشۇنداق شەكىلدە ئاقلىنىشى مۇمكىن ئىدى. «دۇنيادا ھۆكۈم كېسىشكە بولمايدۇ» دېگەن ئەقىدىمۇ بۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئەمرى بىلمەئرۇپنى پىتنە، زالىم ھاكىمىيەتكە قارشى چىققانلارنى پىتنىچى دەپ قارايدىغانلار زالىم ھاكىمىيەتنى بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلەپ تارتۇقلىناتتى.

ھەتتا ھاكىمىيەتنىڭ ئىجرائاتلىرىدىن نارازى بولۇشنىمۇ «ئاللاھ نىڭ تەقدىرىگە قارشى چىقىش» دەپ قارىغان بۇ ئازغۇن ئەقىدە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىلتىپاتىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشەتتى.

بۇلارنىڭ باشقا بىر قىسىم كىشىلەر ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايدىغان قىلىن تاملارنىڭ ئارقىسىدىن «بىر ماقام بىر دوست» شوئارى بىلەن يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنى «جىلۋەئىي رابىانى (رابىانىنىڭ جىلۋىسى)» ۋە «تەجەللىياتى ئىلاھى (ئاللاھ نىڭ تەجەللىسى)» دەپ ھېساپلايتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ «ماقامى ھەيرەت (ھەيرەت ماقامى)»كە ئۆلىشىشى ئۈچۈن بۇنچە قاننىڭ تۆكۈلىشى، بۇنچە فىسقى - پۇجۇرنىڭ سادىر قىلىنىشى زۆرۈردەك، ئۇلارمۇ ھاكىمىيەتتىكىلەردەك بۇلارنىڭ ھەممىسى «مەراتىپ (مەرتىۋە) ئاتلاش» ئۈچۈن بىر ۋەسىلە دەپ قارايتتى.

مۇرجىئە ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ مەزلۇملارنى پىتنە تېرىش بىلەن ئەيىپلىشى ئەسلىدە زالىم ھۆكۈمدارلارنى ئاقلاشقا تىرىشقانلىقى ئىدى. بۇ جەھەتتە داڭلىق ئەمەۋى ۋالىيسى ھەججاجنىڭ قانداق تەقۋادار، ئابىد ۋە زائىد كىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن رىۋايەتلەرنى ئويدۇرۇپ، خىيالىي ھېكايىلەرنى تارقىتاتتى. داڭلىق قىرائەت ئالىمى ئاسىم بۇ كىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلار ئىچىدە بۇ كىشى قىلىپ باقمىغان ھېچقانداق بىر ئىش قالمىدى».

ئابدۇللاھ بىن مەسئۇدنىڭ ئۆزىنى مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھەججاج «ئۇنىڭ قىرائىتى بىلەن قۇرئان ئوقۇغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ. بۇ قىرائەتنى چوشقا تېرىسىگە يازغانلارغا تون كىيگۈزىمەن» دېگەن ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزمۇ ھەججاج ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «دۇنيادىكى بارلىق پاسىقلار بىر يەرگە توپلىنىپ، يامانلىقلارنى ئىجرا قىلسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان يامانلىقى ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ».

مانا شۇنداق بىر كىشىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىلمىغان قىلىقنى قالمايتتى. قۇرئانغا ئىئراب (زىر - زىۋەر) قويغۇزۇشى، بەزى زېمىنلارنى قولغا كىرگۈزۈشى ئۇنىڭ قىلغان زۇلۇملىرىنى ھەقلىق قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ھازىرقى زامان ئەرەب مىللەتچى يازغۇچىلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش شەخسلەرنى ئەرەب داھىيلىرى دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ ھەججاجنى ئاقلاپ كېتىشلىرىنى چۈشىنىشكە بولىسىمۇ، ئەمما بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەججاجنى ئاقلىشى ۋە ھىمايە قىلىشىنى ھازىرغىچە چۈشىنىپ يېتەلىگىنىمىز يوق.

مۇرجىئە مانا مۇشۇنداق ئەقىدىلىرى بىلەن ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ زۇلمىغا ياردەم قىلغان بولسا، بۇنىڭغا قارشى سەپ بولۇپ مۇئتەزىلە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

بەزىلەر ئىمام ئەزەمگە ئەمەل - ئىمان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئىجتىھاتى تۈپەيلىدىن «مۇرجىئە» قالپىقىنى كىيگۈزسىمۇ ھاياتىنى مەزلۇملارغا ياردەم قىلىش ۋە زالىملارغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئۆتكۈزگەن بىر زاتنىڭ بۇنداق تۆترۈقسىز ۋە مەنپەئەتچى بىر ئېقىمغا مەنسۇپ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى «مۇرجىئە» دېگەنلەرنىڭ قانداق ياشىغانلىقىنى بىلىمىز. زۇلۇم ۋە سۇلتانلىقنى رەت قىلىشتا ئىمامنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغانلارنىڭ ئۇنى «مۇرجىئە» دەپ ئىبلان قىلىشىنىڭ تېگىدە، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا بىۋاستە ئەمەس ئەكسىچە «دېدى - دېگەنمىش» دېگەندەك ئەپقاچتى ئۆسەك سۆزلەرنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ قاراش ياتماقتا. ئىمان بىلەن سادىر قىلىنغان ھەر قانداق گۇناھنىڭ ئىگىسىگە زىيىنى يوق دېگەن ئەقىدە بىلەن ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ زۇلۇمى ۋە فىسقى - فۇجۇرىنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىش ھەلەكچىلىدە يۈرگەن مۇرجىئەنىڭ بۇ ئەقىدىسى سەۋەبىدىن ئۈممەتكە سالغان زىيىنىنى ھەنەپى مەزھىپىنىڭ داڭلىق ئالىملىرىدىن جەسساس تىلغا ئالغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق

تەسلىمىيەتچى پوزىتسىيەلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئاخىرىدا قانداق بىر خارلىققا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن جەسساس ئۆز زامانىدىكى بۇ ۋەيرانە كۆرۈنۈشنىڭ تەكتىدە بۇ ئازغۇن ئەقىدىنىڭ ياتقانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدى[87].

بۇ يەرگىچە چۈشەندۈرگەن مۇرجىئە بۆگۈنكى كۈندىمۇ مەۋجۇتلىقىنى ھەر خىل ئىسىملار بىلەن داۋام قىلىۋاتقان ۋە تارىخ بويىچە ھاكىمىيەتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن «مەنپەئەتچى» مۇرجىئەلەردۇر. بۇ ئېقىمنىڭ ھۆكۈمدارلار ۋە ھاكىمىيەتنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئۇسۇللىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىدى. ئىلگىرىمۇ بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار ئىسلامى ئۇقۇملارنى تەئۋىل ۋە تەھرىپ (بۇزۇش) قىلىش بىلەن ئىشنى باشلايدۇ. «جىھاد» ئۇقۇمىنى قۇرئانى مەنىسىدىن يىراقلاشتۇرۇش بولسا ئۇلار قىلغان ئىشلارنىڭ تۇنجىسى ئىدى. زامانىمىزدىكى مۇرجىئە سېكولارىزىمنىڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى پايلاقچىسىدەك خىزمەت قىلماقتا. تارىختا ۋە ھازىرقى ئوتتۇرىغا چىققان بەزى ئېقىملارنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرىگە (دىنامىكلىرىغا) ۋە ئەقىدە كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپ مۇرجىئەنىڭ بەك ئاشقۇنلىرى (غۇلاتى مۇرجىئە) دەپ ھېساپلاش مۇمكىن. ئىسلامى جىھاد ئۇقۇمىنى بۇزۇپ تاشلاپ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئىنكار قىلغان، ھاكىمىيەتتىكىلەرگە قارشى چىقىشنى گۇناھ سانايدىغان، دىندا سىياسەت يوق دەيدىغان، ھەتتا كاپىرلىقى ئوپ - ئوچۇق تۇرغان ھاكىمىيەتتىكىلەرنىمۇ «مۇسۇلمان» قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان زامانىمىزدىكى مۇرجىئەلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەڭ ئاشقۇن ئىككى ئۆرنىكى

---

[87] جەسساس، ئەھكامۇل قۇرئان، II/320

ئېنگىلىز مۇستەملىكىسىنىڭ بالا ياتقۇسىدا يېتىلگەن باھائىلىك ۋە قادىيانىلىقتۇر.

ئۇندىن باشقا، تارىختا ئوخشاش ئىسىم بىلەن شۆھرەت قازانغان باشقا بىر مۇرجىئە ئېقىمىمۇ بار بولۇپ، بۇلار زۇلۇم ۋە زالىمنى يوللۇق قىلىپ پەدازلاپ كۆرسەتكەن «مەنپەئەتپەرەس مۇرجىئەلەر» دىن پۈتۈنلەي پەرقلىقتۇر.

بەنى ئۇمەييەنىڭ زۇلۇمنى ئاقلىغان، ئىمان - ئەمەل ئارىسىنى ئايرىش مەسىلىسىنى ھاكىمىيەتنىڭ پايدىسىغا ئىشلەتكەن مۇرجىئەلەر بىلەن «قىيامچى (قوزغىلاڭچى) مۇرجىئە» نىڭ «ئىرجا» ئېتىقادى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. قىيامچى مۇرجىئە ئىككى يۈزلىمچى مۇرجىئەدىن خېلى كېيىن ئىراقنىڭ شەرقىدىكى يېڭى فەتىھ قىلىنغان رايونلاردا ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلار زالىم ھاكىمىيەتنى ئەمەس، زۇلۇمغا ئۇچرىغان مەزلۇملارنى ھىمايە قىلغان ئىدى.

مەلۇم بولغاندەك، ئەمەۋىلەر ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز خەلىپىلىك ماقامىغا ئولتۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا يېڭى فەتىھ قىلىنغان رايونلارنىڭ مۇسۇلمان بولغان ئاھالىلىرىدىن مەجبۇرىي ھالدا جىزيە ئالاتتى. ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز «ئاللاھ مۇھەممەدنى غەللە - پاراقچى قىلىپ ئەۋەتمىدى!» دەپ بۇ زۇلۇمغا خاتىمە بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بولۇپمۇ خۇراسان ۋە ئەتراپىدىكى تۈركلەر ۋە باشقا قەۋملەر مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن جىزيە كىرىملىرىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىدىن قاخشىغان غەللە - پاراقچىلار بۇ ئىشقا بىر چارە تېپىشنى تەلەپ قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ ۋە يېڭى فەتىھ قىلىنغان جايلاردىكى خەلقنىڭ توپ - توپ بولۇپ ئاللاھ نىڭ دىنى ئىسلامغا كىرىشىنى جىزيەدىن قېچىش دەپ چۈشىنەتتى. بۇنىڭغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن يېڭى مۇسۇلمان بولغان بۇ خەلقلەرنى ئازغۇن قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى، بوغۇزى قوللىرىدا تۇتۇلغان بەزى ساراي مولللىرىنىڭ ئاغزى

ئارقىلىق بۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقى ھەققىدە يالغان - ياۋىداق نەرسىلەرنى تارقىتاتتى.

بۇ سەۋەبتىن، بۇ دەۋردە ياشىغان بولۇپمۇ ئەرەب بولمىغان مەشھۇر زاتلاردىن «زىندىق» لىق تامغىسى ئۇرۇلغانلارغا ئۇلار ھەققىدە بىر ئۇۋالچىلىققا سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

ھىجرى 110 - يىلىدا ئەمەۋى ھاكىمىيىتى جىزىيە كىرىمىدىن مەھرۇم قالغان خەزىنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن دىنغا تۈپ - تۈپ بولۇپ كىرىشنى قىيىنلاشتۇرىدىغان بەزى تەدبىرلەرنى تۈزدى. بۇ تەدبىرلەردىن بىرسى، بىر ئەجەم (غەيرى ئەرەب)نىڭ مۇسۇلمان ھېساپلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلغان يېڭى شەرتلەر ئىدى. بۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. سۈننەت بولۇش: بۇ شەرت ئۇ كۈننىڭ شەرتلىرىدە تەھلىل قىلىنىشى كېرەك. يېڭى مۇسۇلمان بولغانلار نە بوۋاق نە بالا بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك بالاغەتكە يەتكەنلەر بولۇپ، ئاشۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەرتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن ۋاقتىمىزدا سۈننەت بولۇش ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى.

2. پەرىزلەرنىڭ تۇرغۇزۇلىشى: ئىشنى «فەتىھ» نامى ئاستىدا غەنىمەتچىلىككە ئايلاندۇرۇۋالغان ھاكىمىيەت مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن ئىسلامى تەبلىغ ۋە دىنىي تەلىم - تەربىيەلەردىن قەستەن مەھرۇم قالدۇرغان خەلقتىن، ئادەتتىكى باشلانغۇچ سەۋىيەدىكى بىلىملەرگىمۇ ئىگە بولمىغان كىشىلەردىن ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە دىنىنى ياشىشىنى تەلەپ قىلاتتى.

3. ھۇسنۇ ئىسلام: بۇ، ئۆلچەيدىغان تارازىسى بولمىغان بىر خۇسۇس ئىدى. ۋالىي ياكى غەللە - پاراقچى ئۆزى خالىغان كىشى ياكى كىشىلەر ھەققىدە ئۆز مەيلىچە ھۆكۈم چىقىرالايتتى.

4. قۇرئاندىن بىر سۈرە ئوقۇش: بىراقلا مىڭلاپ ئىسلامغا كىرگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئەرەب ئەمەسلىكىنى، شۇڭا قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەرەبچىدىن ۋاقىپ بولۇپ، قۇرئاننى ئۆگىنىپ بولالمايدىغانلىقىدىن ھاكىمىيەتنىڭمۇ خەۋىرى بار ئىدى.

خۇراساندىن جىزىيە يىغىشقا مەسئۇل ئەشرەس ۋالىيدىن: «كىشىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مەسجىت سالدى، قانداق قىلايلى؟» دەپ سورىغان ۋاقىتىدا مۇنداق جاۋابنى ئالىدۇ:

«باج ۋە جىزىيەنى بۇرۇن كىمدىن ئېلىپ كېلىۋاتقان بولسىڭىز ھازىرمۇ شۇنىڭدىن ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ».

قىيامچى مۇرجىئەنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئۇچقۇننىڭ سەۋەبى ھاكىمىيەتنىڭ مانا مۇشۇنداق ناھەق ئىشلىرى ئىدى. سەمەرقەنتنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر رايوندا يېڭى مۇسۇلمان بولغان 7000 كىشى بۇ ناھەق ئىش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىدى. يەتتە پەرساخ كەڭلىكتىكى بىر يەرگە چېدىر تىكىلگەن ئىسلامنىڭ يېڭى ئەزالىرىنىڭ بىردىنبىر شوئارى «لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» ئىدى.

مانا بۇ نۇقتىدا يېڭى بىر ئېقىم تۇغۇلدى. بۇنداق نەھەقچىلىككە ئۇچرىغان مەزلۇم ئىنسانلارنىڭ ھەققىنى قوغداش ئۈچۈن بىر تۈركۈم قارى (ئالىم) ۋە فىقھى ئالىملارمۇ ئۇلارغا قېتىلدى. بۇ فاقىھلار ھاكىمىيەتنىڭ بۇ بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ۋە شەرىئەتكە خىلاپ دەپ ئېلان قىلىشى ئۈچۈن بىر يۈرۈش دەلىللەرنى كەلتۈردى. تەبىئىي ھالدا مۇنازىرە قىلىنغان نەرسە ئىمان - ئەمەل مۇناسىۋەتلىرى ئىدى. يېڭى مۇسۇلمان بولغان مىڭلارچە كىشىنىڭ ئەمەللىرىدىكى نۇقسانىنى باھانە قىلىپ، گەرچە ئۇلار مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ ئۇلارنى يەنىلا «كاپىر» ھېساپلاپ جىزىيە ئېلىۋېرەتتى. ھېلىقى ئالىم ۋە فاقىھلەر ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان بۇ ئىنسانلارنىڭ مۇسۇلمان

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «ئىرجا (ھاۋالە قىلىش، قارار ئورنى)» پىكرىگە باش قاتۇرغان ئىدى.

ئۇ ئالىملار مۇنداق دېگەن ئىدى: توپ - توپ بولۇپ مۇسۇلمان بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىشى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك. بۇنداق كىشىنىڭ ئېتىقادىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىناتتى. بۇنداق بىر كىشىگە « ياق، سەن مۇسۇلمان ئەمەس تۇرۇپ شۇنداق كۆرۈنۈۋاتىسەن» دېگىلى بولمايتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنى كاپىر ھېساپلاپ جىزيە ئېلىش جائىز ئەمەس ئىدى. جىزيە بېرىشكە قارشى چىققانلار ئەمەۋى ۋالىيلىرى تەرىپىدىن قېنى ۋە مېلى ھالال ھېساپلىنىپ ئۆلتۈرۈلەتتى. بۇ خىل زۇلۇم توپ - توپ ھالدا قىرغىنچىلىق قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. ئالىملار بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھاكىمىيەتكە ئىقرارلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە قەلبلىرىنى ئاللاھ قا ھاۋالە قىلىشقا (ئىرجاغا) چاقىرىق قىلدى. بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلغانلار «ئىرجا» پىكرىنى قوبۇل قىلغان كىشى مەنىسىدە «مۇرجىئە» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشاقىنى ساماندىن پەرقلەندۈرەلمەيدىغان بەزى كىشىلەر بۇ قىيامچى مۇرجىئە بىلەن مەنپەئەتپەرەس مۇرجىئەنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتتى.

بۇ قىيامچى مۇرجىئە بىلەن مەنپەئەتپەرەس مۇرجىئەلەرنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. قىيامچى مۇرجىئە ئاللاھ قا ھاۋالە قىلغان نەرسىلىرىنى مەنپەئەتپەرەس مۇرجىئەلەر سۇلتانلىرىغا ۋە ھاكىمىيەتتىكىلەرگە ھاۋالە قىلاتتىكى، بۇ ئاللاھ بىلەن سۇلتان ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشاش بىر - بىرىدىن پەرقلىق ۋە ئۇ بىر - بىرىدىن يىراق شەيئىلەر ئىدى. «مەنپەئەتپەرەسلەر ئىنسانلىرى ئىسانغا قۇل قىلىشقا چاقىرسا (سۇلتانغا ئىرجا)»، «قىيامچىلار» ئىنسانلارنىڭ پەقەت ئاللاھ قا قۇل ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ (ئاللاھ قا ئىرجا قىلىپ)،

سۇلتانلارغا قارشى ئۇلارنىڭ ھەققىنى قوغدايتتى. ئالدىنقىلىرى سەلتەنەتنى قوغداش ئۈچۈن قوللانغان «ئىرجا» پىكرىنى كېيىنكىلىرى مەزلۇملارنى قوغداش ئۈچۈن قوللاندى.

بۇ قىيامغا قاتناشقان ئالىملار ئىچىدە تۆۋەندە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان زاتلار بار ئىدى:

ئەبۇ سەيدا سالىھ بىن تارىق، رەبى بىن ئىمران ئەتتەمىمى، قاسىم ئەششەيبانى، ئەبۇ فاتىمە ئەل ئەزدى، بىسىر بىن جۇرمۇز ئەلدابى، خالىد بىن ئابدۇللاھ ئەننەھۋى، بىشر بىن زەنبۇر ئەلئەزدى، ئامىر بىن بەشىر ئەلھاجىنەدى، بەيان ئەلئەنبەرى، ئىسمائىل بىن ئاقابە ۋە سابىت بىن قاتانە.

قىيامچى مۇرجىئەلەر يېڭى مۇسۇلمان بولغان ئەجنەبىلەرنىڭ سېغىنىدىغان پاناھگاھىغا ئايلانغان ئىدى. بۇ ئېقىمنىڭ مەنسۇپلىرى ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە تۇتقان ناھەق مۇئامىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىر قېتىم بۇخارادا قوزغىلاڭ كۆتۈردۇ. ئۇلار شەھەرنىڭ چوڭ مەسجىدلىرىگە لىق تولۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا شاھادەت ئېيتىشقا باشلىغان ئىدى. لېكىن شەھەرنىڭ ۋالىيسى بۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئىچىدىن 400 كىشىنى دارغا ئاستى.

ئەمەۋىلەر ئىرقچىلىقنى دۆلەت سىياسىتىگە ئايلاندۇرغان ئىدى. بۇ دەۋردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قوزغىلاڭ بەسىرەدە يۈز بەردى. ۋالى كەنتتە ئولتۇراقلاشقان مەۋالى (ئەرەب بولمىغان) مۇسۇلمانلارنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشىنى بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن، مەزلۇم خەلق كەڭ بىر تۈزلەڭلىككە توپلىنىپ «ۋاي مۇھەممەدا! ۋاي مۇھەممەدا!» دەپ تۇۋلاپ يىغلاشتى. ۋىجدانىنى سۇلتانلارغا ساتمىغان بەسىرەنىڭ ئالىملىرىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىرلىكتە يىغلىدى ۋە ئۇلارنىڭ زەپىرى ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

قىيامچى مۇرجىئەنىڭ بۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشقان قوزغىلىڭى كېيىنكى مەزگىللەردىمۇ داۋاملاشتى. بۇلاردىن ئەڭ چوڭراقى بولسا ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇملىرىغا ۋە ئىرىقچى سىياسەتلىرىگە قارشى پارتلاشقا ئايلانغان ھارىس بىن سۇرەيجنىڭ ھىشام بىن ئابدۇلمەلىككە قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلىڭى ئىدى. بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئىككىنجى يېتەكچىسى ئىسلام پىكىر تارىخىدا «جەبىر ۋە ئىرجا مۇتەپەككۇرى» دەپ تىلغا ئېلىنىدىغان جەھم بىن سافۋاندۇر[88].

قىيامچى مۇرجىئەنىڭ بۇ قىسقىغىنە تەرجىمىھالىدىن مەلۇم بولغاندەك، ئىمامى ئەزەممۇ بىر ئەجەم بولۇپ، ئۇنى ئىمان - ئەمەل مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدىكى مەشھۇر ئىجتىھاتىغا يۈزلەندۈرگەن سەۋەبلەردىن بىرسى، بەلكىم ئەڭ باشتا كەلگەنلىرى بۇ ۋەقەلەر ئىدى. زۇلۇمنىڭ ئەڭ كىچىكىنى ھەتتا يۇقىنىمۇ ئۆزىگە يۇقتۇرمىغان ئىمام ئەزەمدىن ئۇ كۈندىكى شەرتلەرگە بىنائەن بۇنىڭدىن باشقىسىنى كۈتۈش بىمەنىلىك ئىدى. ئەمما ئىمامنىڭ بەزى ئىجتىھادلىرىغا دەۋرنىڭ ۋە ۋەقەلەرنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن مۇتەئەسسىپ نەقلچى مەنتىق ماكان ياكى زامان دېمەستىن بۇلارغا بىر «ناس (دىنى ھۆججەت)»قا ئوخشاش چەك ئېسىلىۋالغان ياكى بەزىلەرگە ئوخشاش بىراقلا ئۇنىڭغا «مۇرجىئە» تامغىسىنى ئۇرغان. نەتىجىدە ھەر ئىككىسى ئوخشاش نۇقتىدا ئۇچراشقان.

زالىم ۋە پاسىق ھاكىمىيەتنىڭ تەشۋىق قىلىشى ئارقىلىق يېڭى مۇرجىئەنىڭ كېڭەيتىلىشىگە كۆچەۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە، دەۋرىمىز مۇرجىئەسىنىڭ تارىخى رولىنى بىلىش تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە:

---

[88] ئاممارا، ئەلئىسلام ۋەسسەۋرا، س.226

1. ئەمەلنى ھېچبىر ۋاقىت ئىمانغا داخىل قىلماستىن، دىننى ۋىجدانلارغا تاشلاپ قويۇش. بۇ مەنىدە ئىپتىدائىي بىر لائىسىزىم (دىنسىز ھايات)نى ئۆزىدە يوشۇرغان مۇرجىئەنىڭ مەقسىدى ئىماننى پەقەتلا «ئىقرار» دەپ ھېساپلاپ، بىر ھايات نىزامى بولغان ئىسلامغا ئەڭ نازۇك بولغان يېرىدىن ھۇجۇم قىلىش.

2. سىياسى مەزھەپلىشىش: ۋىزانتىيەدە ئىجرا قىلىنغان دۆلەتنىڭ دىنغا ئارىلىشىۋېلىش ئەنئەنىسىنىڭ ئىسلامدىمۇ باشلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان بىر «دۆلەت دىنى» نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا باشلامچىلىق قىلىش.

3. ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەلمۇنكەردىن ئىبارەت بىر پەرزنى «پىتنە» دەپ تەرىپلەپ، دىننىڭ ئاساسلىرىنى تەۋرىتىش ۋە جامائەت پىكرى ئارقىلىق ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ باشقۇرۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان بۇ قۇرۇلمىنى بىكار قىلىۋېتىش.

4. بولۇپمۇ ھەج، جىھاد، زاكات، ناماز (جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرى) قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئەسرى سائادەتتىكى رولىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئىسلامنى سىياسىتى ئىبادەت، ئىبادىتى سىياسەت بولغان بىر دىن بولۇشتىن يەككە ئىبادىي دىن شەكلىگە كىرگۈزۈش.

5. پىتنە، غەيۋەت، سەبىر، زۇلۇم، نىفاق، شۈكۈرگە ئوخشاش ئۇقۇملارنى قۇرئانىي مەنالىرىدىن بۇرمىلاپ تەئۋىل ۋە تەھرىپ قىلىش. بۇ ئۇقۇملارنى ئەسلى مەقسىتىنىڭ سىرتىدا، بەزىدە دەلمۇ دەل ئەكسىچە قوللىنىپ، دىنىي چۈشەنچىنى يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە پۈتۈنلەي سۇسلاشتۇرۇلغان ۋە تىزگىنلەنگەن بىر دىن چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش.

# ئىنكاسلار

## خاۋارىجلار (خارۇرىيە)

تارىخى مەنبەلەر ئۆزلىرىنى «قۇررا» دەپ ئاتىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ گۇرۇپپىغا يېتەكچى بولغان ئابدۇللاھ بىن زىلھۇۋەيسىرا ئەتتەممىي رەسۇلۇللاھقا قىلغان ھۆرمەتسىزلىكى سەۋەبىدىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئەيىبلىگەن ۋە بۇ تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە تەۋبە سۈرىسى 58 - ئايەت نازىل بولغان ئىدى. بۇ زات ھەققىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلار پەقەت بۇلارلا ئەمەس. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىدىن كەلگەن بىر خەۋەر مۇنداق:

«ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

- ئى رەسۇلۇللاھ، مەن شۇ ۋادىدىن كەلگىنىمدە گۈزەل يۈزلۈك بىر ئادەمنىڭ خۇشۇئ ئىچىدە يالغۇز ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم». رەسۇلۇللاھ:

«بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈر!» دېدى.

ئەبۇ بەكرى كەتتى. ئۇنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ، ئۆلتۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرمەي قايتىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە:

«بارغىن، ئۇنى ئۆلتۈر!» دېدى.

ئۇ باردى. ئۇنى بۇرۇنقىدەك ھالەتتە كۆرۈپ قايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلىگە:

«بارغىن، ئۇنى ئۆلتۈر!» دېدى.

ئەلى باردى، ئەمما ئۇنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما بوغۇزلىرىنىڭ ئاستىغا بارمايدۇ. ئوقىنىڭ يايدىن چىقىپ كەتكىنىدەك دىنىدىن چىقىپ كېتىپ، دىنغا قايتىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. ئۇلار مەخلۇقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامانلىرىدۇر»[89].

ئەگەر سەھىھ بولسا بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىن بىشارىتىدۇر. ئۇ كىشى شۇندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا بالا بولىدۇ. بۇ بالانى يوقىتىش يەنە ھەزرىتى ئەلىگە قالغانىدى.

ئۇلار ئەسلى ئىراقلىق بولۇپ، ھەزرىتى ئوسماننىڭ تۇققانلىرىدىن بولغان ۋالىيلارنىڭ بىر قىسىم ئىجرائاتلىرى سەۋەبىدىن ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ئەيىپلىگەنىدى. ئۇلار ئاخىرى ئوسمان (رەزىيەللاھۇئەنھۇ)غا دۈشمەن بولىدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى تەكفىر قىلىدى. ھەزرىتى ئوسمانغا بولغان دۈشمەنلىكى ئۇلارنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ سېپىدە ئۇرۇش قىلىشقا يۈزلەندۈرگەنىدى.

جەمەل ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنى تەكفىر قىلاتتى. بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋاقىتدا كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز دەپ ئۇرۇشقانىدى.

شام ۋالىيسى خەلىپىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەنىدە خاۋارىجلارگە خەۋەر ئەۋەتتى. ئۇلارغا ھەزرىتى ئوسماننىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، قىساسىنىڭ ۋاجىب بولغانلىقى، ئۆزىگە بۇ مەسىلىدە ياردەم قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

سىففىندە شام قوشۇنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇرۇش نەچچە ئاي سوزۇلۇپ كەتتى. قوشۇننىڭ ئازلاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن مۇئاۋىيە تەشۋىشلىنىپ بىئارام بولۇۋاتقان ئىدى. ئامر بىن ئاس ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدى. ئالئىمران سۈرىسى 23 - ئايىتىنى دەلىل كۆرسىتىپ بىر جەڭ ھىيلىسىنى ئويلاپ تاپتى. ھەققى سەۋەبىنى خېلى

[89] ئىبنى ھاجەر، فەتھۇلبارى، كىتابۇ ئىستىتابەتۇل مۇرتەددىن، XII/ 312

بۇرۇن تەپسلى چۈشەندۈرگەن هاكەم ۋەقەسنى ئەلى (رەزىيەللاهۇئەنھۇ) قوبۇل قىلدى ۋە بىر مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپ « مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلىدىن مۇئاۋىيەگە» دەپ باشلانغان ئىدى. شام ۋالىيسى بۇ مەكتۇپتىكى «مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى» ئىبارىسىنى رەت قىلىپ، دادىسىنىڭ ۋە ئۆز ئىسمىنىڭ يېزىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى ئەلى بۇنى قوبۇل قىلدى. لېكىن «قارىلەر» (قۇررا كەلىمىسىنىڭ مەنىسى «ئوقۇغانلار» بولۇپ، ھىجرى 1 - ئەسىردە بۇ كەلىمە يۇقىرىدىكى مەنىنى ئىپادىلىمىگەن. كەلىمىنىڭ يىلتىز مەنىسىنى تەكشۈرگەندە، دەسلەپكى مەزگىللەردە قۇررا كەلىمىسى ئۇقۇم سۈپىتىدە ناھايىتى مۇتتەقى ئالىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. ئىبنى ھاجەر بۇ مەنىدە ئىشلەتكەن) بۇنىڭغا قاتتىق قارشى چىقتى. خەلىپىنىڭ قوشۇنى بىلەن تۇپىلاك كۆتۈرگەن شام ئەسكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر توختام تۈزۈلدى. ئىراق بىلەن شام ئوتتۇرىسدا ھاكەملەر (قازىلار) تەيىن قىلىنىدىغان بىر زامان ۋە ماكاندا بىر يەرگە كېلىش تەكىتلەنگەن ئىدى. خاۋارىجلار مانا مۇشۇ سىففىن ئۇرۇشىدىن قايتقاندا ئەلى (رەزىيەللاھۇئەنھۇ)دىن ئايرىلدى. باھانىلىرى «ھۆكۈم پەقەت ئاللاھنىڭدۇر» ئىدى. ھالبۇكى ھەزرىتى ئەلىنى «بىز قۇرئانغا قارشى ئۇرۇش قىلمايمىز، قۇرئانغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز» دېيىش ئارقىلىق ھاكەم تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىغانمۇ ئۆزلىرى ئىدى. ھەزرىتى ئەلى «ئۇلار قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىگە ئىسيان كۆتۈرۈش ئۈچۈن ۋاراقلىرىنى قوللىنىۋاتىدۇ. قۇرئان مەندە. ئۇنى مەن تەتبىق قىلىۋاتىمەن» دېسىمۇ سۆزىگە قۇلاق سالمىغانىدى. يەنە ئۇلار ئىبنى ئابباسنىڭ ھاكەملىكىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن ئىدى. زەپەرگە ئاز قالغاندا ئۆزلىرى سەۋەبىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان سىففىندىن قايتىشتا ھەزرىتى ئەلىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ سانى تەخمىنەن 8000 ئەتراپىدا ئىدى. ھارۇرا دېگەن يەرگە يىغىلغانلىقتىن «ھارۇرىيە» دەپ ئاتالدى.

ھەزرىتى ئەلى ئۇلارغا ئىبنى ئابباسنى ئەۋەتتى. كۆپىنچىسى كۆز قاراشلىرىدىن ۋاز كەچتى ۋە كۇفەدە خىلاپەت قوشۇنىغا سىڭىپ كەتتى. ۋاز كەچمەي كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار بىلەن نەھرەۋاندا جەڭ قىلدى. «ئەلى ھاكەم قارىشىدىن ۋاز كەچتى» دېگەن ئۆسەك سۆزى چىقى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىرى يەنە يېنىۋالدى. ھەزرىتى ئەلى خۇتبىدە بۇنىڭ ئەسلى ئۆسەك بىر سۆز ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، مەسجىددىن «ھۆكۈم پەقەتلا ئاللاھنىڭ» دېگەن سۆزلەر كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن خەلىپە مۇنۇ مەشھۇر سۆزنى قىلدى: «ئۆزىدە باتىل مەقسەت قىلىنىپ ئېيتىلغان ھەق سۆز (كەلىمەتۇ ھەققۇن، يۇرادۇ بىھا باتىلۇن). سىلەرنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ئۈچ ھەققىڭلار بار:

1. سىلەرنى مەسجىدلەردىن توسماسلىق
2. فەي دىن پېيىڭلارغا چۈشكەننى بېرىش
3. سىلەر ئۇرۇش ئېلان قىلمىغۇچە سىلەر بىلەن جەڭ قىلماسلىق

بۇلار گورۇپپا ھالىتىدە ئايرىلدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇلارنى قايتىپ كېلىشكە چاقىرى. ئۇلار ئالدى بىلەن تەھكىمنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن دىندىن چىققانلىقىنى ئېيتىپ، ئاندىن تەۋبە قىلىشنى شەرت قىلدى ۋە خەلىپىنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈشكە تەمشەلدى.

بۇ دەۋردە سىياسى ھەرىكەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان بۇ بىر توپ كىشىلەر ئۆزلىرىگە خاس بەزى ئەقىدە ئاساسلىرىنى تۇرغۇزۇپ بىر مەزھەپكە ئايلاندى. كىمكى ئۆزىگە ئوخشاش ئېتىقاد قىلمىسا ئۇنىڭ قېنى، مېلى، ئار - نومۇسى ئۇلارغا ھالال ئىدى. شۇنداق قىلىپ پىكىر بىرلىكىگە كەلدى. ئالدىغا ئۇچرىغان كىشىنى سوراققا تارتىپ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش شەكىلدە ئېتىقاد قىلمىسا ئۆلتۈرەتتى. مۆتىۋەر ساھابىلەردىن خەبباب بىن ئەرەتنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئايالى بىلەن بىرلىكتە ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنى سوراق قىلىپ شېھىت قىلدى. ھامىلدار

ئايالىنىڭ قارنىنى ياردى. بۇ خەۋەر ھەزرىتى ئەلىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شام ئۇچۇن ھازىرلىغان قوشۇنى بىلەن نەھرەۋانغا ھۇجۇم قىلدى. ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشى قېچىپ جېنىنى قۇتقۇزالىغان ئىدى. بۇلار كېيىنچە يانتاياق تېپىپ كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەزرىتى ئەلىنى قەتلى قىلغانغا قەدەر يوشۇرۇنۇپ يۈردى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭدىن قاتتىق قورقاتتى.

ھەزرىتى ھەسەننىڭ تىنچلىق كېلىشىمىدىن كېيىن شامغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇلدى. مۇئاۋىيە ۋە يەزىد دەۋرىدە ھېچ زوۋانىنى چىقارمىدى. ئابدۇللاھ بىن زۇبەير شامدىن باشقا بارلىق زېمىنلارنىڭ بەيئىتىنى ئېلىپ خەلىپە بولغاندا مەرۋان ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ خەلىپىلىك دەۋاسى قىلدى. شامدىن مىسىرغىچە بولغان رايونلارنى ئىستىلا قىلدى. خاۋارىجلار ئىراقتا ۋە يەمامەدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. يەمامە ئېقىمى خاۋارىج ئەقىدىسىگە يەنە بىر ماددا قوشتى. يەنى ئۈزلىرىگە ئوخشاش شەكىلدە ئېتىقاد قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۈزلىرىگە ئوخشاش ئېتىقاد قىلمىغانلار بىلەن جەڭ قىلمىسا كاپىر بولاتتى.

خاۋارىجلىق ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن فىقھىنىمۇ شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بۇ فىقھىتا:

1. ئۆيلەنگەن كىشىنىڭ زىناسىدىن چالما كېسەك بىلەن ئۆلتۈرۈشنى چىقىرىۋېتىش.

2. ئوغرىنىڭ قولىنى دولىسىدىن كېسىش

3. ھەيىزدار ئايالغا ھەيز مەزگىلىدە نامازنىڭ پەرز قىلىنىشى

4. ئەمرى بىلمەئرۇف ئەننەھيي ئەنلمۇنكەر. يەنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ پەرزلىكىنى (ئۆزۈرلۈك بولسىمۇ) تەرك قىلسا كاپىر بولىدىغانلىقى

5. چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى

6. ئەھلى زىممەت ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرىغا قول تەككۈزۈشنىڭ ھارام بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم چىقاردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمەۋى قوماندانى مىھلەب ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆلتۈردى. ئابباسىيلار دەۋرىدە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ماراكەشكە كەتكەنىدى. ئىبن خازم خاۋارىجلارنىڭ بەزى ئېقىملىرىنىڭ ئېتىقادتا چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، قۇرئانغا ھەر خىل كۆز قاراشتا بولۇپ، كۇندە ئىككى ۋاخ نامازنىڭ پەرز بولغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى نەقىل قىلىدۇ. يەنە بۇ مەنبە «ئاشقۇن» خاۋارىجلارنىڭ (غۇلات) جىيەنلىرىنىڭ نەۋرىلەر بىلەن ئۆيلىنىشىنى جائىز كۆرىدىغانلىقى، خاۋارىجلاردىن ئاز بىر قىسىم گۇرۇپپىنىڭ سۈرە يۇسۇپنى ئىنكار قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ[90].

شۇنداق، قىسقىچە ھېكايىسى مۇشۇنداق بولغان خاۋارىجلار ئىسلام تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان باندىت توپ ئىدى. ئازغۇنلۇق ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىشنىڭ بۇنداق ئۆرنىكى تارىختا ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن ئىدى. بۇ مەنتىقنى «ھەقىقەتنى ھەقىقەت نامىدا قەتل قىلىش» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ گۇرۇپ پرۇدخون ۋە باكۇنىننىڭ ئېنىقلىمىسى بويىچە تۇنجى ئىسلام ئانارخىستلىرى (ئادىل ھاكىمىيەتنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلار) ئىدى. خاۋارىجلىق ئىسمى ئانارخىزىمنىڭ سىستېمىلاشقان شەكلىدۇر. ھەر ئىنكاس خاراكتېرلىق ھەرىكەتتە كۆرۈلگەندەك بۇ ھەرىكەتنىڭ چىقىشىدىكى ئاشقۇنلۇقتىمۇ قايتۇرۇلغان ئىنكاسىنىڭ نىسبىتى ھەددىدىن زىيادە ئىدى. ئىمانىنى باتىنى (يوشۇرۇن)لىققا مەھكۇم قىلىپ قويغان ۋە ئەمەلنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان مۇرجىئە ۋە جەبرىئەگە ئىنكاس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ھەرىكەت ئەمەلنى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشنى كۆككە كۆتۈرۈپ بۇتلاشتۇرغان ئىدى.

---

[90] ئىبنى ھاجەر، فەتھۇلبارى، كىتابۇ ئىستىتابەتۇل مۇرتەددىن، XII/315-325

تەدبىقلىغۇچىسىز ھالدا ناسقا ئېسىلىۋېلىشىنىڭ خەتىرىگە تارىخى بىر ئۆرنەك تەشكىل قىلغان خاۋارىجلارنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلىكى «كىتابسىزلىق» ئەمەس، «نەبىسىزلىك» ئىدى. قۇرئاننىڭ پەقەت زاھىرىغا قاراپ سۈننەتنى شەرئىي مەنبە ھېساپلىمايدىغان خاۋارىجلار قۇرئاندا تاپالمىغان ھاراملارنى مۇباھ دەپ قارىغان، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجرائاتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئايەتلەرنى ئۆز ئالدىغا ئىزاھلاشقا ئۇرۇنغانىدى.

بۇ پىرقىنىڭ چىقىشى ئىسلامى سىياسەتنىڭ ئەڭ ئېغىر ئېمتىھانى بولغان ۋە ئىسلامى سىياسەت بۇ ئېمتىھاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغانلارغا جانلىرىغا قەست قىلغان مۇخالىپلىرىگە قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن ئىدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۆزىنى «كاپىر» دېگەن بۇ پىرقىنى مۇسۇلمان قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ھەققىنى بېرىشى، قاتىلى ئىبنى مۇلجەمگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنى ئېيتىشى تارىختا ئاز ئۇچرايدىغان ئۆرنەكلەردىن بىرىدۇر. بۇ ئېمتىھانغا خىرىستىيانلىقمۇ كىرگەن، لېكىن سىناقتىن ئۆتەلمىگەن ئىدى. ياۋرۇپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلىدە «يوقسۇل ئەيسا» شۇئارى بىلەن «تاغدىكى ۋەز» نىڭ ناسلىرىنى چېركاۋغا قارشى دەلىل قىلىپ قوللىنىپ تاغلارغا چىقىپ كەتكەن فرادولسىنو ۋە ئادەملىرىگە چېركاۋنىڭ قايتۇرغان جاۋابى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولغان بولۇپ، مىڭلىغان كىشىنى كېچە - كۈندۈز يېقىلغان گۈلخانغا تاشلىغان ئىدى. خىرىستىيانلىق تارىخىدا تەشكىللىنىپ، رەسمىي دىنغا قارشى خاۋارىجلاردىن تېخىمۇ ئالىيجاناپ تۇيغۇلار بىلەن قوزغالغان بۇ ئىنسانلار ھەققىنى تونۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئىنسان قاتارىدىمۇ سانالمىغان ئىدى.

خۇلاسىلايدىغان بولساق:

1. خاۋارىجلار ئىسلامى سىياسەتتە ئادالەتنى، ئېتىقاتتا ئەمەلنى شەرت ھېساپلىمايدىغان مۇرجىئەنىڭ ئەكسىچە، ئادالەتنى ۋە ئەمەلنى

بىردىنبىر بېكىتكۈچى ئۈنسۇر ھېساپلاپ تەفرىتكە (بىپەرۋالىق) قىلىشقا يۈزلەنگەن. ئەمرى بىلمەئرۇف ۋە نەھيى ئەنىلمۇنكەر پەرزىنى خاتا چۈشىنىپ، دىنىغا ياقمايدىغان ھەر قانداق ئەھۋالدا قورallıq ئىسيان كۆتۈرۈش شەكلىدە شەرھىيلىگەن.

2. تەكفىرچىلىك كىشىلىنى ئىسلامغا ئېلىپ كىرىپ، بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا خاۋارىجلارنى ياقتۇرمىغان مەزھەپلەرنىڭمۇ ئىزىدىن ماڭىدىغان بىر چىغىر يول ئاچقان.

3. بۇلار ئېزىشىنىڭ ۋە تەلۋىلىكىنىڭ جىنايەتىنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولۇپ، بارلىق تەلۋىلىك ۋە رەت قىلىنغان قارىغۇلارچە ئەگىشىشنىڭ پۈرسەت تاپسىلا ئىگىسىگە نىمىلەرنى قىلغۇزىدىغانلىقىنىڭ ئىبرەتلىك بىر ئۆرنىكى بولغان ئىدى.

قۇرئان رىسالىسىنى پارچىلاشنىڭ ھەقىقەتنى پارچىلاش بولىدىغانلىقىنى، پارچىلانغان ھەقىقەتنىڭ ھەقىقەت بولۇشتىن چىقىپ، بىر باتىلغا قانداق يول ئاچىدىغانلىقىنىڭ نامايەندىسى بولغان خاۋارىجلىق بولسا پارچىنى پۈتۈننىڭ ئورنىغا قويىدىغان چۈشەنچە ئۇلاشقان ئەڭ قورقۇنچلۇق نۇقتىدۇر.

## مۇئتەزىلە

ئەمەۋى ھاكىمىيىتى سەلتەنەتلىرى ئۈچۈن خەۋپ ھېسابلانمايدىغان ئېقىملارغا كۆز يۇمۇش بىلەن مەشھۇردۇر. ھاكىمىيەت ئەڭ كىچىك دەرىجىدىكى ئىسياننىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان جايىنى، مەيلى ئۇ يەر مەسجىدى ھەرام بولسۇن قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، بىر كىشىنىمۇ ساق قويماي قىرىپ تاشلايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىگە ۋە ئىجرائاتلىرىنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن يوچۇق

ئىزدەيتتى. ئەسىرى سائادەتتە ئىجرا قىلىنغان ئىسلام فىقھىسىنىڭ (ئەقىدىسىنىڭ) بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى مانا مۇشۇنداق باشلانغانىدى.

ھاكىمىيەتتىكىلەرگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن يالغاننى توقۇپ چىقىرىش زاۋۇتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشقا كىرىشتۈرۈۋاتقانلار ئىسلام شەرىئەت ئاساسىنىڭ تەدبىقلىنىش مەنبەسى بولغان سۈننەتنىڭ سۆزلۈك ئېقىنىنى بۇلغاشنى ئويلايتتى. تەبىئىيكى، بۇنىڭغا قارشى ئۆكتىچىلەرمۇ بوش تۇرمايتتى. بۇلارمۇ ھاكىمىيەتكە قارشى ھەدىسلەرنى توقۇپ چىقىراتتى. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن بولغۇلۇق يەنىلا شۇ پاك ئېقىنغا بولاتتى، ئېتىلغان لاي - چالمىلار سۆزلۈك «سۈننەت» بۇلىقىنى بۇلغىغان ئىدى.

بۇ دەۋردە مەشھۇر ئۈچ ئېقىمدىن بىرى بولغان مۇرجىئە ھاكىمىيەت بېشىدا ئىدى. ئىككىنچىسى بولغان شىئە ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ شاھادىتى بىلەن ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان بولۇپ، خاۋارىجلار خېلى بۇرۇنلا يېگەن ئېغىر زەربىسى تۈپەيلىدىن قارشىلىقنى قورallıق كۈرەش ئارقىلىق ئەمەس، كالامى مۇنازىرە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

گەرچە بۇنداق مۇنازىرىلەرنىڭ چىقىش سەۋەبى سىياسىي نۇقتىدىن بولسىمۇ، ئىش بارغانسېرى ئەسلى ماھىيىتىدىن يىراقلاپ، باشقا ساھالەرگە ئېغىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدا تارىخچىلار قەيت قىلغاندەك، ئىسلامغا يېڭى كىرگەن ياكى كىرگەندەك كۆرۈنۈپ دىنىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنىڭ رولىغىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. باشتا مۇنازىرىلەرنىڭ مەركىزىنى «ئىمامەت» ۋە «چوڭ گۇناھ قىلغانلارنىڭ ئەھۋالى» تەشكىل قىلغان بولسا، كېيىن بۇلارغا مۇتەشابىھ ئايەتلەر، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى دېگەنگە ئوخشاش تېمىلار قوشۇلغانىدى. كۆرۈپ يەتكىنىمىزدەك باشتا سىياسىي سوئاللار بىلەن باشلانغان تالاش - تارتىشلار كېيىن مۇتەشابىھاتقا ئوخشاش سىياسىي بولمىغان مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

بۇ تالاش - تارتىشلار ئەڭ كۆپ ئېلىپ بېرىلىدىغان جاي تەبىئىكى شۇ زامانىنىڭ ئاممىۋى پىكىر پەيدا قىلىدىغان مەركىزى بولغان جامەلەر ئىدى. بەسرە مەسجىدىمۇ ئۇشبۇ مەركەزلەردىن بىرسى بولۇپ، مەشھۇر زات ھەسەن ئەلبەسرى ئۇ دەۋرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھېساپلانغان بىر دەرس ھالقىسىنىڭ مۇددەرىسى ئىدى. ئۆزى ئەمەۋى ھاكىمىيىتىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان، مۇئاۋىيەنى قىلغان ئىجرائاتلىرى تۈپەيلى ئەيىپلىگەن، تەكلىپ قىلىنغان ۋەزىپە ۋە مائاشىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەرەپتارى بولمىغان ھەم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەرگىمۇ قارشى چىقمىغان.

ھەسەن ئەلبەسرى غەلىبە قىلىشى گۇمانلىق بولغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان. لېكىن قېرىنداشىدىن تارتىپ ئەمەۋىلەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ دەرس ھالقىسىدا يېتىشكەن كىشىلەر ئىدى.

ھەسەن بەسرىنىڭ ھالقىسىدا ئۇ كۈنىنىڭ مودا تېمىسى بولغان «چوڭ گۇناھلار» تالاش - تارتىش قىلىنغان ئىدى. تالىپلىرىدىن ۋاسىل بىن ئاتا ئۇستازىغا بۇ ھەقتە مۇخالىپەتتە بولغان. ئەسلىدە م. ئەبۇ زەھرانىڭ ئېيتقىنىدەك، ۋاسىلنىڭ كۆز قارىشى بىلەن بەسرىنىڭ كۆز قارىشى ئارىسىدا ماھىيەت جەھەتتىن ئەمەس، ئىپادىلەش نۇقتىسىدىن پەرق بار ئىدى. ھەسەن ئەلبەسرى گۇناھى كەبىر قىلغانلارنىڭ «مۇناپىق» بولىدىغانلىقىنى ئېيتسا، بەزى مەنبەلەردە مۇئتەزىلەنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارالغان ۋاسىل بىن ئاتا «ئۇ كىشى فاسىقتۇر. ئورنى ئىمان بىلەن كۇپرى ئارىسىدا بولىدۇ (ئەلمەنزىلەتۇ بەينەل مەنزىلەتەين)، ئەگەر تەۋبە قىلماستىن ئۆلسە جەھەننەمگە كىرىدۇ» دەيدۇ. بۇ پەرق مۇھىم پەرقلەردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇستاز بىلەن شاگىرتى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چۈشەنچە پەرقى ئۇنداق ئۆزئارا زىت نەرسىلەردىن ئەمەس ئىدى.

مۇئتەزىلەنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن بۇ ھادىسە مانا مۇشۇنداق ئەسلا مۇناسىۋەتسىز بولغان بىر كۆز قاراش پەرقى بىلەن بىر ئېقىمنىڭ چىقىشىنى پۈتۈنلەي ئىزاھلاپ بېرەلمەيدۇ. دېمىسىمۇ مۇئتەزىلە ھەسەن ئەلبەسرىنى ئۆزلىرىدىن دەپ قاراپ بۇ قاراشلارنى رەت قىلىشىدۇ. مۇخالىپلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا پىرقىلار ئۆزى سەۋەب بولغاندى. مۇئتەزىلەنىڭ ئىمامى جۇمھۇرنى تەمسىل قىلغان ھەسەن ئەلبەسرىنىڭ دەرس ھالقىسىدىن چىققان بولسا، ئەھلى سۈننەتنىڭ ئىمامى ئەلئەشئەرىنىڭ مۇئتەزىلە ھالقىسىدىن چىقىشى بۇنىڭ ئەك تىپىك ئۆرنىكىدۇر.

مۇئتەزىلەنىڭ چىقىشىغا بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق سەۋەبلەرنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ. بۇلاردىن بىرى، دىندا ھەددىدىن زىيادە ياخشىچاق بولۇشقا ئېغىشقان مۇرجىئە بىلەن بەك قاتتىق تۇرۇۋالغان خاۋارىجلار ئارىسىدا ئوتتۇراھال بىر يولنى تۇتۇش تىرىشچانلىقىدۇر. لېكىن مۇشۇنداق بىر قالايمىقانچىلىقتا ئوتتۇراھال بىر يولنى تېپىپ چىقىش قانچىلىك مۇمكىن بولاتتى دەيسىز؟ ئەلۋەتتە، مۇئتەزىلەنىڭ ئاقىۋىتى بۇ سوئالىمىزغا جاۋاب بولۇشقا يېتەرلىك.

ئۇلار خاۋارىجلاردەك «چوڭ گۇناھ قىلغانلار كاپىردۇر» ياكى مۇرجىئەدەك «گۇناھ ئىنسانغا زىيانلىق ئەمەس» دېمىدى. بۇ ئىككى ئېتىقادنىڭ ئوتتۇرىسىدىن «ئەلمەنزىلەتۇ بەينەل مەنزىلەيىن» (ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يەر) نى بەلگىلىدى.

مۇئتەزىلەنىڭ چىقىشىنى ھەزرىتى ھەسەننىڭ خەلىپىلىكتىن ۋازكېچىشىگىچە ئېلىپ بارىدىغانلارمۇ بار.

قايسى تەرەپتىن قارىساق قارايلى، بىر رېئاكسىيىچانلىق نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ گۇرۇپپا ئاستا - ئاستا تەشكىللىنىشكە باشلىغان «ھەدىسچىلەر»نى ئۆزىنىڭ قارشى قۇتۇپىدا كۆرىدۇ. تەبىئىي ھالدا نەقىلگە قارشى ئەقىلنى ئەۋزەل دەپ بىلگەن مۇئتەزىلە تالاش -

تارتىش سورۇنلىرىدا خەلق تۆت كۆزى بىلەن ئىزدەيدىغان كىشىلەرگە ئايلانغان ئىدى.

بۇ پىرقىنى «ئاقىلچىلار (دانالار)» پىرقىسى بولۇشتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئەقىلچىلەر (ئەقىلنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغۇچىلار) پىرقىسى قىلىپ قويغان پەرقلىق سەۋەبلەر بار. بۇلارنىڭ بېشىدا ئىسلام مەدىنىيىتىنىڭ باشقا مەدىنىيەتلەر بىلەن (پارس، يۇنان، ھىندى) توقۇنۇشى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان سوئاللار ۋە ئىتىرازلارغا جاۋاب بېرىش، ئەمەۋىلەرنىڭ دۆلەت سىياسىتىگە ئايلانغان ئەرەب ئىرقچىلىقىغا رەددىيە بېرىش ۋە كۆپ سانلىقنى ئەجەملەرنىڭ تەشكىل قىلىشى، خاۋارىج دوگماتىزمىنى رەت قىلىش ئۈچۈن ئەقىلنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش قاتارلىق سەۋەبلەر بولاردىن بىر قانچىسىدۇر.

بولۇپمۇ ئىسلامنى ئىچىدىن يىمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكنى ھەر خىل سوئاللارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئىسلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش نىيىتىنى ئۈچۈق - ئاشكارە نامايەن قىلغان زىندىقلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى سەپتە تۇرغانلىقنى كۆرگەن مۇئتەزىلە بۇ ۋەزىپىنى پەخىرلەنگەن ھالدا ئۈستىگە ئالدى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئەقىدىلىرىنىڭ ئاساسلىرىنىمۇ بېكىتتى. بۇلار بەش ئاساستۇر: قانداق بىر «ئاللاھ» سوئالىنىڭ جاۋابى بولغان تەۋھىد؛ سادىر قىلغان يامانلىقلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىنى قىلغانلىرىدىن جاۋابكارلىقتا تارتىلمايدۇ دەپ قارايدىغان جەبرىيەنى رەت قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئادل؛ جازا ۋە مۇكاپات ھەققىدە مۇرجىئەنى رەت قىلىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن ۋەد ۋە ۋەئىد؛ بۈيۈك گۇناھ قىلغانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى ھەققىدىكى ئەلمەنزىلەتۇ بەينەل مەنزىلەيىن ۋە ئىسلامنىڭ بۇزغۇنچىلىقتا ئۈچرىشىنى توسۇش ۋە خاۋارىجلار بىلەن مۇرجىئەلەرنى رەت قىلىش ئۈچۈن ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەر.

مۇئتەزىلەنىڭ قارىشىچە، ئىمام (يېتەكچى) مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن سايلىنىشى، ھەتتا كۆپچىلىكنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، ئېتتىپاق بىلەن سايلىنىشى كېرەك. ئىختىلاپ زامانلىرىدا ئىمام سايلاش جائىز ئەمەس. ئىمامەت شەرئىي پەرزىدۇر. ئىمامنىڭ بەلگىلىك بىر ئۇرۇقدىن (نەسەبتىن) بولۇش شەرتى يوقتۇر. ئۇنىڭ قۇرەيش ياكى ئەجەم بولۇشى مۇھىم ئەمەس. ئادىل ۋە شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولسا يېتەرلىك.

مۇئتەزىلە پاسىق ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشنى جائىز كۆرمەيدۇ. «ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەر» ئاساستۇر. ئادالەتتىن ئايرىلغان ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىش پەرزدۇر. ئەمما بۇ، شارائىت ۋە بىخەتەرلىكنىڭ ئورنىتىلىشىغا باغلىقتۇر دەيدۇ. خاۋارىجلار، مۇرجىئەلەر ۋە مۇئتەزىلىلەر تالاش - تارتىش قىلغان ئەڭ چوڭ تېما «گۇناھكار مۇسۇلماننىڭ ئەھۋالى» مەسىلىسىدۇر.

مۇئتەزىلەنىڭ ساھابىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارغا قارىتا پوزىتسىيىسى مۇجمەل. بۇ پىرقىگە تەۋە بولغان بەزى گۇرۇپپىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىغا تىل تەككۈزۈشتىن تەپ تارتمىغاندى. ئىسلام تارىخىدىكى ۋەقەلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسىدىكى رېئاكسىيىچانلىق ۋە قىڭغىرلىق ئۇلارنى ھەدىس ۋە ئىجمانى رەت قىلىشقا ئېلىپ بارغان.

بىر تەرەپتىن ھەدىس نامى قويۇلۇپ ھىمايە قىلىنغان قانۇن - نىزاملار (توقۇلمىلار)، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچىدە توقۇلما بار دەپ مەشھۇر ۋە سەھىھلىرى بىلەن قوشۇپ تەرك قىلىنىپ قۇتۇلۇشقا تەمشەلگەن قانۇن (شەرىئەت) مەنبەسىگە قارىتا ئىفرات ۋە تەفرىت، يەنى ئاشقۇنلۇق ۋە بېپەرۋالىق مەۋجۇت ئىدى. يەنى، بىر گۇرۇپپا داستىكى بالىغا داسنىڭ ئىچىدىكى پاسكىنا سۇ بىلەن قوشۇپ ئىگە بولغان بولسا، يەنە بىر گۇرۇپپا بالىنى داستىكى پاسكىنا سۇ بىلەن قوشۇپ بىراقلا تۆكىۋېتەتتى. يەنە بىر گۇرۇپپا (مۇرجىئە) ھەتتا ئەسرى سائادەتنىڭ مەشھۇر مۇناپىقلىرىنىمۇ «ساھابە» كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ

باتىل سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئەزىزلەشكە تىرىشقان بولسا، باشقا بىر گۇرۇپپا ھەتتا رەسۇلۇللاھنىڭ ھەقىقى ساھابىلىرىنىمۇ ئۇلار (مۇناپىقلار) بىلەن بىر كاتېگورىيىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارغا قوشۇپ ئەيىپلەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئورتاق كۆز قاراش (ئىجما)لىرىنى دەلىل ھېساپلىمايدىغان چۈشەنچە مەۋجۇت ئىدى.

بىر تەرەپتە رەسۇلۇللاھقا قىلىنغان تۆھمەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئالدى بىلەن توقۇپ چىقىپ، ئاندىن «دىن دېگەن مۇشۇ» دەپ ئېسىلىۋالىدىغان نەقىل خۇراپاتلىرى؛ يەنە بىر تەرەپتە سەلىم بىر قەلبنىڭ (ئەقىلنىڭ) مېۋىسى بولمىغان ۋە بىر - بىرىنى ئىناۋەتسىز قىلغان ئەقلى خۇراپىيلەر بار ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن تەقلىدنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ، ھەتتا تەپەككۇر قىلىشنىمۇ گۇناھ ھېساپلايدىغان رادىكال نەقلچى چۈشەنچە؛ يەنە بىر تەرەپتە ھۆر تەپەككۇر نامىدا قەتلى قىلىنغان ۋە قارلانغان مول تەجرىبە ۋە رادىكال ئەقلچى مەنتىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

## خۇلاسە

مۇكەممەل ۋە تاماملانغان بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئىسمى بولغان ئىسلام خىلاپەتنىڭ سەلتەنەتكە ئۆزگىرىپ كېتىشى بىلەن پارچىلانغاندىن كېيىن، مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان مەنزىرە ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن جېدەللەشكەن، بىر - بىرىنى كاپىر دېگەن، قانلىق غەۋغالارغا كىرىشكەن، ئۆزلۈكسىز بۆلۈنۈشلەر بىلەن ئېغىر ئېمتىھانغا دۇچ كەلگەن ئۈممەتنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يا بۇ جېدەللەردىن بىخەۋەر ياكى شەرت - شارائىت سەۋەبىدىن راشىد خەلىپىلەر سىزىپ بەرگەن يول بىلەن ئېتىقاد قىلىپ مېڭىۋەرگەن. ئەمما

بۇلار مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىش بىلەن بىرگە جەمئىيەتنىڭ ئادەتتىكى كىشىلىرى ئىدى. بارلىق توپلۇملاردا مەيدانغا كەلگەن ئەمەل، پىكىر ۋە ئەقىدىۋى بوران - چاپقۇنلاردا بۇ گۇرۇپپا دائىم ئوتتۇرىدا تۇرۇپ كەلگەن. بارلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەركىزىدە غوللۇق كىشىلەر ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇ غول ئېقىم جەمئىيەتنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلغان مۇتلەق كۆپ سانلىقنى قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلىگەن بولسا شۇنچىلىك نىسبەتتە مەقسىتىگە يەتكەن ئىدى. مەزكۇر ئىختىلاپلاردىمۇ بۇ قانۇنىيەت ئۆزىنى نامايەن قىلغانىدى. مەزكۇر تالاش - تارتىشلار مەدىنە، كۇفە، شام، بەسرەگە ئوخشاش ئىلىم مەركەزلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، كۆز قاراشلار ۋە رەددىيەلەر، ئىنقىلابلار ۋە ئۇنىڭ مۇخالىپلىرى ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇنداق مەركەزلەردە تۇغۇلغان ئىدى.

مۇشۇنداق بىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ھەر قانداق بىر شەيئى خۇددى ئاتومغا ئوخشاش ئىچىدىن پارچىلىنىشقا تەييار ئىدى. ئاخشام ئوخشاش چۈشەنچىدە بولغان، بىر سەپتە كۈرەش قىلغان ئىنسانلار بىر قارىسىڭىز كىچىككىنە بىر ئىختىلاپ سەۋەبىدىن ئەتىسى پارچىلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەستىن بۇ كىچىك ئىختىلاپلار چوڭىيىغان ۋە رەسمىي رەقىب بولۇپ شەكىللەنگەن؛ تۈنۈگۈن كىملەرگىدۇ قارشى بىر سەپتە كۈرەش قىلغان ئىنسانلار بۈگۈن بىر - بىرىگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى.

سىففىندە نەيزىلەرنىڭ ئۇچىغا قادالغان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ قانداق كارغا كېلىدىغانلىقىنى كۆرگەن قارىمۇ - قارشى گۇرۇپپىلار بىر - بىرىگە قارشى ئوخشاش ئۇسلۇبنى قوللىنىپ غالىپلاردىن بولۇشقا تىرىشقان. تىلغا ئايەتنى ئېلىۋالغانلار «سەللى سەيف (تىغ ئۇزىتىش)» ئورنىدا ئىشلەتكەنىدى. بەزىلىرى ئايەت بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، ئۇنىڭغا قوشۇپ قانۇنلاردىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلىشقان.

ئەسلىدە كۆپىنچىسى ياخشى نىيەتلەر بىلەن يولغا چىققان پىرقىلەر قارىغۇلارچە ئەگىشىشنىڭ تەسىرى بىلەن قىسقا مۇددەت ئىچىدە بىر - بىرىگە دۈشمەن قۇتۇپلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. پىرقىلەرنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارالغان كىشىلەرمۇ ئۆزلىرى قۇردۇم دەپ ئويلىغان پىرقىلىرىنى تونۇيالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان، ياخشى نىيەت بىلەن ئاتلانغان ھەرىكەتنىڭ قانداق قىلىپ ئەسلى مەقسەتتىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىمۇ گاڭگىراپ قالغانىدى، بەلكىم. ئوخشاش ئېقىمدىكى كىشىلەر بىر - بىرىنى ھەتتا ئېقىمنىڭ قۇرغۇچىسىنى كاپىر دېيىشتىن تەپ تارتمىغانىدى.

تارىخنىڭ بۇ تىلسىمىغا قارىغان ۋاقتىمىزدا، ھەر ۋاقىت كۆرۈلگەن خاتالىقنى سادىر قىلىشنى خالىمايمىز. پىرقىلەرنى بىرەر تارىخى ھادىسە دەپ قاراپ ئۆتۈشكەندىن ئىبرەت ئېلىش ۋە ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ تەجرىبە خەزىنىسىگە قوشۇشنىڭ ئورنىغا تولىسى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، مەنسۇپلىرى قالمىغان پىرقىلەر ۋە ئىنسانلارغا نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن تاش ئېتىش، بۇنى قىلغاندىمۇ ئۈممەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ئەمەس، مەزھىپىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىش توغرا بىر ئۇسلۇب بولمىسا كېرەك. ئەگەر تەنقىد قىلىنىدىغان بولسا، بۈگۈنكى ئۈممەت ئۈچۈن خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان چۈشەنچىلەر ۋە ئېقىملار تەنقىد قىلىنىشى، تەنقىد قىلغان ۋاقتىمىزدا ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنىڭ تەتۈرسىنى قىلىشتەك ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىسلامى ھەرىكەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇشىمىز، تەنقىد قىلغاندا ئادىل ۋە ھېسسىياتتىن خالىي ھالدا ئېغىر بېسىق بولۇشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

ئۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ئېقىملارنىڭ ھېچقانداق ياخشى تەرىپى يوقمىدى زادى دەپ سورالغاندا، بۇنىڭغا «يوقتى» دېيىش، دەسلەپكى ۋەقەلەر يۈز بەرگەن دەۋر ۋە ئۇ دەۋردە ياشىغان نەسلىنىڭ

ئىسلامنىڭ دۇنياغا كېلىش تارىخىدىكى ئۆزگىچە ئورنىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقتۇر.

مەيلى شىئە مەيلى مۇرجىئە، مۇئتەزىلە ياكى خاۋارىجىيە بولسۇن، بۇلارنىڭ دەسلەپكى ئانا ئېقىملىرى زامان ئېتىبارى بىلەن ھىجرى بىرىنچى ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان ۋەقەلەر باشقا بىر رايوندا مەيدانغا كېلىپ، كېيىن ئىسلام جەمئىيىتىگە ئېلىپ كېلىنگەن ئەمەس. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر - كۆپتۇر ئەسىرى سائادەتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلات (ساھابە، تابىئىن، تەبەئۇتتابىئىن) كىشىلىرى تەبىئىي ھالدا بار ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە چۈشىنىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە بۇ ئىنسانلارمۇ بارلىق ئىنسانلار توپىغا ئوخشاش «ئىنسانلىق»نى قىلغان ئىدى.

ئىسلامنىڭ مۇكەممەل بىر پۈتۈنلىكى پارچىلانغاندىن كېيىن ھەر پىرقە ھەقىقەتنىڭ بىر پارچىسىنى قوللىرىغا ئالغان ئىدى. مەسىلەن، شىئەلەر تەۋرەپ قالغان ئادالەتنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بولسا، مۇرجىئەلەر يوقاپ كەتكەن مېھرى - مۇھەببەت مۇھىتىنى قايتىدىن بەرپا قىلىش ئۈچۈن «ئىمان سۆيگۈدۇر» دەپ ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى. خاۋارىجلار مۇرجىئەنىڭ باتىنىيلىكىگە جاۋابەن غايىپ بولغان «ئەمەل»نى ئۇلۇغلايمەن دەپ ئۇنى ئىلاھلاشتۇرىۋالغان. مۇئتەزىلە بولسا «ناس» تىجارىتى بىلەن يانچۇقىنى تولىغان ۋە ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەرنى پىتنە سانايدىغان مەجرۇھ چۈشەنچىگە قارشى ئەقىلنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ زىندىقلارغا قارشى تەۋھىدنى، زالىم ھاكىمىيەتكە قارشى ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەرنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ئىدى.

«جەھەننەمگە بارىدىغان يوللار ياخشى نىيەت تاشلىرى بىلەن بېزەلگەن» دېگۈچى ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئېيتقان ئىكەن. بۇ ھەقىقەت پارچىلىرى بەزى پىرقىلەرنىڭ ئاشقۇنلۇقىنى توسىيالمىغان. پارچىلانغان

ھەقىقەت ھەقىقەت بولۇشتىن چىقىپ، ساھىبىنىڭ قولىدا ھەقىقەتنى قەتلى قىلىدىغان بىر ۋاستىگە ئايلانغان ئىدى. مەسىلەن، مىھرى - مۇھەببەت ھەقىقىتىنى تىلىدىن چۈشۈرمەيدىغان مۇرجىئە ۋىزانتىيەنىڭ دۆلەتنىڭ دىنغا ئارلىشىۋېلىش ئەنئەنىسىنى تونجى بولۇپ ئىسلامغا سۆرەپ كىرگەن پىرقە ئىدى. مۇرجىئە نەچچە ئەسىردىن بۇيان تالاش - تارتىش قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە پىداكار ئىنسانلارنىڭ ئۆمۈرلۈك غەيرىتى بىلەن ئەسلى سۈزۈكلىكىگە قايتۇرۇلۇشقا ئىنتىلىۋاتقان ھەدىس ئېقىنىنى بۇلغاش بىلەن بۇگۈن يىلتىزى قۇرۇپ كەتكەن خاۋارىجلاردىنمۇ بەكرەك ئېغىر ۋە ئىزى ئۆچمەس زىيان يەتكۈزگەن ئىدى. ھەر دەۋر ۋە ھەر توپلۇمدا بۇ ئېقىملار بىلەن ئوخشاش چۈشەنچىگە ئىگەن ئىنسانلارنىڭ چىقىشى تەبىئىي بىر ئەھۋال. بۇ ئەسىرى سائادەتتىمۇ بولغان. خاۋارىج رەئىسى ئابدۇللاھ بىن زىلھۇۋەيسىرا بۇنىڭغا بىر ئۆرنەكتۇر. بۇ قىسمەن ۋە يالغۇز ئۆرنەكلەردىن يولغا چىقىپ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىسەك توغرا بولماس. لېكىن، بۇ ئەقىدە شەكىللىرى تەشكىللىك ۋە گۇرۇپپىلاشقان ئەھۋال ئاستىدا ئىش ئۆزگەرمەكتە. بولۇپمۇ قولىدا دۆلەت كۈچىمۇ مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، بۇ ئۇمۇمىيۈزلۈك بىر ئېزىش دېگەنلىكتۇر. زامانىۋى مۇرجىئەنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

شۇنداق، ھىجرى بىرىنجى ئەسىرنىڭ سىياسى، ئېتىقادى ۋە فىقھى مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن ۋاقتىمىزدا، ئىچىدىن چىقالمايدىغان بۇ مالىمانچىلىقتا، بىرسىنىڭ چىقىپ پارچىلانغان ھەقىقەتنى پۈتۈنلەشتۈرىشى ۋە مۇۋازىنىتىنى يوقاتمىغان تۇنجى ئۆرنەككە ئۇيغۇن بىر ئېقىم شەكىللەندۈرىشى كېرەك ئىدى.

بۇ شۇنداق بىر مۇئامىلە بولۇشى كېرەككى، ئېزىلگەن مەزلۇملارنى ھىمايە قىلغاندا ئۆزى ئەمەل، سۆز ۋە پىكرى جەھەتتىن بىر زۇلۇم سادىر قىلىپ سالماسلىقى، باشباشتاقلىق ۋە ياكى ئادىل ھاكىمىيەتسىزلىكنى

رەت قىلغان ۋاقىتتا، مەۋجۇت ھاكىمىيەت ۋە تۈزۈمنى ھىمايە قىلغۇچىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى، ئەقلىنى مۇرجىئەگە ئوخشاش قەلبىگە ياكى قەلبىنى مۇئتەزىلە كەبى ئەقىلگە ۋە ياكى خاۋارىجلار كەبى ھەر ئىككىسىنى سۆز ۋە بىلەك (قورال، كۈچ)كە قۇربان قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدى.

بۇ پوزىتسىيىنى سىستېمىلاشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، ئۇنى ھاياتىدا نامايەن قىلغانلاردىن بىرى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەدۇر.

ئۇ، ئىختىلاپلارنىڭ باشلانغۇچىدىن تارتىپ ئۆزى ياشىغان دەۋرگىچە بولغان زاماندا ئۇسلۇبى ئۆرنەك ئېلىنىپ، ھاياتى ئۆرنەك ئېلىنمىغان «جۇمھۇر ئۆلىما»نىڭ چۈشەنچىسىنى توپلاپ رەتلىدى ۋە ھاياتى بىلەن ئۆرنەك بولدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەلۋەتتە بۇ ھەقتە ئويلانغان، يازغان، ياشىغان كىشىلەر بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. لېكىن بۇلار يالغۇز قالغان ۋە بۇ ئوتتۇراھال يول بىر خىل ئۇسلۇب بىلەن ئۆرنەكلىك ھالغا كەلتۈرۈلمىگەن ئىدى. ھەم سىياسەتتە ھەم فىقھىتا ئىمام بولغان ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھاياتى ۋە كۆز قاراشلىرى ئۆزىنى ئۇنىڭغا نىسبەت قىلغان زامانىمىزدىكى ئالىملارنىڭ تەسلىمىيەتچى پوزىتسىيىلىرى ئالدىدا تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشنىڭ پايدىسى بار دەپ قارايمەن. ئىسلام تارىخىدا ھەر خىل چۈشەنچىلەرگە كۆپلىگەن ئۆرنەكلەر تېپىلىشى مۇمكىن. تارىختىن ئۇنىڭ ئۆرنىكىنى تاپقانلىق ئۇنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىشكە سەۋەب بولالمايدۇ. ئەسلى مۇھىم بولغىنى ئۇلار ئىچىدىن يوللۇق بولغانلىرىنى ئېلىشتۇر. تارىخىمىز پەقەت خائىنلاردىن، ئەخمەقلەردىن، نادانلاردىن، زالىملاردىن ۋە خارلانغانلاردىنلا تەشكىل تاپقىنى يوق. بۇ تارىخنىڭ نەبەۋى يولىنى تەمسىل قىلغان سادىقلار، شېھىتلەر، مۇجاھىد ۋە مۇتتەقى ئالىملىرى ئىززەت بىلەن ئۆلۈشنى خارلىق ئىچىدە ياشاشتىن ئەلا بىلگەن ئېسىل ئىنسانلىرىمۇ بار.

# ئىككىنچى باب ئىمام ئەبۇ ھەنىفە

## تارىخى ۋە بىز

### تارىخقا ئايلانغان ئەقىدە ۋە ئەقىدىگە ئايلانغان تارىخ

تارىخچىلارنىڭ مۇنداق بىر ھۆكۈمى بار: تارىخ ئىلىملەرنىڭ ئانىسىدۇر. بىز مۇسۇلمانلار بىلىم، مەدەنىيەت ۋە سىياسەتنىڭمۇ دىنامىكى بولغان تارىخقا قارىتا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەلىدۇق دېيەلمەيمىز. بۈگۈنىمىزنى ياشايلى، رېئال ئەھۋالىمىزدىن ياخشى پايدىلىنايلى دەيمىز. بۇلار ئۆتمۈشىمىزدىن بىخەۋەر يۈرىشىمىزگە سەۋەب بولالمايدۇ. ئۆتمۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش تېخىمۇ تېزرەك ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ئارقىمىزغا بىر قەدەم چېكىنىش دېگەنلىكتۇر. مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىنى مۇھىم دەپ بىلگەن ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۆتمۈشىمىز ۋە كېلەچىكىمىز ھايات دەپ ئاتالغان «سىرات»نىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەستايىدىل ئىنسانلار يىلتىزى يوق ۋە ئاساسسىز بىلىم بىلەن ئەمەس، ساغلام مەنبەلەرگە تايانغان ساغلام بىلىم بىلەن يېتىشىپ چىقىدۇ.

تارىخ بەزىلەر ئۈچۈن سېغىنىش تۇيغۇلىرى تەسەللى تاپىدىغان خۇشاللىق نەسەپ شەجەرىسىدۇر. بۇ قاراش بىلەن قارىغاندا، ئۇ دائىم «شان - شەرەپلىك» تارىختۇر. ئويغاق تۇرۇپ تاتلىق چۈش كۆرۈشنى خالىغانلار ھازىر ئۆزى تورۇۋاتقان زاماننىڭ مۇۋاپىق بىر يېرىدىن ئاتىنىڭ كىشنەشلىرى ۋە تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازلىرى بېزەلگەن بۇ شانلىق زامان تونىلىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەۋج ئالغان سېغىنىشلىرىنى، ئاچ قالغان تۇيغۇلىرىنى مۇشۇنداق بىر ئۇسۇلدا تەسەللىي تاپقۇزىدۇ. «ئەقىدىگە

ئايلانغان تارىخ» ئۇقۇمى بىر ئۇچى تارىخپەرەستلىككە تۇتىۇشىدىغان بۇ پوزىتسىيەنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

بۇ چۈشەنچىدە شانلىق تارىخنى بىلىشلا يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەك. ئۇنى ئىلغاش، تەنقىدلەش، تاسقاش، تەھلىل قىلىش جائىز ئەمەس. كۆڭلىمىزنى غەش قىلىدىغان سەھىپىلەرنى جىلۋەئىي رەببانىي دەپ قاراش، پەقەت بولمىسا تەئۋىل قىلىش بۇلارنىڭ ئۇسلۇبىدۇر. بۇ چۈشەنچىدىكىلەرنىڭ مەقسىدى «تارىخنى ھاياتنىڭ ئىچىدە ئوقۇش» ئەمەس، ھاياتنى تارىخقا ئايلاندۇرۇش، ئۇنىڭغا چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەسلىك تونىنى كىيگۈزۈشتۇر.

بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بىر قاراشمۇ ئەڭ ئاز بۇ چۈشەنچىگە ئوخشاش مەجرۇھتۇر. بۇ قاراش - تارىخقا ئايلانغان ئەقىدە... ئىمانىنى ھاياتقا ھاكىم قىلىدىغان تىرىشچانلىقنى كۆرسىتەلمىگەنلەر ئۇنى موزېيخانىغا قويۇلىدىغان بىر بويۇمغا ئوخشاش تارىخقا ئايلاندۇرۇپ قويۇش يولىنى تۇتماقتا. ھاياتنى تارىخقا ئايلاندۇرۇپ قويغان بىرسىگە تارىختىن ئىبارەت قەدىم جانلىق نېمە بېرەلەيدۇ دەيسىز؟ بۇنداق بىرسىنىڭ ۋەقەلەرگە ۋە شەخسلەرگە نەزەر سالغان ۋاقتىكى تۇرقى رەھمەتلىك دادىسىدىن قالغان تەۋەررۈككە قاراپ ئىچى سىيرىلغان ئادەمدىن پەرقى يوق.

بىر مۇسۇلمان تارىخقا يۇقىرىدىكىلەردىن پەرقلىق نۇقتئىينەزەر بىلەن قارايدۇ. ئۇ بەزىدە ئىلىم ۋە ئىبرەتلەر كۆرگەزمىسى بولۇشتىن ھالقىپ، بىر ئەقىدىگە ئايلىنىدۇ. تارىخ باغرىدىن قۇرئانى كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھنى چىقىرىپ سىزگە ئۇزاتسا، ئۇنىڭ ئىمانىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىسىز. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ «ئەساتىرۇن ئەۋۋەلىن (ئاۋۋالقىلارنىڭ ھېكايىلىرى)» ئەمەس، بىر ئېتىقاد نازىمىغا ئايلىنىدۇ.

جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئەجداتپەرەستلىرى بىلەن زامانىمىزدىكى ئەجداتپەرەستلەرنىڭ ئورتاق بىر ھۇجۇم ئۇسلۇبى بار: ئىسلامى

قىممەتلەرنى زاماننىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچرىماي تارىختىي بىر ۋەقە سۈپىتىدە كۆرستىش. زامان چەكلىمىسىدىن خالىي ھالدا ئىلاھىي سۆزنى مەلۇم بىر دەۋرگە مەھكۇم قىلىپ قويۇش. يەنى ھەر دەۋرگە خىتاپ بولغان ئىلاھىي سۆز ئىسلامنى ئۆز دەۋرىدىن چەتكە قېقىش. تارىخ ئېڭىدىن خالىي مۇسۇلمانلار بىرىنچىدىن ئۆتمۈشكە كۆڭۈل بۆلمەسلىك؛ ئىككىنچىدىن، ئىسلامنىڭ ئەسىرى سائادەت دەۋرىنى شۇ دەۋر ئىنسانلىرىغا خاس ئالاھىدە، پەۋقۇلئاددە بىر نۇقتىغا يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە ئۇلارنىڭ بۇ جىنايەتلىرىگە شېرىك بولماقتا.

# تارىخ ۋە ئەمەل

تارىخنىڭ ئەقىدىمىزگە تېما بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدىم. بۇ، ئەقىدىنىڭ تارىخقا ئايلىنىشى ياكى تارىخنىڭ ئەقىدە تۈسىنى ئېلىشىدىن پەرقلىق بىر ئىش. بۇ «ئەقىدىنىڭ تارىخىيلىققا ئىگە بولۇشى»دۇر. زامان ئەقىدىمىزگە تېما بولىدۇ - يۇ، ئەمەللىرىمىزنىڭ تېمىسى بولماي قالارمۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى «شۇنداق» ۋە «نېمە ئۈچۈن؟»نىڭ مەزھەپ تېمىسىدا جاۋابىنى تاپىدۇ.

مەزھەپلەرنىڭ فىقھى ئېقىملىرى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقان ۋاقتىمىزدا، بۇلارنى فىقھتىن ئايرىپ تەھلىل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەزھەپلەر ئىسلام فىقھىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن كېلىپ چىققان دىنامىزمىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. بەك ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۈنىمىزدە ئىسلام فىقھىنىڭ دىنامىزمىنى تەمسىل قىلغان مەزھەپلەر ئۆز مەنسۇپلىرىنىڭ نادانلىقى ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئىسلام فىقھىنىڭ جانلىقلىقىنى تەمسىل قىلىشتىن قەدەممۇ - قەدەم

يىراقلاشتۇرۇلۇپ، ماھىيىتىدىن يىراق بىر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. تېمىمىز مەزھەپلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ تېمىدا توختالمايمىز.

فىقھىنىڭ ئېنىقلىمىسىدىن بىرسى، كىشىنىڭ پايدىسىغا ياكى زىيىنىغا بولغانلارنى دەلىللىرى بىلەن بىلىشىدۇر. بۇ كىلاسسىك ئىزاھاتتىن يولغا چىقىدىغان بولساق، فىقھىنىڭ پەقەت ئىلمىي قائىدىلەردىن بىر قائىدە بولماستىن، بەلكى بىر ھايات، تېخىمۇ ئومۇملاشقان ئىسمى بىلەن ئېيتقاندا، بىر ھال ئىلمى (ئىلمىي ھال) ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بىر مۇئمىن ئۈچۈن «ئىلمى ھال» ھايات بىلەن خۇددى گۆش ۋە تىرناققا ئوخشاش بىر - بىرىگە زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ھاياتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ھالىتىمىز (ئىش - ھەرىكىتىمىز)نىڭ ئىلمىدىن خەۋەردار بولۇش ھەر مۇئمىنگە پەرز ئەيندۇر. تارىخ بولسا ھالىمىزنى تەرتىپكە سالغان ئاساسلار ۋە پىرىنسىپلار ئېقىپ ئۆتكەن بىردىنبىر مەنبەدۇر. مەزھەپ ئىماملىرى بۇ پىرىنسىپلارنى بىز ئۈچۈن تەرتىپكە سېلىپ چىققان ئەمگەكچان يېتەكچىلەردۇر. مەنسۇپى بولغان مۇددەتكىچە ھاياتىمىز بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ يېتەكچىلەرنى تونۇش ۋە تونۇشتۇرۇش بىزلەر ئۈچۈن باش تارتىپ بولغىلى بولمايدىغان ۋەزىپىدۇر.

مەزھەپ ھادىسىسى بىلەن گىرەلىشىپ بىرگە ياشاۋاتقانلىقىمىز بىر ھەقىقەت. بۇ ھادىسە ئىسلام جۇغراپىيىسىدە دۇنياۋى ئىسلام ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كەلدى. دىنىنى ئۇنتۇپ قالاي دەپ قالغان كىشىلەر بۇ ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە «مەزھەپ»لەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى قايتىدىن ئېسىگە ئالدى. بىر مەزھەپ مەنسۇپى ئىكەنلىكىنى بۇنچە ئۇزۇن زاماندىن كېيىن ھېس قىلدۇرىدىغان ئەھۋاللار مەيدانغا كەلدى.

دەۋرىمىزدىكى مەزھەپ تالاش - تارتىشلىرىنىڭ بىردىنبىر پايدىسى بۇ بولسا كېرەك. گەرچە دىنى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلەي دەپ قالغان بىر

توپلۇمدىن مەزھەپلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشنى كۆتكىلى بولمايدۇ. دىن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق كىشىلەرنىڭ مەزھەپلەرگە قارىتا تۇتقان رىياكار ھوشيارلىقلىرىنىڭ تېگىدە ئۆزۈم يېيىش ئەمەس، باغۋەننى دۇمبالاشتىن ئىبارەت قارا نىيەت ياتماقتا.

نۇرغۇنلىغان تېمىلاردا بولغاندەك مۇۋازىنەتسىزلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن مەسىلىلەردىن يەنە بىرسى مەزھەپتۇر. بۇ، تارىختىكى باشقا قىلغىر چۈشەنچىلەرگە ئوخشاش بۈگۈنكى كۈنىمىزدىمۇ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر. مەقسىتىمىز 1300 يىلدىن بېرى ئىتىلىشكە باشلىغان يارىمىزنى قاشلاپ قانىتىش ئەمەس، بۇنداق بولماسلىقى كېرەك. شۇنداقتىمۇ توغرا بولمىغان قاراشلارغىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرۇش ۋەزىپىمىزدۇر. ئىمام ئەزەم ھەققىدىكى بۇ تەتقىقاتتا، بۇ تېما ھەققىدە بىر قانچە جۈملە بىلەن مەسىلىەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئەملىيەتچانلىق نۇقتىسىدىن پايدىلىق دەپ قارايمىز.

## ئاشقۇنلۇق ۋە بىپەرۋالىق ئارىسىدا

مەزھەپ ھەققىدىكى ئاشقۇن پوزىتسىيەنىڭ ئايرىمچىلىق ئالاھىدىلىكى بولسا مەزھەپداشلىقنى دىنداشلىقنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش، مەزھەپ مەستانىلىقنى دىنغا بولغان مەنسۇپلۇقتىن ئۈستۈن تۇتۇشتۇر. كىشىلەرنىڭ مەزھەپ مەستانىلىقى بولسا شەرئى چەك - چېگرالاردىن ھالقىپ «مەن ھەق تەرەپتە» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ھەق مەندە» دېيىشكە جۈرئەت قىلىشىدۇر. بۇ ئاشقۇن پوزىتسىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولسا گەرچە ياقتۇرمىساقمۇ «مەزھەپچىلىك» قىلىش بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا مەزھەپ ئەگىشىپ ماڭىدىغان بىر فىقھى ئېقىمى بولۇشتىن چىقىپ تەزگاھ (يايما تاختىسى)تا بازارغا سېلىنىدىغان، ئىستېمالغا قولاي بىر تاۋارغا ئايلىنىدۇ. كىشىنىڭ مەنسۇپ بولغان مەزھىپىگە بۇنىڭدىنمۇ

چوڭراق بىر ھاقارەت قىلالايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ يېتەلمەيمەن. بىر نان ساتقۇچىنىڭ تەزگاھىغا بولغان قارىشى بىلەن مۇنداق بىرىنىڭ مەزھىپىگە بولغان تونۇشىنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق.

بۇ نۇقتىدا (ئاللاھ كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن) دەۋرىمىزگە ئۇستازلىق قىلغانلارنىڭ سەلبىي پوزىتسىيىسىنىڭ تېگىشلىك ئۈلۈشىنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەك.

كۆپىنچىسى زامانىمىزدا ياشاۋاتقان ئىسلام ئالىملىرىمىزغا بولمىغۇر ئىسىملارنى قويۇپ، ئۇلارغا يوق نەرسىلەر بىلەن تۆھمەت چاپلاپ، ياشلارغا نىشان تاختىسى قىلىپ كۆرسىتىپ، خەلقىگە ئەجرى سىڭگەن، ئىسلامنىڭ ئىلىم ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئۇنتۇلماس تۆھپىلەرنى قوشقان بۇ ئىنسانلارنى بىر بۇزغۇنچى، مەزھەپسىز، ھەتتا مەزھەپ دۈشمىنى دەپ تەسۋىرلەش ۋە سۈپەتلەش بۇ مۆھتەرەم ئۇستازلاردىن بىزگە قېپقالغان تېتىقسىز مىراس بولۇپ قالدى. بۇنىڭ قالدۇرغان ئەڭ بۈيۈك يارىسى ئىلىمگە ۋە كەسپكە ھۆرمەتنىڭ يوقىلىشىدۇر.

بىر نەرسىلەرنى «مۇھاپىزەت» قىلىمەن دەپ يولغا چىققان بۇ ئىنسانلار بىلىپ - بىلمەي ئۆزى دەسسىگەن شاخقا پالتا چاپقان بولۇپ، «ئىلىمگە ۋە كەسپكە ھۆرمەت» مانا بۇ شاخنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بىر نەسلگە نەسىھەت قىلىش ماقامىغا ئىگە بولغانلار بۇ يامان چىغىر يوللارنى ئېچىش بىلەن تەڭ ئۆزلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان پوزىتسىيىگە قايتىدىن يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولغان ھەر كىم ئۇ يوچۇقتىن كىرىشكە باشلىدى. ھەددىن ئېشىش پەقەت ئۇستازلارغىلا خاس ئەمەس ئىدى. بۇ مەسىلىدە شاگىرتلار ئۇستازلاردىن بەكرەك جەسۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى ۋە ئۇستازلىرىمۇ نېسىۋىسىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ چىغىر يولنى ئاچقانلارمۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئۆزلىرى باش بولۇپ ئاچقان بۇ يامان يولنى ئوڭشاشقا ياندىشىماستىن بەزىلەر بۇ

دۇنيادىن كۆچتى. ئوتتۇرىدا ھېچنېمە قالمىغانىدى. ھەركىم خالىغىنىنى «تەنقىدلەش» نامى بىلەن سۇپۇرۇپ تاشلىيالايتتى.

ھەر بىر ئاشقۇنلۇق بىر بىپەرۋالىقنىڭ ھارامدىن تاپقان بالىسىدۇر. بۇ مەزھەپ مەسىلىسىدىمۇ مۇشۇنداق بولىدى. ئۆزلىرىنى مەزھەپنى قوغدىغۇچى ماقامىدا كۆرگەن ئىنسانلار ئىسلام مەدەنىيەت مىراسىغا مۇھىم تۆھپىلىرى سىڭگەن بەزى كونا - يېڭى ئۆلىمالارنى ساپاسىزلارچە ۋە بىپەرۋالىق بىلەن «مەزھەپسىزلىك» گۇناھىغا نىشان قىلغان ۋاقتىدا، بۇنىڭغا قارىتا بېرىلگەن ئىنكاسلارمۇ ئوخشاش خىلدىن بولدى.

ئالىلىبۇرۇن ھەددىدىن ئېشىپ، چېگرالار يېمىرىلىپ تاشلانغانىدى. كەسپىنىڭ سىرتىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدە سۆز قىلىش ئاجايىپ مودا بولغان بولۇپ، «لاياقەت» دەيدىغان بىر ئۆلچەم ئالىلىبۇرۇن ئۇنتۇلغان ئىدى. ئاۋام تەتۈر تەشۋىقاتقا ئىشىنىشكە تېخىمۇ يېقىن ھالغان كەلتۈرۈلگەن، بۇ ھەقتىكى سەزگۈرلىكى قارىغۇلارچە مەستانىلىقنىڭ قۇربانى قىلىنغان ئىدى. بۇ ھالەتنى بىر كەلىمە ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بېرىدۇ: «سۇپۇرۇپ تاشلاش».

ئۇستازلارنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى شاگىرتلىرىغا ئۆتكەندە ئەھۋال تېخىمۇ ۋەھىمىلىك بولدى. تۇغۇپ قويغان ئاشقۇن مۇئامىلىنىڭ قولىغا سۇپۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت بىر قىلىچنى تۇتقۇزغان «بىپەرۋا مۇئامىلە» نەتىجىسىنىڭ بۇ قەدەر قورقۇنچلۇق نۇقتىلارغا بارىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. ئۆزلىرىنى «ياشلارنىڭ مېمارلىرى» ئورنىدا كۆرگەنلەر پۈتۈن گۇناھنى سىرتتىن كەلگەن ئەڭ كىچىك تەسىرگە دەرھاللا ئىنكاس قايتۇرىدىغان ئۆلىسىز بىنادىن ئىزدىمەي، بۇ چۈرۈپ كەتكەن بىنانى لىگشىتقان شامالاردىن ئىزدىدى. بۇ سەۋەبتىن تەرجىمە ئەسەرلەرگە قارشى مەناسىز بىر جەڭ ئېلان قىلغاندەك يەرلىك بولمىغان ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلارغا ياخشى كۆزدە قارىمىدى.

قۇياشنىڭ زىيانلىق نۇرلىرىنى سۈزۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ ئورنىغا قۇياشنى ئەيىپلەشكە، توسۇشقا ئورۇنغان بۇ پوزىتسىيە ئەبەدىي داۋام قىلالمايتتى، ئەلۋەتتە. مۇسۇلمان ئامما بىلەن ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت مىراسى ئارىسىغا سېلىنغان سۈنئىي تاملار بارلىق تىرىشچانلىقلارغا قارىماي پۇت دەسسەپ تۇرالماي بىر يەرلەردىن يېقىلىشقا باشلىدى. بۇ بىر ئىلگىرىلەش ئىدى. ئەمما ئانچە ساغلام دەپمۇ كەتكىلى بولمايتتى. بۇ قېتىم تەييارلىقسىز ئۇچرىغان بۇ زەربىنى سىڭدۈرەلمەسلىك باش كۆتۈرۈپ چىقتى. تەڭپۇڭسىزلىق قارشى قۇتۇپتا ئۆزىگە بىر دۈشمەن قېرىنداش تېپىۋالغانىدى.

بارلىق بۇ «مۇتەئەسسىپ» مۇئامىلىلەر يېڭى بىر دولقۇنغا سەۋەب بولغان ئىدى. بۇ دولقۇننىڭ ياش مەنسۇپلىرى «دىن» ئىسىملىك بۇ قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك يولنىڭ قولىدا چوغ تۇتقان يولۇچىسى بولۇش لاياقىتى ئىچىدە، ئالدىدىكىلەرگە يېتىشىۋېلىشنىڭ نەقەدەر جاپالىق ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئەرزان ۋە ئاسان بىر يولنى كەشىپ قىلغان ئىدى: لاياقىتى بىلەن ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەن يولدىكى مەۋجۇدىيىتىنى جىنايىتى بىلەن ئىسپاتلاش... يەنى تىلىنىڭ ئۆتكۈر بىسى بىلەن ئۆزىدىن بۇرۇن يولغا ئاتلانغانلارنى تەلتۆكۈس سۈپۈرۈپ تاشلاش. قەھرىمانىمىزنىڭ تۇنجى قۇربانلىرى ئەڭ ئاخىرقى ئالىملىرىمىز بولۇپ، ئارقىدىن چېكىنىش ۋە تۇرغۇنلۇققا يۈز تۇتقان دەۋرلەرنىڭ بارلىق مىراسلار سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ، نۆۋەت مۇجتەھىد ئالىملارغا كېلەتتى. ئۇلارمۇ تازىلانغاندىن كېيىن، سەدرى ئىسلامدىكى ئۈچ ئەۋلات ئالدىغا چىقاتتى. يەرلىك ۋە چەتئەللىك مۇستەشرىقلارنىڭ (شەرقشۇناسلارنىڭ) ياردىمى بىلەن ئۇلارمۇ سۈپۈرۈپ تاشلانغاندىن كېيىن، يولدا پەقەت رەسۇلۇللاھ (سۈننەت) ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قەھرىمانىمىز قالغان ئىدى. ئەگەر جۈرئىتى ئۇنىمۇ يولدىن تازىلاشقا يەتكۈدەك دەرىجىدە تولۇپ - تاشقان بولسا، مۇرادىغا

يېتىشنىڭ بەرگەن تەسىرى بىلەن ئەمدى قىلالايدىغان ئىش ئېنىق ئىدى: يا يولنى تەرك ئېتىپ، ئۆزىگە تازلايدىغان باشقا يوللارنى تېپىش، ياكى بولمىسا جىنايەت قورالىنى ئۆزىگە توغرىلاپ بىر مەنئۋى ئۆلتۈرىلىش بىلەن بۇ جەريانىنى ئاخىرلاشتۇرۇش.

## مەزھەپلىكمۇ؟ مەزھەپچىمۇ؟

بۇ سۈپۈرۈپ تاشلاش مەسلىسىدە، مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ۋە مەزھەپلەرنىڭ رەت قىلىنىش سەۋەبى بار: مەزھەپلەر ئۈممەتنى پارچىلايدۇ، بۆلىدۇ، ئايرىيدۇ. ئۈممەتنىڭ بىرلىكىگە توسالغۇ بولىدۇ...

راست شۇنداقمۇ؟ ئۈممەتنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكەن، بۆلۈپ تاشلىغان ئامىل مەزھەپلەرمۇ؟ مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ھاياتى، قاراشلىرى، ئىجتىھاتلىرى ۋە قىلغان كۈرەشلىرى نەزەردە تۇتۇلغاندا بۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىمۇ؟

بەلكىم بۇنىڭغا مۇنداق ئېتىراز قىلىنىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا تارىختا ۋە كۈنىمىزدە مەزھەپ نامىدىن يۈز بەرگەن نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىك بار، بۇنى قانداق قىلىمىز؟ قەيەرگە قويىمىز؟ ئىسلام تارىخىنىڭ بۇنچە مالىمانچىلىق بىلەن تولغان تارىخىنى كۆرمەسكە سالىمىزمۇ؟

ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس. مەزھەپ كۈشكۈرتكۈچىلىرى ۋە مەزھەپنى سەلتەنەتلىرى ئۈچۈن بىر پىشاك سۈپىتىدە ئىشلەتكەن زالىم ھۆكۈمدارلارنىڭ خەلقنىڭ نادانلىقىدىن ۋە ئالىملارنىڭ قارىغۇلارچە ئەگىشىپ مېڭىشىدىن پايدىلىنىپ ئۇلغايتقان مەزھەپ تالاش - تارتىشلىرى، توقۇنۇشلىرىنى ئەلۋەتتە كۆرمەسكە سالغىلى بولمايدۇ. ھەتتا ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنى ئايرىم مۇستەقىل تېما سۈپىتىدە تەتقىق قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشىگە سۇنۇشمۇ قىلىشقا تېگىشلىك خەيرلىك ئىشلار جۈملىسىدىندۇر.

مەزھەپـى بـار بولـۇش بـىلەن مەزھەپچـى بولۇشـنى بـىر - بـىرىگە ئارىلاشتۇرىۋەتمەسلىك كېرەك. ئۇممەتنى بۆلۈۋاتقـان ئامىـل مەزھەپلەر ۋە مەزھەپـى بـارلار ئەمەس، ئەكسـىچە مەزھەپ چۈشەنچىسـىنى دىـن چۈشەنچىسى بـىلەن ئوخشـاش دەپ قارىغـان يـاكى ئۇنىڭـدىن ئۈسـتۈن كۆرىـدىغان مەزھەپچىـلەردۇر. بۇلارنىـڭ سـەۋەبىدىن مەزھەپنىـڭ ھاياتىمىزدىكى ئورنىنى كىچىك كـۆرۈش يـاكى بىـراقلا سـۈپۈرۈپ تاشلاپ ئـۇنى ئىنكـار قىلىـش ئەڭ چـوڭ ھامـاقەتلىكتۇر. مەزھەپچـى يـاكى مەزھەپسىز ئەمەس، مەزھەپـى بـار بولـۇش مۆتىـدىل بـىر پوزىتسىيەدۇر. مەزھەپى بار بولۇش - فىقھى بار بولۇش، فىقھقا تـايىنىش، شەرىئەتسىز ئىش قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر. شەرىئەتلىك بولـۇش قورقۇشـقا تېگىشـلىك ئىش ئەمەس، ئەكسىچە ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگىشىش ئەسلى قورقۇشقا تېگىشلىك ئىشتۇر.

مەزھەپ چۈشەنچىسـىدە ئوتتۇرىغـا چىققـان بـۇ مۆتىـدىل بولمىغـان پوزىتسـىيىنىڭ كېلىـپ چىقىشـىدا كىشـىلەرنىڭ ئـۆزى مەنسـۇپ بولغـان مەزھەپنـى ياخشـى بىلمەسـلىكى ئېغىـر سـالماقنى ئىگىلەيـدۇ. بـىر مەزھەپنىڭ ياخشى چۈشىنىلىشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە شۇ مەزھەپ نىسبەت قىلىنغان شەخسنىڭ ھاياتى ھەر قايسى تەرەپتىن ياخشـى چۈشىنىلىشـى كېرەك.

تەقلىدچىلىك ھېچقاچان بۈگـۈنكى كۈندىكـىدەك قىڭغىـر ۋە پـۇچەك چۈشـەنچىنىڭ ئىسـمى بولـۇپ باقمىغانـدى. مۇجتەھىـد بولۇشـنىڭ بەدىلىنى تۆلەشكە رازى بولالمىغانلارغا تەقلىـدچى بولۇشـتىن باشقا بىـر يول يوق. بىراق تەقلىدچى بولۇش، بىر مەزھەپكە مەنسۇپ ئىكەنلىكنـى ئېيتىش ھازىر بىز بىلگەندەك شۇنداق ئاددىي ۋە كۆلپەتسىز بىر ئىشمۇ؟ تەقلىد قىلىشنىڭ بىر بەدىلى يوقمۇ؟ كىشىلەر مەن ھەنەفى مەزھەپىدىن، مەن شافى مەزھەپىدىن... دېيىش بىلەنلا ھەقىقەتەن ئەبۇ ھەنىفەنـى ياكى مۇھەممەد بىن ئىدرىس ئەششافىنى تەقلىد قىلغـان بولامـدۇ؟ بىـر

مەزھەپكە مەنسۇپ بولۇش ئۈچۈن پەقەت تىل بىلەن «مەن پالانى مەزھەپتىن» دېيىش كۇپايە قىلىدىغان بولسا، بۇ، كىشىنىڭ ئۆز مەزھىپىنى، ئومۇمىي جەھەتتىن مەزھەپ مەسىلىسىنى ئاددىي چاغلاپ قالغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟

## مەزھەپنىڭ رولى

مەزھەپ كىشىلەردىكى «ئەقىل يۈرگۈزۈش» ۋە «تەپەككۇر قىلىش» قابىلىيىتىنى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىغان بىر مۇئەسسەسە ئەمەس، ئەكسىچە جەمئىيەتتىكى يۈزلىنىشنى شەرئى دائىرە ئىچىدە ياشىنىتىپ، بەندىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا ئۆزگە بېرىلگەن ھەرىكەت دائىرىسى ئىچىدە كىشىلىكى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق بولغان قاراشنى ئەركىن ھالدا تاللاش ھەققىنىڭ بېرىلىشىدۇر. ئۇنى ئىرسى بىر نەرسىگە ئوخشاش تەۋەرۈك سۈپىتىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالغان مىراسقا ئوخشاش ئاتىدىن بالىغا قالغان بىر مۇئەسسەسە دەپ قاراش مەزھەپنى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىغانلىقتۇر. كۆلۈب تەرەپتارى بولۇش بىلەن مەزھەپكە مەنسۇپ بولۇش ئارىسىدا پەق بولۇشى كېرەك. پۇتبولنىڭ پۇتبولپەرۋەرلەر ۋە مەستانىلەرگە ئېھتىياجى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مەزھەپنىڭ «مەزھەپپەرۋەرلەر»گە ئېھتىياجى يوق. مەزھەپ بولسا بەندىلىك رىقابىتىدە تۇتۇپ ماڭىدىغان بىر مېڭىش ئۇسلۇبىدۇر. ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى تەرەپۋازلىقتىنمۇ ئۈستۈندۇر.

مەزھەپچىلىك قىلىپ يانچۇقىنى توملايدىغان كىشىلەر ئەگەر بۇ نىيەتلىرىدە راستچىل بولسا، ئۇنداقتا پۈتۈنلەي بىر ئۇنىۋان ھالىغا كەلتۈرۈلۈپ، پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈلۈپ قويۇلغان مەزھەپنى قايتىدىن تۇغۇلغان يىللىرىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىگە ئىگە قىلسۇن. كۆرۈنۈشتە مەزھىپى بار نادان كىشىلەرنى بۇ مەسىلىدە چۈشەنچىگە

ئـىگە قىلىشـقا تىرىشـىشـۇن. مەنسـۇپ بولغـان مەزھەپنـى خەجـلەپ ماختىنىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا قىممەت قوشـۇش ئـارقىلىق يۈزىنى ئاق قىلسۇن.

بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىلىش لازىم. كىشى ئـۆزى ياخشى بىلمىگەن بىرسىنىڭ  نېمىسىنى تەقلىد قىلىدۇ؟

بۈگۈن بۈيۈك ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنى تەقلىد قىلغانلارنىڭ ئۇنى لايىقىـدا بىلمەسلىكىنى قانداق ئىزاھلاش مۇمكىن؟ ئىسلام فىقھىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىـگە بولغـان بىـر ئىمامنىـڭ تونۇشتۇرۇلۇشـى ئۇنىـڭ فىقھىغـا قوشـۇپ ھاياتىنى ئاتىغان سىياسي ئەقىـدە ۋە چۈشـەنچىلىرىنى تەتقىـق قىلىـش، مۇنازىرە قىلىش، ھەممىدىن بەكرەك «مەن ھەنەفى مەزھىپىدىن» دېگەن بىرسى ئۈچۈن ۋاپادارلىق بۇرچىدۇر.

ئىمامنىـڭ تونۇشتۇرۇلۇشـى كېرەكلىكىنـى بىـر ۋاپـادارلىق بـۇرچى مەسىلىسىدىن ئىبارەت دەپلا قارىماسلىق كېرەك. ئىسـلام فىقھىسـىدىكى مۇنازىرىسىز ئـورنى، مـۇتلەق كـۆپ سـانلىق مەزھەپنىـڭ ئىمـامى بولۇشـى، ئەھلىداشلىرى ئىچىدە ئۆزىگە لايىق بولغان «بۈيۈك ئىمام»لىـق سۈپىتى، دۇنيا قانۇنچىلىقىغا قوشقان تۆھپىسى، مۇجاھىـد ۋە مۇجادىلىسـى، زالىـم ھۆكۈمـدارلار ئالدىـدا ھەق ئۈسـتىدە مۇسـتەھكەم تۇرۇشـى... بۇلارنىـڭ ھەممىسى ئەبـۇ ھەنىفەنىـڭ ئارتۇقچىلىقلىرىـدىن پەقەت بىـر قانچىسى. ئۇنى پەرقلىق نۇقتىلاردا مـۇھىم دەپ قارىغـانلار ئـۆزلىرى ئۈچـۈن مـۇھىم دەپ قارىغان تەرەپلىرىنىلا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تونۇشتۇرغانىدى.

مەسىلەن، ئۇ بىر فاقىھ(فىقھشۇناس)، بىر مۇجتەھىـد، بىـر زاھىـد، بىـر ئابىـد سـۈپىتىدە تونۇشـتۇرۇلغان ۋە بـۇ تەرەپلىـرى قايتـا - قايتـا تىلغـا ئېلىنغان. ئىمامنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئاۋامغا بۇ تەرەپلىـرى تونۇشـتۇرۇلغان. لېكىن ئەبـۇ ھەنىفەنـى «ئىمـام ئەزەم» قىلغان ئامىل ئەھلىداشلىرىدا ئۇنىڭدىكىدەك ئېنىق كـۆرۈلمىگەن سىياسي كۈرىشى ۋە «مۇجاھىد ئالىم»لىق كىملىكىدۇر. ئۇنداق بولمىسـا،

مەيلى فىقھتىكى ئۈستۈنلۈكى بولسۇن ياكى زۇھد ۋە تەقۋادىكى ئۈستۈنلىكى بولسۇن ئەھلىداشلىرى تەرىپىدىن بېسىپ چۈشكىلى ۋە يەتكىلى بولمايدىغان ئۈستۈنلۈكلەر ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ فىقھە ئېقىملىرىغا بۇنداق بىر نۇقتىدا تۇرۇپ قاراشمۇ توغرا ئەمەس. ئۇسۇلچىلارمۇ ئېتىراپ قىلغاندەك ھەر فىقھ ئېقىمىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق كۈچلۈك ۋە ئاجىز تەرەپلىرى مەۋجۇت. بۇ نۇقتىدىن بىر ئۆلچەم بىلەن ئۇ مەزھەپ ئۇنداق، بۇ مەزھەپ مۇنداق دېگەندەك قەتئىي ۋە ئومۇمىي ھۆكۈم بېرىش ئىلمىي بىر پوزىتسىيە ئەمەس.

# ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھاياتى

## كۇفە

زامـــان ۋە ماكـــان بولســـا كىشـــى تەســـىرىگە ئۇچراشـــتىن خـــالىي بولالمايـدىغان ئىككـى مـۇھىم تاشـقىي ئامىلـدۇر. ئىمـام ئەبـۇ ھەنىـفە ياشــىغان «دەۋر»نــى قىســقىچە تونۇشــتۇرۇپ ئۆتتــۇق. بــۇ دەۋر يېــرىم ئەســىرگىمۇ بارمايـدىغان بىـر مـۇددەت ئىچىـدە نۇرىنـىڭ قانـداق بولـۇپ زۇلمەتكە ئايلانغانلىقىنـىڭ ئەڭ تىپىـك مىسـالى ئىـدى. ئەمـدى كىشـىگە ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم تاشقى ئامىللاردىن بىـرى بولغـان ماكان، يەنى «كۇفە» بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

ئىسلامى قوشۇن بارگاھ قۇرۇپ يەرلىشـەلەيدىغان بىردىنبىـر مەركـىزى رايون بولغان ئەنبار ساسلىق بىر جاي بولغانلىقتىن، پاشىلار ئەسكەرلەرنى بىئارام قىلاتتى. سەئىد بىن ئەبى ۋاققاس بۇ ئەھۋالنى ھەزرىتـى ئۆمەرگە يەتكۈزگەنــدىن كېيىن، خەلىپىــدىن مەدىــنە بــىلەن ئارىســىدا دېڭىــز بولمىغـان بىـر يەردە يېڭـى تۇرالغـۇ مەركـىزى قـۇرۇپ چىقىـش ئەمرىنـى ئالدى. شۇنداق قىلىپ ھىجرى 17 - يىلى كۇفە بىنا قىلىندى.

بەلازۇرى ھەربــي مەقســەتتە قۇرۇلغـــان بـــۇ شـــەھەرگە تـــۇنجى يەرلەشـتۈرۈلگەنلەرنىڭ يەمەنلىكـلەر ئىكەنلىكىنـى ئېيتىـدۇ. كـۇفە دەپ ئاتالغان بۇ ماكانىنىڭ ھەم قۇرغۇچىسـى ھەمـدە تـۇنجى ۋالىيسـى سـەئىد بىن ئەبى ۋاققاس ئىدى. شۇنداقتىمۇ يېڭـى شـەھەرنىڭ ئاھالىسـى ئۇنى دائىم خەلىپىگە شىكايەت قىلاتتـى. خەلـىپە بـۇ شـىكايەتلەر تۈپەيلىـدىن مۇپەتتىش ئەۋەتىپ، ھەزرىتى سـەئىد سـالدۇرغان قۇمـۇش كەپـىگە ئـوت قويغۇزۇۋېتىـدۇ. لـېكىن شـىكايەتلەرنىڭ ئـايىغى ئۈزۈلمەيـدۇ. ھەزرىتـى سەئىد ئۇلار ئۈچۈن مۇنداق بەددۇئا قىلىدۇ:

«ئاللاھىم! ھېچبىر ھاكىمنى ئۇلاردىن، ئۇلارنىمۇ ھېچبىر ھاكىمدىن مەمنۇن قىلما!».

ۋالىي ئالماشتۇرۇلۇپ، ئورنىغا ئەممار بىن ياسىر تەيىنلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئاھالىدىن «ياخشى باشقۇرالمايدىكەن» دېگەن باھانە بىلەن شىكايەت قىلغۇچىلار چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ:

«كۇفە خەلقىنى كىم ماڭا بىگۇناھ قىلىپ كۆرسىتىدۇ؟ ئۇلارغا كۈچلۈك بىرىنى تەيىن قىلسام ئۇنى ئازغۇن ۋە فاجىر دەيدۇ. سەل بوشراق بىرىنى ئەۋەتسەم كۆزگە ئىلمايدۇ».

بۇ ۋەقەلەردىن مەلۇم بولغاندەك، كۇفەنىڭ تۇنجى يەرلىك كىشىلىرى بولغان بەدەۋى ئەرەبلەر تولىمۇ ئۇرۇشقاق ۋە ۋاپاسىز ئىدى. ھەقىقەت شۇكى، كۇفە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردىمۇ ھەزرىتى ئەلى، مۇسلىم بىن ئاقىل، ھەزرىتى ھۈسەيىن ۋە ئىمام زەيدكە ۋاپا قىلماي يېرىم يولدا تاشلاپ قويغانىدى. ھەزرىتى سەئىد دېگەنىدەك، ھېچكىم ئۇلاردىن ۋە ئۇلارمۇ ھېچكىمدىن مەمنۇن بولمايتتى.

## بوۋىدىن نەۋرىگە

كۇفەدە تۇغۇلغان ئىمام ئەزەمنىڭ ئەسلى ئەرەب ئەمەسلىكىدە پۈتۈن مەنبەلەر ئورتاق پىكىردە. ئۇ قەيەرلىك؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى مەنبەلەردىن ئىزدەيلى:

ئۇنىڭ ھەققىدە يېزىلغان ۋە توپلانغان تۇنجى مەنبەلەردىن بولغان مەككى (ۋاپاتى: 568 / 1172) نىڭ «مەناقىبۇ ئەبى ھەنىفە» ناملىق ئەسىرىدە بوۋىسىنىڭ «زوتا» ئىسىملىك بىر كىشى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئىمامغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ھەجىملىك بىر ئەسەر يازغان قەردەرى (ۋاپاتى: 827 / 1423) مۇ ئۇشبۇ مەلۇماتنى تەستىقلايدۇ.

ھەر ئىككى مەنبەدە ئىمامنىڭ نەسەبى ھەققىدە ھەقىقىي نەسەبىنىڭ «تەقۋا» ئىكەنلىكى تەكىتلىنىپ، بۇ ھەقتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى شىپى كەلتۈرۈش كېرەك دەپ قارىغان. بۇ بىر ئاز مەزكۇر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئاممىۋى پسىخولوگىيىسى توپەيلىدىن كېلىپ چىققان.

ئىمامنىڭ بوۋىسى زوتا ئەسلىدە كابۇللۇق بىر پارس. ئۇ كىشى ئاتەشپەرەس بولۇپ، بىر جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ كۇفەگە ئېلىپ كېلىنگەن. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە يەرلىشىپ قالغان. زوتانىڭ كۇفەگە ئېلىپ كېلىنىشى ھەققىدە مەلۇم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن دېگەن مەقسەتتە، «فۇتۇھۇل بۇلدان» ناملىق ئەسەردە ئۇچرىغان تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى سىلەرگە يەتكۈزەيلى:

«قادىسىيەدە مەشھۇر ئىرانلىق قوماندان رۇستەمنىڭ تۆت مىڭ خىللانغان ئەسكىرى بار ئىدى. بۇلار «جۇندى شاھىنشاھ» دېيىلەتتى. كىسرانىڭ قوشۇنى تارمار بولغاندىن كېيىن، بۇ سەرخىل ئەسكەرلەر خالىغان تەرەپ بىلەن كېلىشىپ، خالىغان يەردە قارارگاھ قۇرۇش ۋە ئۆزلىرىگە ئىقتىساد بېرىلىش شەرتى بىلەن تەسلىم بولدى. تەلەپ قىلىنغانلىرى بېرىلدى. ئۇلارمۇ تەمىم ئوغۇللىرىدىن زۇھرە بىن سەئىد بىلەن سۆلھى قىلىشتى. زۇھرە ئۇلارغا مىڭ دىناردىن پۇل ئاجرىتىپ بەردى. بۇلارنى «فۇرس» دەيتتى. كېيىنچە ئىبن زىياد (ۋالىي) ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى شام ۋە بەسرەگە يەرلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ يەردىكى ئەسىرلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. قەزۋىنىدە ياشىغان ئەسىرلەر بەسرەدىكى ئەسىرلەرنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك شەرتلەر بىلەن مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارمۇ ئوخشاش شەرتلەر بىلەن مۇسۇلمان بولدى ۋە كۇفەگە كېلىپ يەرلەشتى»[91].

[91] بەلازۇرى، «فۇتۇھۇل بۇلدان»، 387- بەت

كۇفەگە يەرلەشكەن بۇ ئەسرلەر ئىچىدە زوتانىڭمۇ بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى يۇقىرى. زوتا ھەزرىتى ئەلىگە تولىمۇ سادىق ئىدى. ھەتتا خەلىپىگە ئۇ دەۋرلەردە پەقەت باي كىشىلەرلا يېيەلەيدىغان بىر خىل تاتلىق تۈرۈم ئېكرام قىلغان ئىدى.

زوتانىڭ ئوغلى سابىتمۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان بولۇپ، خەلىپە ئۇنىڭ نەسلى ئۈچۈن ئاللاھتىن ياخشىلىق ۋە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

ئۇرۇش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇسۇلمان بولغان ئەجەملەر ئەرەب ئىرقچىلىقىنى دۆلەت سىياسىتى ھالىتىگە كەلتۈرگەن ئەمەۋى ئىجرائاتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەمەۋى مۇخالىپەتچىسى بولغان ئەھلى بەيتكە ئۆزلىرىنى تېخىمۇ يېقىن كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل يېقىنچىلىق كېيىنچە ئەھلى بەيت مەنسۇپلىرىنىڭ ئەشەددى زۇلۇملارغا ئۇچرىشى بىلەن دوستلۇققا ۋە ئەمەلىي ياردەملەرگە ئايلىنىدۇ.

ئىمامنىڭ تۇغۇلىشىدىن بۇرۇنقى يېرىم ئەسىر بىر قوزغىلاڭ (قىياملار) دەۋرى ئىدى. ئاتىسى ۋە بوۋىسىنىڭ بۇ قوزغىلاڭلارنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ ياشىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، ئەبۇ ھەنىفە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئائىلىنىڭ ئىجتىمائى ۋە سىياسى مەيدانىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى نۇمان، تەخەللۇسى ئەبۇ ھەنىفە، لەقىمى ئىمام ئەزەم (چوڭ ئىمام) بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى سابىت، تۇغۇلغان يېرى كۇفە ئىدى. تۇغۇلغان ۋاقتى ھىجرى 80 - يىل (مىلادى 699).

شۇ دەۋرنىڭ خەلىپىسى مەرۋاننىڭ ئوغلى ئابدۇلمەلىك بولۇپ، كۇفەدە تۇرۇشلۇق ئىراقنىڭ باش ۋالىيسى تۆككەن قانلىرى ۋە سادىر قىلغان جىنايەتلىرى سەۋەبىدىن تارىخقا ئىسمىنى «زالىم» دەپ يازدۇرغان ھەججاج بىن يۈسۈپ ئىدى.

ئىمام ئۆمرىنىڭ 52 يىلىدا ئەمەۋىلەر، 18 يىلىدا ئابباسىيلار دەۋرىدە ياشىغانىدى. ھەججاج تۆككەن قانلىرىغا بوغۇلغان ۋاقتىدا ئۇ 15 ياشتا بولۇپ، ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ بەختىيار دەۋرىنىمۇ كۆرگەن.

ئۇ كېيىنچە ئىراق ۋالىيلىرىدىن يەزىد ئىبنى مۇھەللەب ۋە ناسىر ئىبنى سەييارنىڭ ئىراقتا ئېلىپ بارغان دۆلەت زورلۇقلىرىغا شاھىت بولدى. ئەمەۋى زۇلمىنىڭ ئىراقتىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى بولغان ئىبنى خۇبەيرەنىڭ ۋاستىسى بىلەن سەلتەنەت غەزىپىنى قوزغىدى. ئىمامەت ۋە سەلتەنەتنىڭ بىر - بىرىگە دۈشمەن مەنسۇپلىرى ئىمامنىڭ كىشىلىكىدە تارىخنىڭ بۇ تىلىمىدە يەنە بىر قېتىم بىر - بىرىگە روبىرو كەلگەنىدى.

بارلىق ھەشەمەت ۋە دەھشەتلىك باستۇرۇشلارغا قارىماستىن، ئۆزىنىڭ پىشقەدەملىرىگە ئوخشاش قىقاس - چۇقانلار ئىچىدە يېقىلغان ئەمەۋى سۇلتانلىقى ۋە كونا زالىملارغا مۇسەللەت بولغان يېڭى زالىملار... بۇ بارلىق قۇيۇنلارنىڭ كوھىقېپى بولغان كۇفە شەھىرى ئىدى.

كۇفە بولسا بىر - بىرىگە قارشى كۈرەشلەر، قالايمىقانچىلىقلار، خىيانەتلەر، زۇلۇملار ۋە قوزغىلاڭلار شەھىرى ئىدى. ئابباسىيلارغا بىر مەزگىل پايتەخت بولغان بۇ شەھەر بارلىق سەلبىي تەرەپلىرىگە قارىماستىن، يەنىلا قۇربانلىق بېرىش ئادىتىنى بۇزمىغان ئىدى. ھىجر بىن ئادىي ۋە سەئىد بىن جۇبەير بىلەن باشلىغان قۇربان ئىماملار ھالقىسىغا بۇ قېتىم چوڭ بىر ھالقىمۇ قوشۇلغان ئىدى، يەنى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ئابباسىيلار خەلىپىسى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر زامانىدا ھەر تۈرلۈك ئازاپ ئوقۇبەت ۋە قىيىن - قىستاقلار بىلەن ھىجرى 150 - يىلىدا (مىلادى 767) شېھىت قىلىندى.

## ئەمەۋىلەر دەۋرى

ئەبۇ ھەنىفە ھاياتىنى تالىپلىرىغا سۆزلەپ بەرگەندە، كىچىكىدىن تارتىپ قۇرئان، قىرائەت، ھەدىس، گىرامماتىكا، ئەدەبىيات، شېئىر، كالام ... قاتارلىق شۇ دەۋرنىڭ مودا ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ ئىلىم شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن ئىلىملىرى ئىدى. ئىمام ئەزەم ئۇ كۈنلەرنىڭ مودىسى بولغان كالامدا ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولۇپ، مەككىنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار ئەبۇ ھەنىفىنى بارماقلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىدىغان ھالغا كەلگەن. مۇئتەزىلەنى چۆشەندۈرۈپ ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا تىلغا ئالغان سەۋەبلەر تۈپەيلى گۈللەنگەن كالام ئىلمى بەسرەدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئۇلاشقان ئىدى. بۇ شەھەر پىرقىلەر ئارىسىدىكى مۇنازىرىلەرنىڭ مەركىزى ھالىتىگە كەلگەن بولۇپ، ئەبۇ ھەنىفە بۇ سەۋەبتىن بەسرەگە يىگىرمە قېتىم بېرىپ كەلگەنلىكىنى، ھەتتا ئۇ يەردە ئالتە ئاي تۇرۇپ مۇئتەزىلە، خاۋارىجلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پىرقىلەر بىلەنمۇ يۈز تۈرانە مۇنازىرىلەشكەنلىكىنى ئېيتقان.

ئىمامدىكى يۈكسەك تالانت بۇ مەزگىلدە بايقىلىپ، مۇنازىرىلەردىكى ئۆزگىچە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە مەنتىق ئۇسۇلى بىلەن ئاممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئىدى. ئەبۇ ھەنىفە ياش ۋاقتىدىلا قىززىق مۇنازىرە سورۇنلىرىغا قاتناشقان بولۇپ، ئۆگىنىشكە بىر قانچە يىل كېتىدىغان ئىلىملەرنى ھاياتىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۆگىنىۋالغان ئىدى. كېيىنچە بۇ تالاش - تارتىشلار ئەسناسىدا قولغا كەلتۈرگەن ھايات تەجرىبىسى ئۇنىڭ فىقھىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تەرىپى بولۇپ ئۆزىنى نامايەن قىلغان. بۇ ئالاھىدىلىك ئەبۇ ھەنىفە مەزھىپىنىڭ «كىتابىي» ئەمەس، «ھاياتى» (يەنى، كىتابلارنىڭ ئارىسىدىن ئەمەس، ھاياتنىڭ ئىچىدىن سۈزۈپ چىقىلغان؛ شەخسىي ۋە ئاممىۋى مەسىلىلەر، مىجەز - خاراكتېرى، قۇرۇلمىسى، مايىللىقى، ئاجىزلىقلىرى كۆزدە تۇتۇلغان ئاساستا قولغا كەلتۈرۈلگەن) بولۇشى ئىدى.

دېمىسىمۇ ناھايىتى ئەقىللىق بولغان ئەبۇ ھەنىفە قاتناشقان كالامى مۇنازىرىلەردە مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى، مەنتىق ئويۇنلىرىنى، زېھىن سىناشلارنى بۇ ساھەدىكى تالانتى بىلەن چۆشىنىپ ھەل قىلغان. بۇنىڭ ئۈنىڭدا بىر قابىلىيەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۇنى باشقىلاردىن تېخىمۇ پەرقلىق قىلغانلىقىنى كېيىنكى ۋەقەلەردىن بىلىۋالالايمىز.

كالامى مۇنازىرىنىڭ ئاخىرىنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئەبۇ ھەنىفە بەزى دەل كېلىپ قالغان ھادىسىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن فىقھ (ئىسلام قانۇن) ئىلمى ئۈستىدە توختىلىشقا قارار قىلىدۇ. كۇفە رەي ئېقىمىنىڭ مەركىزى ئىدى. ھەزرىتى ئەلى ۋە ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد بۇ ئېقىمنىڭ قەدىمى ئۇستازلىرى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىدۇ. بۇ زەنجىر مەسرۇق، ئىبن مەسئۇدنىڭ تالىپى شۇرەيھ، ئەلقامە، ئىبراھىم ئەننەھائىي ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىمامنىڭ ئۇستازى ھامادقىچە يېتىپ بارىدۇ.

ئەبۇ ھەنىفە ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق فاقىھى (فىقھى ئالىمى) شابىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ھامادنىڭ دەرس ھالقىسىدا فىقھ ئوقۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇستازىنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر 20 يىلغا يېقىن ئۇنىڭ تالىپى بولۇپ ئۆتىدۇ. ھەتتا بۇ ئەسنادا پىشىپ يېتىلگەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئايرىم بىر دەرس ھالقىسى شەكىللەندۈرۈشنى ئويلاپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇستازى ئورنىنى ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق ئۆتۈنۈپ بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىشنىڭ مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ ھەمدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە تېخى تولۇق پىشىپ يەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇستازىنىڭ ۋاپاتىغىچە ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىق قارارىغا كېلىدۇ. ئۇستازى ۋاپات بولغاندا ئەبۇ ھەنىفە 40 ياشتا ئىدى. ھامادتىن قالغان ئۇستازلىق مۇنبىرىگە ئۆتۈپ، 30 يىل ئەشۇ ماقامدا بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن ئىجتىھاتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىمام ئەزەم رەسۇلۇللاھتىن ئۆزىگە قەدەر يېتىپ كەلگەن ئىلىم ئەنئەنىسىنى ئۆزىدىن قالسا ئەڭ يېتىلگەن تالىپى ۋە دوستى ئىمام زۇفەرگە قويۇپ كېتىدۇ. بۈگۈن

«ھەنەفىلىك» دەپ ئاتالغان فىقھ ئېقىمىنىڭ ئۇلى ئەنە شۇ 30 يىل ئىچىدە سېلىنغانىدى.

ئىمام ئەزەم بۇ مۇددەت ئىچىدە 60 مىڭ (سەكسەن ئۈچ مىڭ دېگەنلەرمۇ بار) شەرئى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان. 800گە يېقىن تالىپنى تەربىيلىگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇجتەھىد بولغۇدەك لاياقەتكە ئىگە كىشىلەر يېتىشىپ چىققان ۋە بۇلاردىن كۆپىنچىسى ئىسلام جۇغراپىيىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شەرئى مەھكىمىلىرىدە خىزمەت قىلىپ، ھەنەفى فىقھ ئېقىمىنىڭ تارقىلىشىغا ۋەسىلە بولغان.

ئىمامنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەشكىل قىلغان تالىپلىق دەۋرىدە ئۇنىڭ سىياسى خاراكتېرىمۇ ئاستا - ئاستا شەكىللىنىشكە باشلىغان. بىر خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىدە تەلىم - تەربىيە ۋە ئۇستازلارنىڭ كىشىلىكىنىڭ ھەسسىسىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ئىمامنىڭ شەخسىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىككى ئوخشىمىغان ئىلىم زەنجىرى بار ئىدى. بىرىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. بىز تىلغا ئالغان بۇ زەنجىرنىڭ رەسۇلۇللاھقا تۇتاشقان باشقا ئىلىم زەنجىرى ئىچىدىمۇ ئۆزگىچە ئورنى بار ئىدى. بۇ ئۆزگىچىلىك مەزكۇر شەخسلەر تۇتۇپ ماڭغان فىقھى ئۇسۇلىدىن بەكرەك ھاياتىدا نامايەن قىلغان سىياسى مەيدانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

رەسۇلۇللاھتىن باشلىنىپ ئىمامى ئەزەمگە تۇتاشقان زەنجىردىكى كىشىلەر پەقەت جەرھ (ئۆكتىچى) ۋە تەئدىلدىن سىقا (ئىشەنچلىك) بولۇپلا قالماستىن، يەنە سىياسى بىر جەرھ ۋە تەئدىل (ھەدىس ئۇسۇلى ئاتالغۇلىرى بولۇپ، رىۋايەت زەنجىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئىلىم تارمىقىدۇر) نۇقتىسىدىن قارالغاندىمۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ سىياسەت فىقھىسىدىمۇ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بولۇپمۇ ئىمام ئەزەمنىڭ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ھەنەفى فىقھىنىڭ بۇ تۇنجى يېتەكچىلىرىنىڭ سىياسى ھاياتىنى

ۋاراقلىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر پوزىتسىيە ۋە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بىر زەنجىر ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

ئەبۇ ھەنىفىنىڭ شەخسىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە تەسىر كۆرسەتكەن ئىككىنچى زەنجىر بولسا زەيد بىن ئەلى، ئابدۇللاھ بىن ھەسەن، مۇھەممەد باقىر قاتارلىق ئەھلى بەيت ئىماملىرىدۇر. ئەبۇ ھەنىفە بۇلاردىن دەرس ئېلىپ، ھەدىس نەقىل قىلغان، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە بولغان ئىدى. بۇ ئىماملاردىن بولۇپمۇ ئىمام زەيد ئەبۇ ھەنىفىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئىمام ئەزەم بۇ ئۇستازىنىڭ قوزغىلىڭىنى رەسۇلۇللاھنىڭ بەدىردىكى ھەرىكىتىگە ئوخشاتقان ۋە ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ «ھەقىقى ئىمامى (يېتەكچىسى)» دەپ ئېلان قىلغان ئىدى.

ئىمامنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىلىم ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ سىياسى مەيدانىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر.

ئىمامنىڭ سىياستى «ئۆكتىچى» بىر سىياسەتتۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئابباسىيلاردىن بىر ئاز ئۈمىدلەنگەن بولۇپ، كېيىن ئۈمىدى يەردە قالغان قىسقا مەزگىلدىن باشقا ۋاقىتتا ئۆمرىنى ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئۆكتىچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن. چۈنكى ياش ۋاقتىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز دەۋرىدىن باشقا، ئەمەۋىلەر ۋە ئابباسىيلار ئىستىبدات ۋە زۇلۇم بىلەن سەلتەنەت سۈرگەن ئىدى.

ئىمامنىڭ خېلى ھاللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۆزىنىڭمۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىقتسادىي قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىماسلىقى ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ تايانچلىرىدىن بىرى بولغان ئىدى.

بوۋا كەسپى بولغان «ھاز» (بىر خىل توقۇلما رەخت) توقۇش ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى. تىجارەتتىكى قابىلىيىتىنى قىسقا ۋاقىتتىلا ئىسپاتلىغان ئەبۇ ھەنىفە تاۋارلىرىنى يىراق ئەللەرگىچە ئېكسپورت قىلىدىغان بىر كارخانا قۇرۇپ چىققان ئىدى.

ئىمام ئەزەم كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن بىر تىجارەتچى بولۇپ، كۇفەنىڭ ئامانەت ساندۇقى ئىدى. ئۇنىڭ تىللارغا داستان تەقۋالىقى ۋە ئىشەنچلىك ئەخلاقى دوست - دۈشمەن ھەر كىمنىڭ كۆزىدە ئۇنى «ئەمىن» قىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئۆرنىكى بولسا ئۇنىڭ شاھادىتىدە ساندۇقىدىن شۇ زامانىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىگە تەڭ قىممەتكە ئىگە بولغان ئەللىك مىليون دەرھەم قىممىتىدە مال ۋە نەخ پۇل چىققان ئىدى.

ئىمام ئەزەمنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ قالماسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە:

1. تارىختا ئالىملار ھاياتىنى ئىلىمگە ۋەقپە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن تۇرمۇشىنى باشقىلارغا تايانماستىن قامداشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئاجىزلىق سەۋەبى بولۇپ، ھاكىمىيەتمۇ دائىم ئالىملارغا بۇ تەرەپتىن يېقىنلاشماقچى بولغان ياكى يېقىنلاشقان ئىدى. ئالىملار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا زالىملارغا قارىتا قەددى تىك ھالدا تۇرالماي قالغان، بەزى ۋاقىتلاردا ئىلىمدە مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان. بۇ بەزىدە شۇنداق سەلبىي نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئالىمنىڭ ئىلمىنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىشنى ئويلىغان ھۆكۈمدارلار بۇ ئارقىلىق ئالىملارنى كېرەكسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولغان. ئەگەر قىلالىسىلا ئۇلارنىڭ ئىلىملىرىنى ئۆز سەلتەنەتى ئۈچۈن پىشاڭ قىلىپ ئىشلەتكەن ئىدى.

ئەبۇ ھەنىفەنى بۇ خەتەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالغان ئامىل پەقەت ئىقتىسادىي بېقىندىلىقتىن خالىي بولۇشى ئەمەس، ئەلۋەتتە. قول ئىلكىدە بولمىغان تەقدىردىمۇ ھەممىگە مەلۇم بولغان تەقۋا ۋە سالاپىتى سەۋەبىدىن بۇنىڭدىن باشقا بىر مۇئامىلىدە بولالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئىلمىدە چىڭ تۇرۇشىدا ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنىڭ رولىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە بىر «نان سۇپۇرىسى»غا ئايلىنىپ

قالغان ئىلىم، ئىگىسىنىڭ قارىنىنى تويغۇزىدىغان، لېكىن ئىززەت تاپالمايدىغان بىر «كەسىپ»كە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئالىملارنىڭ ھۆكۈمدارلار ئۈستىدىكى تەپ تارتقۇزىدىغان كۈچى يوقۇلۇپ، ئۇلارغا ئېلىپ ساتقىلى بولىدىغان بىر «ماتا» نەزىرى بىلەن قاراش شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى.

2. ئەبۇ ھەنىفە بىساتىنى پەقەت ئۆز ئىلمىدە چىڭ تۇرۇش ئىرادىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈنلا سەرپ قىلمىغان بولۇپ، زاماندىشى بولغان ئالىملارنىڭ ۋە تالىپلىرىنىڭمۇ ئېھتىياجىنى قامداپ، ئۇلارنى ھاكىمىيەتكە بېقىنىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالغانىدى.

بىر قېتىم داڭلىق مۇھەددىس ئىبراھىم بىن ئۇيەينە تۆت مىڭ دەرھەم قەرزىنى قايتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغان ئىدى. دوستلىرى ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن پۇل يىغىشقا چىقىپ، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ھالبۇكى ئىبراھىم بىن ئۇيەينە ئەبۇ ھەنىفىگە قارشى ئىدى. ئۇنى ۋە مەجلىسىنى يامان كۆرەتتى. ئىمام ئۆزىنى كەلسە - كەلمەس ئەيىپلىگەن بۇ زاتنىڭ قەرزىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز يېنىدىن تۆلەپ، باشقىلادىن يىغقان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇۋەتكەنىدى[92].

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىبراھىمنىڭ قېرىندىشى سۇبيان بىن ئۇيەينە «كۆزلىرىم ئەبۇ ھەنىفەدەك بىرىنى كۆرمىدى» دېگەنىدى.

ئۇ زاماندىشى بولغان ئىبن ئەبى لەيلا، ئىبن شۇبرۇمە ۋە ئۇستازلىرى ھاممادلار ۋە شابىگە دائىم ئىقتىسادىي ياردەم قىلىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھتاج بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا ئېھتىياجلىرىنى قامدايتتى. يەنە ئۆرنەك سۈپىتىدە ئوغلى ھاممادقا فاتىھەنى ئۆگىتىپ قويۇش شەرتى بىلەن بىر ئالىمغا مىڭ دىنار بەرگەنلىكىنى مەككى نەقىل قىلىدۇ.

---

[92] مەككى، « مەناقىبۇ ئەبى ھەنىفە»، 240 - بەت

تالىپلىرىنىڭ ھەم روھى ھەم جىسمانىي ئېھتىياجلىرىنى قامدايدىغان ئىمام يوقسۇل بولغان داڭلىق شاگىرتى ئەبۇ يۈسۈپنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداپلا قالماستىن، ئائىلىسىنىڭمۇ ئېھتىياجىنى قامدىغان ئىدى.

3. ئىمام ئەزەمنىڭ فىقھىسىنى باشقا فىقھ ئېقىملىرىدىن ئۆزگىچە قىلغان ئالاھىدىلىكلەردىن بىرسى، ئىقتىسادىي مۇئامىلىگە ئالاقىدار ھۆكۈملەردىكى توغرا جاۋاب ۋە ھاياتقا ئۇيغۇن بولۇشى ئىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ خىل مەسىلىلەرنى بۇ كەسپنى ئوبدان بىلىدىغانلار ياخشى ھەل قىلالايدۇ. ئىمامنىڭ كەسپىنىڭ تىجارەت بولۇشى ئىسلام تىجارەت قانۇنى ئۇچۇن تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت بولغان ۋە ئىسلام تىجارەت قانۇنى بۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن نەرسىگە ئېرىشكەن ئىدى.

ئىمام ئەزەم بەنى ئۇمەييە ھاكىمىيىتىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىگە كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ شاھىت بولۇپ كەلگەن بولۇپ، پۇرسەت تاپسىلا ئۇلارنى تەنقىد قىلىشتىن يالتىيىپ قالمىغانىدى. ھەدىس ئۆگەنگەن ئۇستازى ئىمام زەيدنىڭ قوزغىلىڭى ئەبۇ ھەنىفە ئۇچۇنمۇ مۇشەققەتلىك يىللارنىڭ باشلانغۇچى بولغانىدى.

كەربالا قەتلىئامىدىن ئامان قالغان ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ بىردىنبىر ئەۋلادى ئەلى زەينەل ئابىدىننىڭ ئوغلى ئىمام زەيد ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلگەن بىر ئېقىم (زەيدىييە)نىڭ قۇرغۇچىسىدۇر. پەقەت ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولغان ئىمام زەيد شۇ دەۋرنىڭ خەلىپىسى ھىشام بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ كۈپىرلىق قىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىغا كۆز يۇمالماي، بۇۋىسى يېرىم قويۇپ كەتكەن ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

كۇفەدە ئۆزىگە ئون مىڭلىغان كىشى بەيئەت قىلغان بولسىمۇ، بۇۋىسىغا قىلىنغان خائىنلىق ئۇنىڭغىمۇ قىلىنىدۇ. قوزغىلاڭ قارار قىلىنغان كۈن يېتىپ كېلىپ، قولاقتىن قولاققا پىسىلدالغان «يا مەنسۇر» پارولىغا ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشى ساداقەت كۆرسەتتى.

خىيانەتنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن قورقۇنچلۇق جىنايەتلەر ئىمام زەيدنىڭ ئالدى بىلەن دارغا ئېسىلىپ ئاندىن جەسىتىنىڭ كۆيدۈرۈلىشى ۋە ئوغلى يەھيانىڭ يېتەكچىلىكىدە خۇراساندا، نەۋرىسى ئابدۇللاھ يېتەكچىلىكىدە يەمەندە تۆكۈلگەن ھەددى - ھېساپسىز قان ۋە قىرغىنچىلىق بىلەن ئاياقلاشقان ئىسيانلار يۈز بەردى.

ئىمام ئەزەم ئۇمەييە جەمەتىنى خىلاپەتكە لايىق دەپ قارىمايتتى. ئۇلارغا خەلىپىلىكنى تارتىۋالغۇچى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئىمام زەيدنىڭ كۇفەدە ئەمەۋىلەرگە قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلىڭىغا قارىتا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى رەسۇلۇللاھنىڭ بەدىردىكى ھەرىكىتىگە ئوخشايدۇ».

بۇ قەدەر قوللىغان قوزغىلاڭغا نېمىشقا قېتىلمىغانلىقى سورالغاندا مۇنداق دېگەن:

«يېنىمدا ئىنسانلارنىڭ ئامانىتى بار ئىدى. ئۇلارنى ئىبن ئەبى لەيلاغا ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئىستىدىم، قوبۇل قىلمىدى. مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلمىغان ھالەتتە ئۆلۈشتىن قورقىمەن»[93].

مەككىنىڭ رىۋايىتىدە، ئىمام زەيدنىڭ ئەلچىسى ئۇنى زەيدنىڭ قوزغىلىڭىغا چاقىرىپ كەلگەندە، ئەلچىگە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

«ئەگەر ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى ھەۋەسىنى تەرك قىلغىنىدەك ئۇنىمۇ يېرىم يولدا تاشلاپ قويمايدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولغان بولسام ئۇنىڭغا قوشۇلغان، ئۇنىڭ ئارقىسىدا جىھاد قىلغان بولاتتىم. چۈنكى ھەقىقى ئىمام ئۇ ئىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا مېلىم بىلەن ياردەم قىلىمەنكى، ئۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنى قوغدىسۇن». ئاندىن ئەلچىگە بۇرۇلۇپ ئېيتتىكى: «ئۆزرەمنى ئىمامغا يەتكۈزگىن!» دېدى ۋە ئۇ ئەلچىدىن ئىمام

---

[93] قەردەرى، « مەناقىبۇل ئىمامىل ئازام »، 267 ـ بەت

زەيدكە ئـون مـىڭ دەرھەم ئەۋەتتـى. باشـقا بـىر رىـۋايەتتە كېسـەللىكى سەۋەبىدىن ئۆزلۆر ئېيتقان ئىدى.[94]

ئىمام ئەزەمنىـڭ ئىمـام زەيـد قوزغىلىڭىغـا بولغـان پوزىتسىيىسـى ۋە قارىشىنى خۇلاسىلىسەك:

1. زالىم ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمىغا قارشى چىقىشنى رەسۇلۇللاھنىڭ «بەدىر ئۇرۇشى»دەك زۆرۈر ۋە تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىر پوزىتسىيە دەپ قارىغـان بولـۇپ، زۇلـۇم ۋە زالىملارنـى بـۇ ئوخشـىتىش ئـارقىلىق ھېچقانداق ئىزاھاتقا يوچۇق قويمىغان ئاساستا رەت قىلغانىدى.

2. زالـىم سـۇلتانغا قارشـى ئېلىـپ بېرىلغـان قوزغىلاڭنىـڭ يوللـۇق ئىكەنلىكىنى تەسـتىقلاپ مۇنـداق ھۆكـۈم بەرگەنـىدى: «چـۈنكى ھەقىقى ئىمـام (يېتەكچـى) ئـۇدۇر». ئىمـام ئەزەمنىـڭ بـۇ يەردە ئىككىـدىن بىرنـى تاللىشىنىڭ ئۆلچىمى «مەۋجۇت بولغان» بىلەن «بولۇشى كېرەك بولغان» ئارىسـىدىكى «شـەرىئەتكە مۇۋاپىـق بولـۇش» ئىـدى. ئـۇ «مەۋجـۇت بولغـان»نـى ئەمەس، «بولۇشـى كېـرەك بولغـان»نـى تاللىغانـدى. بـۇ پوزىتسىيىسى ئارقىلىق ماۋەردى ۋە ئىبنى خالدۇن قاتـارلىق زاتـلار كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇپ سىستېمىلاشتۇرغان، بەزىلەر قەستەن ئەھلى سۈننەتنىڭ پوزىتسىيىسى دەپ تېڭىشقا ئۇرۇنغان «دۆلەتچى» سىياسەت نەزەرىيىسىنى يىلتىزىدىن رەت قىلغانىدى.

3. ئۆزرىخاھلىق مەسىلىسىدە، ئىمـام شـەرئى بىـر ئـۆزرە كۆرسـىتىش كېرەكلىكىنـى ھــېس قىلغــان. ئۆزرىســىنىڭ يوللــۇق ئىكەنلىكىنــى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن «ئىبنى ئەبى لەيلاغـا بەرمەكچـى بولـدۇم، قوبـۇل قىلمىـدى» دېگەنـدەك بىـر ئىزاھـاتنى زۆرۈر دەپ قارىغـان. ئىمامنىـڭ ئالىيجانــاپ خــاراكتېرى ۋە جاســارىتىنى بىلىــدىغانلار ئۇنىــڭ ئــۆزرە ئېيتقاندىمۇ ئەستايىدىل بولغانلىقىغـا ئىشىنىشـى كېـرەك. باھـانە توقـۇپ

---

[94] مەككى، « مەناقىبۇ ئۇبى ھەنىفە»، 239 ـ بەت

چىققانلىقىغا ئىشىنىش ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلىنغانلىقتۇر. «... (قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىلىك بولىدىغانلىقىغا) ئىشەنگەن بولسا ئۇنىڭغا قوشۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدا جىھاد قىلاتتىم» دېگەنلىكى ئۆزرىسىنىڭ يوللۇق ۋە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، قوزغىلاڭنى چىن دىلىدىن قوللىغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق بىر قوزغىلاڭغا ئۆزرىسىز قوشۇلماسلىقنى جائىز دەپ قارىمىغان، ئۆزىمۇ مەۋجۇت خەلىپىگە قارىماستىن، «ھەق ئىمام» دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىمام زەيدتىن ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈنگەن.

4. يوللۇق دەپ قارىغان بىر قوزغىلاڭنى ئۆزرىسى سەۋەبلىك جېنى بىلەن قوللىيالمىغان ۋە قوزغىلاڭ يېتەكچىسىدىن بۇ ھەقتە ئۆزرىسى بار دەپ قارىشىنى ئۆتۈنگەن ئىمام ئەزەم قوزغىلاڭنى مېلى بىلەن قوللىغان. ئۇ دەۋردە خېلى كۆپ دەپ قارىلىدىغان مىقداردىكى پۇلنى ئىمام زەيدنىڭ ئەلچىسىگە بېرىپ، ئۆزرىسىنىڭ كاپارىتىنى ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن ئۆتىمەكچى بولغان.

«ئەگەر مەن ۋە ئوغلۇم يالغۇز قالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا سەلتەنەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرەتتۇق. ئىمام (يېتەكچى) ئۇچىسىغا تون كېيىشنى جايلاپ قىلالىغان كىشى ئەمەس، ئەكسىچە قىلىچ ئوينىتىشنى بىلگەن كىشىدۇر».

تارىخچىلار گەرچە ئىمام زەيدنىڭ بۇ ئېسىل جۈملىسىنى نەقىل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاقىۋەتتى پاجىئەگە ئايلانغان بۇ قوزغىلاڭدىن ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بەزى نۇقتىلار بار:

ھىجرى 120 - (مىلادى 738) يىلىدا يۈزبەرگەن ئىمام زەيد قوزغىلىشى ھەقىقەتەن ئالدىراپ كۆتۈرۈلگەنىدى. بىر شاھىت بولۇش مەسىلىسى باھانىسى بىلەن مەدىنىدىن كۇفەگە ئېلىپ كېلىنگەن ئىمام زەيد كۇفەلىك شىئەلەر تەرىپىدىن قايىل قىلىنىدۇ. ئىچ - ئىچىدىن قايناۋاتقان ئىجتىمائىي نارازىلىق ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىنى نامايەن قىلغانىدى.

ئىمام زەيد كۇفەگە كېلىشى بىلەن خەلق ئۇنى ئويلىمىغان بىر قىزغىنلىق ۋە ھۆرمەت بىلەن كۈتىۋالغان بولۇپ، ئالدىنقى قېتىملىق خىيانەت (كەربالا)نىڭ ئىزتىراپىنى يۈرىكىدە پەيدا بولغان بىر ئۆسمىدەك چوڭ قىلغانلار خىيانىتىنىڭ بەدىلىنى ئۆتەپ ۋىجدانىنى بۇ يۈكتىن خالىي قىلىش مەقسىتىدە ئىمام زەيدنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشۋىق قىلغان. ئىمامۇ بېرىلگەن ۋەدە ۋە ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن قىزغىن مۇئامىلىگە قاراپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە رازى بولغانىدى. لېكىن ئالتە ئاي ئىچىدە پۈتتۈرۈش پىلانلانغان تەييارلىقلار تەشكىللىنەلمەسلىك ۋە ھەممىدىن مۇھىمى كۇفە خەلقىنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغان خىيانىتى بۇ ھەرىكەتنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر ئىدى.

ئىمام ئەزەم بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر كۇفەلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن بىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىمام ئەزەم ئۇ كۈنلەردە ئۇستازى ھاممادنىڭ ئورنىغا ئولتۇرمىغان، ئۆزىمۇ تېخى «شەرقنىڭ فاقىھى» دەپ ئاتالمىغان بولۇپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقان تەقدىردىمۇ بىر ئەزا سۈپىتىدە قالاتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە ئىمام ئەزەمنىڭ شۆھرىتى ئېشىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇ بۇ سەۋەبتىن ھاكىمىيەت ئۈچۈن خەۋپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

ئىمام ئەسلىدە سەلتەنەتكە قارشى تۇرغان ئالىملارنىڭ تۇنجىسى ياكى ئاخىرقىسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئىلمىنىڭ ئىززىتىنى ساقلىغان ئىماملار زەنجىرى بار ئىدى. ھەزرىتى ھۈسەيىن ئۆرنىكى ھەممىگە مەلۇم بولغانلىقتىن ئۇنى قايتا تەكرارلىمايمەن.

ئۇ دەۋردە ھاكىمىيەت بىلەن ياخشى ئۆتكەن ئالىم خەلقنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ گورىنى كولىغان بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ دەۋردە «سۈكۈتتىكى كۆپ سانلىق» دېيىلگەن خەلقتە شۇنداق بىر ئىجتىمائىي ئەخلاق مەۋجۇد بولۇپ، ئەگەر بىر فاقىھنى سۇلتان سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۆرۈپ قالسا، ئۇ فاقىھ خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتەتتى، ھېچكىم ھۆرمەت

قىلمايتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا كىلىپ مەسلىھەت سورىمايتتى ۋە خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتىمۇ قالمايدىغان بولۇپ، «سۇلتان ئالىمى» دەپ ئاتىلاتتى. مانا بۇ ئەھۋال بەزى ئالىملارنى ھۆكۈمەت بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن توسقاندى. لېكىن ئالىملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەقسىزلىققا ۋە زۇلۇمغا شېرىك بولۇپ قالماسلىقتىن ئىبارەت سەمىمىي ۋە ئالىيجاناپ ھېس - تۇيغۇلار بىلەن ھاكىمىيەتتىن يىراق تۇرغاندى. مەسلەن، سەئىد بىن جۇبەير، ئەش شابى، ئىبن ئەبى لەيلا، ئەبۇل بەھتەرى قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى فاقىھلەر ئەمەۋىلەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئابدۇرراھمان ئىبن ئەل ئەشئاسنى قوللىغانىدى.

سەئىد بىن جۇبەير ئىبن ئەشئاسنىڭ قوزغىلىڭىنى قوللاپ مۇنداق دېگەن:

«ئۇلارغا قارشى پۈتۈن ئىخلاسىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار. چۈنكى ئۇلار زۇلۇم بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئىسلامنىڭ ئەمر - پەرمانىغا قۇلاق سالمايۋاتىدۇ. ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، نامازنى تەرك ئېتىۋاتىدۇ».

ئىمام ئەزەمنىڭ ئۇستازلىرىدىن شابىنىڭ ئەمەۋىلەر ھەققىدىكى پەتىۋاسى مۇنداق:

«ئى مۇسۇلمانلار! ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىڭلار. ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر. ئاللاھ قا قەسەمكى، بۈگۈن يەر يۈزىدە ھۆكۈم قىلىشتا ئۇلاردىن بەكرەك زالىم ۋە گۇناھكار بىر قەۋمنى بىلمەيمەن».

مەشھۇر فاقىھ ئىبن ئەبى لەيلا بۇ ۋەقەلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«ئى مۇئمىنلەر! ھەقنى بىلمەيدىغان، بىدئەتنى ھالال قىلغان بۇ نادانلار گۇرۇھىغا قارشى جەڭ قىلىڭلار».

ھىجرى 130 - يىللارغا كەلگەندە ئەمەۋى سەلتەنەتى ھەر تەرەپتىن چاك كەتتى. ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشكە ئاز قالغانلىقنى ھېس قىلىپ

يەتكەن ھۆكۈمدارلار بۇنى ئارقىغا تارتىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بارلىق تەدبىرلەرنى ئىشقا سالدى.

ئەمەۋىلەرنىڭ ئىراقتىكى ئاخىرقى ۋالىيسى ئۆمەر ئىبنى خۇبەيرە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەزى تەدبىرلەرنى ئىشقا سالدى. بۇلاردىن بىرسى فاقىھلەرنىڭ ئېتىبارىدىن پايدىلىنىش ئىدى. بۇ ئارقىلىق ھەم فاقىھلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى چىقىشىدىن خاتىرجەم بولاتتى ھەم خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئەمەۋىلەرنىڭ ئوبرازىنى قايتىدىن تىكلەيتتى. ئىبنى ئەبى لەيلا، داۋۇد ئىبنى ھىند، ئىبنى شۇبرۇمە ۋە باشقا مەشھۇر فاقىھلەرنى سارىيىغا چاقىردى ۋە ئۇلارغا بىردىن مەنسەپ بەردى. نۆۋەت ئەبۇ ھەنىفىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا مۇنداق تەكلىپ سۇندى:

«سەن قول قويمىغان ھەر قانداق قانۇن يولغا قويۇلمايدۇ، سەن تەستىقلىماي تۇرۇپ دۆلەت غەزىنىسىدىن بىر يارماقمۇ چىقىم قىلىنمايدۇ».

بۇ ئەڭ ئالىي سوت ۋە ئىجرا ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش دېگەنلىك ئىدى. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بۇ تەلەپنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى. ۋالىي ئىمام ئەزەمنى زىندانغا تاشلاپ، قىيىن - قىستاققا ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنى ھەر كۈنى قامچىلىتاتتى. باشقا فاقىھلەر «ئۆزەڭگە ئۇۋال قىلما. بىزمۇ خالىمىغان ھالدا قوبۇل قىلدۇق، سەنمۇ شۇنداق قىل» دېگەن بولسىمۇ ئىمام ئەزەم مەيدانىغا يات بولغان بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيتتى:

«ئەگەر ۋالىي مەندىن ۋاسىت مەسجىدىنىڭ ئىشىكىنى ساناشتىن ئىبارەت ئادەتتىكى بىر ئىشنى تەلەپ قىلسىمۇ ئۇنى يەنىلا قوبۇل قىلمايمەن. ئۇ بىر كىشىگە زۇلۇم قىلىپ قەتلى قىلىشقا ھۆكۈم قىلدۇ، مەن ئۇنىڭغا مۆھۈرۈمنى باسامدىمەن؟ ئاللاھ قا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ مۇمكىن ئەمەس!».

بۇ ئارىلىقتا ئىبن خۇبەيرە ئىمامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسىتىپ ئىلتىپات قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئىمامنى ئىرادىسىدىن ياندۇرالمىدى.

ھېچقانداق تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغان ئىمامغا ئەڭ ئاخىرىدا كۇفەنىڭ باش قازىلىقى تەكلىپ قىلىندى. ئۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، ۋالىي ئىمامغا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغۇزىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچىپ، ئىمام ئەزەمنى قايتىدىن قىيناشقا باشلىدى. ئىمام بۇ ئەھۋالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى:

«بۇ دۇنيادا قامچا يېيىش ئاخىرەتتە جازاغا دۇچار بولۇشتىن ئەۋزەلدۇر. ۋالىينىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشكە كۈچى يېتىدۇ، لېكىن تەكلىپنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا ھەرگىزمۇ كۈچى يەتمەيدۇ!».

بىر قانچە كۈن داۋاملاشقان بۇ قىيىن - قىستاق شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، گۇندىپاي ئىمامنىڭ تاياق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەھۋالنى ۋالىيغا مەلۇم قىلدى. ئەمەۋىلەرگە تېخىمۇ كۆپ دۈشمەن پەيدا قىلىشنى خالىمىغان ۋالىي ئىبنى خۇبەيرە ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن قورقاتتى. بۇ سەۋەبتىن:

«ئۇنى قايىل قىلالايدىغان بىر كىشى يوقمۇ؟ پەقەت بولمىغاندا مەندىن ۋاقىت بېرىشنى تىلىسۇن ۋە بۇ مۇددەت ئىچىدە مېنى قايىل قىلىدىغان بىر چارە تېپىپ قەسىمىمدىن قۇتقۇزسۇن» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىمام ۋالىيغا: «مېنى قويۇپ بەر، بۇ مەسىلىنى دوستلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي» دەپ خەۋەر ئەۋەتتى.

ئىمام قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن مۇساپىرلىقنى خارلىقتىن ئەۋزەل بىلىپ، ئۇلۇغىغا مېنىپ ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان بەيتۇللاھقا قاراپ يولغا چىقتى. ئىمام ئەزەم ھىجرى 130 - يىلى كۇفەدىن مەككىگە ھىجرەت قىلدى.

ئىبنى خۇبەيرەنىڭ ئىمام ئەزەمگە قىلغان بۇ تەكلىپلىرى بىر قاراشتا كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان ئىش ئىدى. دەۋرىمىز نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، كەمتۈك بولسىمۇ بىر ئىسلام دۆلىتى بولغان تۈزۈمدە ھەر قانداق كىشى بۇ تەكلىپنى رەت قىلالمايتتى. بۇنىڭغا پارلاق سەۋەبلەرنى تاپقىلى بولاتتى. بولۇپمۇ بۇنداق بىر تەكلىپنى قامچا ۋە ئۆلۈمگە قارىماي رەت قىلىشنىڭ كىشى قوبۇل قىلغۇدەك تەرىپى يوق ئىدى. ئىمام ئەزەمگە ئوخشاش تەقۋا، سېخي بىرسى ئالدىغا كەلگەن بۇ «خىزمەت»نى نېمىشقا رەت قىلسۇن؟ ھەم ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر «دەۋا ئادىمى»نىڭ مۇشۇنداق بىر ماقامنى «دەۋاسى»نىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلەتمەسمىدى؟

شۇنداق، بارلىق سەۋەبلەرگە قارىماستىن، ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان بىر رېئاللىق بار ئىدى. يەنى، ئىمام ئەزەم ئۆزىگە تەكلىپ قىلىنغان بۇ پارلاق تەكلىپنى قامچا ۋە ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماستىن قوبۇل قىلمىغان، ھەتتا بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئەمەۋى ۋالىيسىنىڭ «ۋاستە مەسجىدىنىڭ ئىشىكلىرىنى ساناش»تىن ئىبارەت ئادەتتىكى بىر پەرمانىغىمۇ ئىتائەت قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ئىمام ئەزەمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن، ھاكىمىيەتنىڭ بۇنى نېمە مەقسەتتە تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئوبدان بىلىش كېرەك:

1. ئىمامنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش. مىڭلىغان كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بىر ئالىمنىڭ ئاغزىنى ئەمىر - پەرمان بىلەن يۇمدۇرغىلى بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بىراق ئىمامنىڭ قەلبىدىكى ھالىتىدىن ھالقىپ، سۆز ۋە ھەرىكىتىدە ئۆزىنى نامايەن قىلىشقا باشلىغان نارازىلىقى ۋە ھاكىمىيەتكە بولغان ئۆكتىچىلىكىنىڭ تەسىرىنى يوقىتىپ، ئۇنى ئۆكتىچىلىك قىلىشتىن توسۇش كېرەك ئىدى. پەقەت بولمىغاندا بۇ ئۆكتىچىلىكنى سۆز ۋە ھەرىكەت ھالىتىدىن قەلبى ھالغا كەلتۈرۈش

مەقسەت قىلىنغانىدى. دېمىسمۇ قەلبىنىكى ئۆكتىچىلىككە ھېچكىم بىر نەرسە دېمىگەنىدى.

2. يۇرگۇزۇۋاتقان تۇزۇمنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىش. ئىمامنىڭ دۆلەت ئاپپاراتىدىن بىر ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالغانلىقنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ، ھاكىمىيەتنى يوللۇق (شەرئەتكە مۇۋاپىق) قىلىپ كۆرسىتىش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئىچىدە ئەبۇ ھەنىفىگە ئوخشاش چوڭ بىر فاقىھ ئورۇن ھالغان ھاكىمىيەت شەرئەتكە مۇۋاپىق بولمىسا، قايسى ھاكىمىيەت مۇۋاپىق بولىدۇ؟ ھاكىمىيەت ئۆكتىچىلەرنى يوقىتىش ئۇچۇن كۆتۈرگەن قىلىچىنىڭ ئۇچىغا ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئىسمىنى ئۆتكۈزمەكچى بولغانىدى.

3. ئۆكتىچىلەرنى پارچىلاش. ئەھلى بەيتنىڭ ئىسلام جۇغراپىيىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر ۋە كۈچلۈك قوللىغۇچىسىنى تەسىر كۆچىدىن ئايرىپ، ئۆكتىچىلەرنىڭ جان تومۇرىدىن بىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، باشقا ئۆكتىچى ئۆلىمالارغا بۇ ئارقىلىق بىشارەت بېرىپ، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلىككە مۇپتىلا قىلىش مەقسەت قىلىنغانىدى.

4. ھاكىمىيەت ماشىنىسىنىڭ چاقىنى ياغلاش. تۈزۈمنىڭ پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئورگانلىرىنى بۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغان دۇرۇس كىشىلەرگە تاپشۇرۇش ئارقىلىق، بۇ ئاپپاراتلارنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.

سۇيىئىستېمال قىلىشقا لايىق بارلىق ماقام - مەنسەپلەرنى، بولۇپمۇ غەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇزۇش ئۇچۇن ئەڭ پاسىق ۋە پاجىر ھاكىمىيەتلەرمۇ ھەر دائىم دىنى پۇتۇن، دۇرۇس، خىيانەت قىلمايدىغان «پاك» كىشىلەرنى ئىزدىگەن. ئىبنى خۇبەيرەمۇ ئىمامنى ئەھلى بولغان بىر ئىشنىڭ بېشىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇ ئارقىلىق سەلتەنەتنى كۈچلەندۈرمەكچى ياكى ئۆكتىچىلەرنى سەلتەنەت نۇقتىسىدىن قوللىغۇچىلىرىدىن تېخىمۇ پايدىلىق ھالغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئىدى.

5. قىلتاققا چۈشۈرۈش. داڭقى ئالەمگە تارالغان ئەبۇ ھەنىفىنىڭ ئۆزىگە لايىق بولغان بۇ شۆھرىتى ۋە نوپۇزىنىڭ كۈچىنى يوقىتىش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. ئۇنى سۇيىئىستېمال قىلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغان شۇبھىلىك بىر ماقامغا ئولتۇرغۇزۇپ، ھۆرمەت - ئېتىبارىنى يوقىتىپ، ھەر خىل گۇمانلار بىلەن ئەتراپىدىكىلەردىن ئايرىپ تاشلاپ يېتىم قالدۇرغاندىن كېيىن، ئويۇنچۇقنى چۆرۈپ تاشلىغاندەك تاشلىۋەتمەكچى بولغان.

ئىمام ھىجازغا كەتكەندىن كېيىن، ئەمەۋى ھاكىمىيىتى ئۇزۇن ئۆتمەي ھىجرى 132 - يىلى غۇلاپ چۈشتى.

## ئابباسىيلار دەۋرى

ئىمام ئەزەم ئەمەۋىلەر سەلتەنىتى گۇمران بولغىچە مەككىدە تۇردى. بۇ يەردە بىر تەرەپتىن تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىمام مالىكقا ئوخشاش داڭلىق ئالىملار بىلەن تونۇشۇپ پىكىرلىشەتتى. ئىبنى ئابباس، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ فىقھىلىرىنى ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئۆگەندى. بىر تەرەپتىن ئىمام مۇھەممەد باقىر ۋە ھەسەنۇل مۇسەننادىن دەرس ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن پېشىنى قويۇپ بەرمىگەن ئىقتىدارلىق تالىپلىرىغا دەرس بېرەتتى.

ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ زۇلۇمىدىن بىزار بولغان خەلقنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەۋى خاندانلىقى يىقىتىلغاندىن كېيىن، ئاببا س ئوغۇللىرى ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى. ھەر كىم زۇلۇمنى تۈگىدى، ھەممە ئىش ئۆزگەردى، خىلاپەت ئۇنىڭغا لايىق بولغانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى دەپ ئويلاپ خۇشال بولغانىدى. بۇ ئەھۋالدىن مەمنۇن بولغانلارنىڭ بىرسى ئىمام ئەزەم ئىدى. ھېچبىر ۋاقىت ئېتىراپ قىلمىغان،

دائىم قارشى تۇرۇپ كەلگەن ئەمەۋى ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋال تېپىشىدىن ئىمامنىڭ خۇرسەن بولۇشى ئەلۋەتتە نورمال ئەھۋال ئىدى.

ئەبۇل ئابباس مەككە ۋالىيسى ئارقىلىق ئۆلىمالاردىن بەيئەت تەلەپ قىلغاندا، ئەبۇ ھەنىفە خەلققە مۇنداق خىتاپ قىلغانىدى:

«بۇ ئىش (ھاكىمىيەت) پەيغەمبەرنىڭ يېقىنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ ھەق جايىنى تاپتى. بۇ ئاللاھنىڭ لۇتپى ۋە كەرەمىدۇر. ئەي ئالىملار، بۇلارغا ياردەم قىلىشقا ئەڭ لايىق بولغانلار سىلەر! سىلەرگە خالىغىنىڭلارچە ئىكرام ۋە ئېھسان بار. خەلىپەڭلارغا بەيئەت قىلىڭلار. بەيئەت ئاخىرەتتە ئەمىنلىكتە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن بىر ۋەسىلىدۇر. ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بەيئەتسىز ۋە ئىمامسىز، ھۆججەتسىز ۋە دەلىلسىز چىقىپ قالماڭلار».

مالىمانچىلىق تىنجىغاندىن كېيىن كۇفەگە قايتىپ كەلگەن ئىمام باشقا ئالىملار بىلەن بىرلىكتە خەلىپىنى زىيارەت قىلىپ مۇنۇ سۆزنى قىلدى:

«ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ھەقنى نەبىنىڭ يېقىنلىرىغا بەردى ۋە ئۇستىمىزدىكى خار قىلغۇچى زۇلۇمنى ئېلىۋەتتى. ۋە يەنە ھەمدى ئېيتىمىزكى، تىلىمىزغا ھەقنى سۆزلەتتى. ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ساڭا بەيئەت قىلدۇق. ئىشىڭغا ۋاپا قىلساڭ قىيامەتكىچە ۋاپادار بىز. ئاللاھ بۇ ئىشنى نەبىگە يېقىنلىقىڭ تۈپەيلى بىكار قىلىۋەتمەس»[95]. بۇ سۆزلەر ئىمام ئەزەم سىياسىتىنىڭمۇ ئاساسى ئۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى نۇقتىسىدىن تولىمۇ مەنىلىك ئىدى.

ئالىملارغا قىلغان سۆزلىرىدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئۇنىڭ خەلىپىلىكنى قۇرەيشنىڭ ھەققى دەپ قارىشىنىڭ ئاستىدا ياتقان ھېسسى ھەقىقەت، بۇ ماقامنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇشى كېرەك دەپ قارىغانلىقى ئىدى. يەكۇنلەپ

[95] م. ئەبۇ زەھرا، « تارىخۇل مەزاھىبىل ئىسلامىيە »، 350- بەت

چىقىلغان باشقا بىر خۇلاسە بولسا، ئىمامنىڭ «بەيئەت» مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئىدى. ئۇ بەيئەتنى ئاخىرەتتە خاتىرجەملىك ۋەسىلىسى، بەيئەتسىز يۈرۈشنى ھۆججەتسىزلىك ۋە دەلىلسىزلىك دەپ قاراپ، مۇرجىئەگە ئوخشاش ئادىل - زالىم، گۇناھكار ۋە پاسىق دېمەستىن ھەر قانداق ھۆكۈمدارغا بەيئەت قىلىش پىكرىنى ھاياتى بويىچە رەت قىلىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خاۋارىجلاردەك بەيئەتسىزلىك ۋە باشباشتاقلىقنى قوبۇل قىلماي، بۇ ھەقتىكى ئادىل ۋە مۆتىدىل بولغان قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

خەلىپىنىڭ ئالدىدا قىلغان ئىككىنچى نۇتۇقىدىمۇ بەيئەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە، بۇ بەيئەتنىڭ شەرتلىك بەيئەت ئىكەنلىكىنى (ئادالەت) ئىما قىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرغان ئۆكتىچىلىكىنىڭ سەلتەنەت بىلەن ئىچ قويۇن - تاش قويۇن بولۇپ كەتكەن ئاتالمىش ھەسەتچى ئالىملار ئېيتقاندەك ئۈزلۈكسىز جاھىللىق ياكى بولمىسا «پىتنە» ۋە «ھۆكۈمەتسىزلىك» نى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەسلىكلىنى ئىسپاتلىغان ئىدى. ئۇنىڭ يېگانە غېمى پەقەت سۈكۈت ئارقىلىق زالىمنىڭ زۇلۇمىغا شېرىك بولۇپ قالماسلىق ئىدى. زالىمغا قارشى جىم تۇرۇۋالغاندىن مەزلۇم بولۇشنى تاللاپ، جىسمىغا ۋە جېنىغا سۈيقەست قىلىنغان ۋاقىتتىمۇ زۇلۇمغا يول ئېچىپ بېرىدىغان مۇئامىلىلەردىن يىراق تۇرۇش ئىدى...

ئىمام يۇقىرىدىكى ئۆرنەكتە كۆرسىتىلگەندەك، قوبۇل قىلغانلىرىنىڭ (ئىشەنگەنلىرىنىڭ) ئاستىغا ئىككىلەنمەستىن قول قوياتتى. قوبۇل قىلمىغانلىرىنى بولسا ھېچقانداق نەرسىدىن قورقماستىن ئوچۇق شەكىلدە رەت قىلاتتى ۋە ئەيىپلەيتتى. سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتۇشنى ياقتۇرمايتتى. بەش تىيىنلىق نەرسىلەر ئۇياقتا تۇرسۇن، جان ۋە تەن قايغۇسىمۇ ئۇنىڭغا ئىمامنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنى پايخان قىلغۇزمىغانىدى.

پرىنسىپلىرىدا چەك تۇراتتى. ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى نەبىنىڭ پرىنسىپلىرى ئىدى. ئۇ مۇجتەھىد بولغان تۇرۇپمۇ، پرىنسىپلىرىنى زامانغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش (سۇنىڭ ئىبقىشىغا قاراپ ئىش تۇتۇش) شۇئارى ئاستىدا ئۆزگە پايدىلىق شەكىلدە قوللىنىشتىن ساقلاندى ۋە سىياسەتتىمۇ ئىمام ئىكەنلىكىنى «سىياسى ئەزىمەت»نى تاللاپ ئىسپاتلىدى.

كۆپ قان تۆككەنلىكى ئۈچۈن تارىختا «سەففاھ» (قانخور) دەپ ئاتالغان تۇنجى ئابباسىيلار خەلىپىسى ئەبۇل ئابباس خەلىپىلىك ماقامىغا ئولتۇرغاندىكى بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ، ئەمەۋىلەردىن ئەھلى بەيتنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش باھانىسى بىلەن زۇلۇم قىلىشقا باشلىغاندا ئىمام سۈكۈتتە تۇردى. لېكىن سەففاھ ئۆلگىچە بەيئىتىنى بۇزغانلىقى توغرىلۇق ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. بۇ دەۋردىكى پوزىتسىيىسىدىنمۇ شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان تاپالمىغانلىقتىن پۇشايمىنى ۋە ھەسرىتى ئىچىدە قالغان ئىدى.

خەلق شۇنچە پىداكارلىقتىن كېيىنمۇ سەلتەنەتنىڭ زومىگەر مۇشتىدىن يەنىلا قۇتۇلالمىغان ئىدى. پەقەت سەھنىدىكى ئارتىس ئالماشقان، ئوبراز ئۆزگەرمىگەنىدى. ئابباسىيلار خانىدانلىقىنىڭ سەلتەنەتنى نەبەۋى ئاساس ئۈستىگە بىنا قىلىشتىن ئىبارەت بىر نىيىتىنىڭ يوق ئىكەنلىكى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەممىگە ئايان بولدى.

تارىختىن بىرى ئۆرنەكلىرى كۆرۈلگەنىدەك سەلتەنەتكە ساھىپ بولغۇچىنىڭ كۆزىنى قان قاپلىۋالاتتى. سەلتەنەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن پايخان قىلمايدىغان قىممەت، ۋەيران قىلمايدىغان قۇرۇلما، تاجاۋۇز قىلمايدىغان چېگرالار يوق ئىدى.

ئەمەۋىلەرنىڭ زاۋال تېپىشىغا خەلق ئىچىدىن ھېچكىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمىغان ئىدى. خەلىپىگە نامزات بولغان يېڭى كۈچنىڭ شۇئارى «بىز قۇرئان ۋە سۈننەت يېتەكچىلىكىدە ئەلنى ئىدارە قىلىمىز. ئىجرائاتلىرىمىز ئالالاھ قويغان چەك - چېگرالاردىن ئاشمايدۇ» دېگەن

شەكىلدە ئىدى. ھىجرى 132 - يىلى بەيئەت ئالغان قانخور ئەبۇل ئاباباس خەلىققە مۇنداق ۋەدە قىلغان ئىدى: «ئۈمىد قىلىمەنكى، ھازىر ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئائىلىدىن زۇلۇم، زومىگەرلىك ۋە ناھەق مۇئامىلىگە ئۇچرىمايسىلەر، سىلەرگە ياقمايدىغان پوزىتسىيەگە دۇچ كەلمەيسىلەر».

ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ۋەدىلىرىنىڭ نېمە مەننى ئىپادىلەيدىغانلىقى مەلۇم بولاتتى. ئاباباسىيلار قوشۇنى شامغا كىرگەندىن كېيىن ئەللىك مىڭ ئىنسانىنى قەتلى قىلىپ، ئۇمەييە جامئىسىنى 70 كۈن ئېغىل قىلىپ ئىشلىتىدۇ. مۇئاۋىيەدىن تارتىپ بارلىق ئەمەۋى جەمەتىنىڭ قەبرىلىرى ئېچىلىپ، ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى يىغىپ، ھىشام بىن ئابدۇلمەلىكنىڭ تېخى چۈرۈپ كەتمىگەن جەسىتى قامچىلىنىدۇ. جەسەتلەر خەلققە سازايى قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلىنىپ، كۈلى كۆككە سورۇلىدۇ. ئەمەۋىلەرنىڭ ئۆكتىچىلەرگە قىلغانلىرىنى بۇ قېتىم ئاباباسىيلار ئۇلارغا قايتۇرغان، ھەتتا بۇ جەمەتكە مەنسۇپ بوۋاقلارمۇ «سىياسى قەتلىئام»غا ئۇچرىغانىدى. ئائىلە ئەزالىرىدىن بەزىلىرىنىڭ جەسەتلىرى سازايى قىلىنغاندىن كېيىن ئىتلارغا يەم قىلىنىدۇ.

تارىخى مەنبەلەرنىڭ نەقىل قىلغانلىرى بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بۇ جىنايەتلەردىن تېخىمۇ ۋەھشىراق بولغانلىرى باشقا رايونلاردا سادىر بولىدۇ. مەسىلەن، مۇسۇلدىكى ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن خەلىپىنىڭ قېرىندىشى يەھيا «ئامانلىق» بەرگەن ئون مىڭ كىشىنى مەسجىدكە سولاپ كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. يەھيانىڭ خىللانغان لۈكچەك لەشكەرلىرى مۇسۇلنىڭ مۇسۇلمان خانىملىرىغا بىر قانچە كۈن باسقۇنچىلىق قىلغانىدى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفىنىڭ جېنىغا قەست قىلغان ئەمەۋى ۋالىيسى ئىبىن خۇبەيرە (ۋالىيلىقى: 127 - 132 ھىجرىيە) خەلىپىنىڭ ئۆز قولى بىلەن

يېزىپ بەرگەن ئاماننامىسىگىمۇ پىسەنت قىلىنماستىن، ۋەدىگە خىلاپ ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇمۇ ئەمەۋىلەرگە ئوخشاش قىلغان زۇلۇمىنىڭ جازاسىنى باشقا بىر زالىمنىڭ قولىدا تارتقانىدى.

ئابباسىيلار ئوغۇللىرى ھاكىمىيىتىنى پۇختىلىغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ھاكىمىيەت بىلەن ئوخشاش ئۇسلۇپتا ئىش تۇتۇپ، زۇلۇمغا قارشى چىققان ئۆلىمالارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇلاردىن تۇنجى قۇربانى مەشھۇر فىقھ ئالىمى ئىبراھىم ئىبنى مەيمۇن ئەسسائىغ ئىدى. ئىمام ئەزەمنىڭ دوستى بولغان بۇ زات ئابباس ئوغۇللىرىنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇلارغا ھەر تۈرلۈك ياردەم قىلغان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنلا ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قولى ئارقىلىق بۇ زاتنى خۇراساندا قەتلى قىلغان.

ئەبۇ جافەر مەنسۇر ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان ۋاقىتتا، ئابباسىيلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئوتتۇرىغا چىقتى. ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغىچە ئەھلى بەيتنىڭ پايخال قىلىنغان ھەقلىرىنى قوغداشنى دەۋا قىلغانلار سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەھلى بەيتنى ئەمەۋىلەردىنمۇ بەتتەر ئەزگەن ئىدى. خەلق ھەددىدىن زىيادە ھۆرمەت قىلىدىغان مۇھەممەد نەفسۇز زەكىييە ۋە قېرىندىشى ئىبراھىمغا مەنسۇر تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغاندىن كېيىن يوشۇرۇنۇپ يۈرۈۋاتقان ئىدى. خەلىپە ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان جايىنى بىلىش باھانىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايدۇ. ئۇلارنى ياش - قېرى دەپ ئايرىماستىن زەنجىر بىلەن كىشەنلەپ، مەدىنىدىن ئىراققا ئەكەلدۈرگەن ئىدى. ئىسيان كۆتۈرگەن ئىمام ئىبراھىمنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى تىرىك پېتىلا بىر تامنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قەتلى قىلدى. يەنە ئىبراھىمنىڭ قېيىن ئاتىسىنى يالىڭاچلاپ 150 قامچا ئۇرغاندىن كېيىن، كاللىسىنى ئېلىپ

خۇراساندا سازاي قىلغانىدى[96]. كېيىنچە نەفسۇز زەكىييەمۇ قەتلى قىلىنىپ، جەسىدى مەدىنىدە سەل تېغى ئەتراپىدىكى يەھۇدى مازارلىقىغا تاشلىۋېتىلگەنىدى. مانا بۇ نەفسۇز زەكىييە ۋە قېرىندىشى ئىبراھىم بولسا ئىمام ئەزەمنىڭ ئۇستازلىرىدىن بولغان ھەزرىتى ھەسەننىڭ نەۋرىسى ئابدۇللاھ بىن ھەسەننىڭ ئىككى ئوغلى ئىدى.

بۇ ئەسنادا قېرىپ قالغىنىغا قارىماستىن ئابدۇللاھ بىن ھەسەنمۇ زىندانغا تاشلانغان بولۇپ، قىيىن - قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ.

مەزكۇر قوزغىلاڭ ھىجرى 145- يىلدا (مىلادى 762 - 763) مەيدانغا كەلگەنىدى. ئىمام مۇھەممەد نەفسۇز زەكىييە ۋە قېرىندىشى ئىبراھىم تەييارلىقنى ئەمەۋى دەۋرىدە باشلىغان ئىدى. ھەتتا تابارى خەلىپە مەنسۇرنىڭ نەفسۇز زەكىييەگە بەيئەت قىلغانلىقىنى يازىدۇ، توغرىسى بۇ ئىدى. ئۇ خۇراسان، رەي، تابەرىستان، ئەل جەزىرە، يەمەن قاتارلىق ئەللەرگە دەۋەتچىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنى بەيئەتكە چاقىرغانىدى. مەنسۇر بۇرۇندىن تارتىپ بۇ ھەرىكەتلەردىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قورقاتتى. نەفسۇز زەكىييە ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئابباسىيلار باشلىغان ھەرىكەت بىلەن ئۇچقاندەك كېڭەيگەن ئىدى. ئابباس ئوغۇللىرى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنلا، ئەمەۋىلەرنىڭ گۇمران بولۇشىدا ئۆزلىرىدىن بەكرەك رولى بولغان ھەرىكەتلەرنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدىگەن بولۇپ، باستۇرۇش ۋە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشقا باشلىغانىدى.

بۇ بېسىملارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئىمام مۇھەممەد مەدىنىدە، قېرىندىشى ئىبراھىم ئىراقتا ھىجرى 145 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇ ئەسنادا باغداتنى بىنا قىلدۇرىۋاتقان مەنسۇر ھاپىلا - شاپىلا كۇفەگە

---

[96] تابارى، تارىخ، 546 ـ VII / 537

كېلىدۇ. قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، پۈتى كۆيگەن تۇخۇدەك تۇرالماي قالىدۇ. ئۇنىڭغا ئارقىمۇ ئارقا شەھەرلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەنلىك خەۋىرى يېتىپ كېلىۋاتقانىدى. مۇنداق كېتىۋەرسە سەلتەنەت قۇياشى پاتاتتى. دەرت - ئەلەمدىن كېچىسى ئۇيقۇسى قېچىپ، ھەر ۋاقىت قېچىپ كېتىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى ئېگەرلىك تۇتاتتى. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن قوزغىلاڭ ئىمام مۇھەممەد بىلەن بىرلىكتە يۈزلىگەن كىشىنىڭ شاھادىتى بىلەن نەتىجىلىنىپ، قېرىندىشى ئىبراھىم ئىراقتا قوزغىلاڭنى داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئۇمۇ قەتلى قىلىنىدۇ[97].

بۇ قوزغىلاڭلار يۈزبەرگەن مەزگىللەردە ئىمام ئەزەمنىڭ شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارقالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىككى قوزغىلاڭنى ئىككىلەنمەستىن قوللىغانلىقىنى جاسساس، مەككى، قەردەرى ۋە زەھەبى قاتارلىق مەنبەلەردىن بىلەلەيمىز.

قوزغىلاڭلار سەۋەبىدىن ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمىغا ھەممىدىن بەك ئۇچرىغان شەھەرلەردىن بىرسى كۇفە ئىدى. بۇ شەھەرلەردە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ باھانە بىلەن شەرىئەتنىڭ پايخان قىلىنىشىغا يول ئېچىلغان، شەھەرلەردە دۆلەت تېرورى ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئەبۇ ھەنىفە بۇ شەرت - شارائىتقا قارىماستىن ئىمام مۇھەممەدنىڭ قوزغىلىڭىنى قوللىغانىدى. بۇ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، بۇ تەرەپتارلىق ئۇنىڭ ۋە تالىپلىرىنىڭ ھاياتىنى خېيىم - خەتەرگە ئاتىدىغان نۇقتىغا بېرىپ قالغان ئىدى. ئۇ خەلقنى قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ ئىمام ئىبراھىمغا بەيئەت قىلىشقا چاقىراتتى. تالىپلىرىمۇ ئۇستازىغا ئوخشاش تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولۇپ، ئىمامنىڭ دەرس ھالقىسى قوزغىلاڭنىڭ ئارقا سەپ ئورگىنىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

---

[97] تابارى، تارىخ، 608 ـ 552 /VII

ئىمامنىڭ بەزى تالىپلىرى خەلقنى قوزغىلاڭغا تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن مۇنداق پەتىۋا بېرەتتى:

«ئىبراھىم بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارغا يەتمىش نەپلە ھەجنىڭ ساۋابى بار».

جاسساس نەقىل قىلغان بىر مەلۇماتتا، ئىمام ۋە بەزى تالىپلىرىنىڭ زالىملارغا قارشى كۆتۈرۈلگەن بۇ قوزغىلاڭلارنى كاپىرلار بىلەن قىلىنغان جىھادتىن ئەۋزەل دەپ قارىغانلىقىنى بىلەلەيمىز:

ئەبۇ ئىسھاق ئەل فەزارىگە مۇنداق دېگەن:

«ئىبراھىمنىڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان قېرىندىشىم ئېرىشكەن ئەجىر سېنىڭ كاپىرلارغا قارشى قىلغان جىھادىڭنىڭ ئەجرىدىن تېخىمۇ خەيرلىكتۇر».

بۇ ئىجتىھاتتىن مەلۇم بولىدۇكى، ئىمام ئەزەم ۋە تالىپلىرى ئۈممەتنىڭ ئىچكى سىياسىتىنى زۇلۇمدىن خالىي قىلىشنى تاشقىرىدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ئۈستۈن كۆرگەن بولۇپ، بۇ يولدا خىزمەت قىلغۇچىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ ئەجىر ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

قەردەرى، ئىبراھىم بىن سۇۋەيد ئىسىملىك بىرسىدىن مۇنداق بىر مەلۇماتنى نەقىل قىلغان:

«ئىبراھىم بىن ئابدۇللاھ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە ئەبۇ ھەنىفەدىن سورىدىم:

- پەرز ھەجنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، سېنىڭچە ئىبراھىمغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قوزغىلاڭ قىلىش ياكى ھەجگە بېرىشتىن قايسىسى ئەۋزەل؟

- ئۇنىڭ قوزغىلىڭىغا قاتنىشىش ئەللىك ھەجدىن ئەۋزەلدۇر، - دېدى».

«مەناقىبۇ ئىمام ئەزەم»نىڭ ئاپتۇرى قەردەرىنىڭ رىۋايەت زەنجىرى بىلەن بىرگە يەتكۈزگەن ئۆرنەكلىرىدىن بىرسى تۆۋەندىكىچە:

«ئىبراھىم قوزغىلىڭىدا بىر ئايال ئەبۇ ھەنىفىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئوغلۇم ئىبراھىم بىن ئابدۇللاھ بىلەن بىرلىكتە ھاكىمىيەتكە قارشى ئۇرۇش قىلماقچى، مەن قوشۇلمىدىم. بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟

- ئۇنىڭ يولىنى توسما».

ھەسەن بىن ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «نەفسۇز زەكىييە ئابباسىيلار تەرىپىدىن مەدىنىدە شېھىت قىلىنغاندا ئىمام ئەزەمنى كۆردۈم، يىغلاپ كۆزى قىزىپ كەتكەنىدى».

ئىمام ئەبۇ ھەنىفىنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا بەرگەن ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋىي ياردىمى بۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان بولۇپ، گەرچە قوزغىلاڭغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، قاتنىشىپ كۆرسىتىدىغان پايدىدىن نەچچە ھەسسە پايدىلىق بولغان خىزمەتنى قىلغان ئىدى. ئۇ خىلاپەت قوشۇنى باش سەركەردىسى ھەسەن بىن كاھتابانى ئىمام ئىبراھىمغا ھۇجۇم قىلىشتىن توسقانىدى. ھەسەننىڭ دادىسى كاھتابا ئەبۇ مۇسلىم بىلەن بىرلىكتە ئابباسىي ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن ئىككىنچى كىشى ئىدى. ھاكىمىيەت ئالماشقاندىن كېيىن كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن باش سەركەردە قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئىدى. جەسۇرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان ھەسەن بىن كاھتابا ئىچكى ئىسيانلارنى باستۇرۇشتىكى ئۇتۇقى سەۋەبىدىن خەلىپە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سەركەردە ئىدى. كۇفەگە كەلگەندە ئىمام ئەزەمنىڭ ئىجتىھاتىغا رىئايە قىلىپ، ئۇنىڭ مەجلىسىگە قوشۇلغان. بىر كۈنى ئىمام ئەزەمدىن:

- مېنىڭ قانداق ۋەزىپەم بارلىقىنى ۋە بۇ سەۋەبتىن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى بىلىسەن. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق مەن ئۈچۈن تەۋبە پۇرستى بارمۇ؟ دەپ سورايدۇ.

- شۇنداق، بار.

- بۇ قانداق بولىدۇ؟

- ئاللاھ سېنىڭ نىيىتىڭدە سادىق ۋە تەۋبەڭدە سەمىمىي ئىكەنلىكىڭنى بىلىدۇ. ساڭا شۇلارنى قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. يەنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلىدىغان بولساڭمۇ بىر مۇسۇلماننىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتىن ۋازكەچسەڭ، ئۆتمۈشتە قىلغانلىرىڭنى قايتا سادىر قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ، بۇ ۋەدەڭدە چىڭ تۇرساڭ مانا بۇ ۋاقىتتا تەۋبە قىلغان بولىسەن.

- قىلچە شۈبھەڭ بولمىسۇنكى، ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قىلىشنى قوبۇل قىلدىم. بىر مۇسۇلماننىڭ خۇنىنى تۆكمەسلىكتىن تارتىپ بارلىق ئەمەللىرىمدە ئاللاھ قا بەرگەن بۇ سۆزۈمدىن يانمايمەن.

ئىمام ئىبراھىم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، خەلىپە بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۇ ئۇدۇل ئۇستازى ئەبۇ ھەنىفىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- بۇ كىشى ماڭا يامانلىقنى ئەمىر قىلىۋاتىدۇ، دېدى. ئىمام ئۇنىڭغا:

- قېنى ئەمدى ئاللاھ قا بەرگەن ۋەدەڭگە ئەمەل قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى. ئەستە تۇتقىنىڭدەك ئاللاھ قا ۋەدە بەرگەن ئىدىڭ. ئەگەر بۇ ۋەدەڭدە چىڭ تۇرساڭ، ئاللاھ تەۋبەڭنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر تەۋبەڭدىن يانساڭ، تەۋبەڭنىڭ ھۆكمى قالمايدۇ ۋە ئۆتمۈشتە قىلغان زۇلۇمغا قايتىپ، ئۇلارنىڭمۇ جازاسىنى تارتىسەن، دەپ جاۋاب بەردى.

ھەسەن: «ئاللاھ شاھىدىم بولسۇنكى، بۇ ئۇرۇشقا قاتناشمايمەن» دەپ مەنسۇرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ئۆزرە بايان قىلدى:

«ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۈگۈنگىچە سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلدىم ۋە ئەمىر - پەرمانىڭنى ئادا قىلدىم. ئەگەر بۇ قىلغانلىرىم ئاللاھ قا ئىبادەت بولىدىغان بولسا، بۇ ماڭا كۇپايە. ئەگەر بۇلار ئاللاھ قا ئىسيان قىلغانلىق بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ گۇناھنى سادىر قىلىشنى خالىمايمەن. مېنى بۇ ئىشتا ئۆزرەلىك كۆرگىن».

سەركەردىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن مەنسۇر ئۇنى تۇتقۇن قىلىشقا بۇيرىدى. ھەسەننىڭ قېرىندىشى ھامىد مەنسۇرغا مۇنداق دېدى:

- ھەسەن يىل بېشىدىن بۇيان غەلىتە بولۇپ قالدى. ھەسەنگە بىر ئىشلار بولغان ئوخشايدۇ، مېڭىسىدە مەسىلە بارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ئۇنى قويۇپ بەرگىن، بۇ ئىشنى مەن بىر تەرەپ قىلاي.

مەنسۇر ئىشىنىڭ تەكتىگە يېتىپ، بۇ ئىشنىڭ مەنبەسىنى بىلمەكچى بولدى:

- ھەسەن قايسى فاقىھنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىۋاتىدۇ؟
- ئەبۇ ھەنىفىنىڭ مەجلىسىگە قاتنىشىۋاتقانىدى.

ئىمام ئەزەمنى سىياسەتتە «ئىمام / يېتەكچى» قىلغان بۇ مۇرەسسەسىز مەيدانى ئۇنىڭ ئىجتىھاتلىرى ھۆكمىدىدۇر. تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان بۇ ئۆلگىلىك پوزىتسىيە نەزەردە تۇتۇلماي تۇرۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ فىقھ ۋە قۇرغۇچىسى بولغان «ئەھلى سۈننەت ئەقىدە»سىنى تولۇق مەنىسى بىلەن چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

ئىمام بۇ مۇرەسسەسىز مەيداندا شۇنداق چىڭ تۇرغان بولۇپ، تالىپلىرىدىن زۇفەر بىن ھۇزەيل ئۇنىڭدىن نەقىل قىلغان شۇ سۆزلىرى ئىمامنىڭ زۇلۇم تۈزۈملىرى ئالدىدىكى مۇئامىلىسىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بوينىمىزغا ئارقان سېلىپ سۆرەپ ماڭغان تەقدىردىمۇ ۋەدىمىزنى بۇزمايمىز». بۇنىڭدىن ئەبۇ ھەنىفىنىڭ ئىمام زەيدكە بەيئەت قىلغاندەك ئىمام ئىبراھىمغىمۇ بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلىۋالايمىز.

ئۆزىنى ئۇنىڭ مەزھىپىگە نىسبەت قىلغانلاردىن بەزىلىرى ئىسلامنىڭ ئىززىتىگە لايىق بولمىغان پوزىتسىيىسىنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەقىقەتنى يېپىشقا ۋە تەۋىل (ئىزاھلاشقا) قىلىشقا تىرىشسىمۇ، ئەبۇ ھەنىفىنىڭ بۇ سىياسي پوزىتسىيىسى ھەنەفى فىقھىدىمۇ ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ فىقھ ئېقىمىنىڭ ئىككى مەشھۇر ئىمامى سەرھاسى ۋە ئەبۇ

بەكرى ئەل جاسساس قايتا - قايتا تەكىتلىگەن بۇ پوزىتسىيىنىڭ فىقھ ھۆكۈملىرى ھەققىدە كېيىنكى بابلاردا توختىلىپ ئۆتىمىز.

خەلىپە بۇ مۇئامىلىدىن شۇنداق بىئارام بولغان بولسىمۇ، ئىمامنىڭ خەلق ئارىسىدىكى نوپۇزى سەۋەبلىك بىر باھانە تېپىپ ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالالمىغانىدى. شۇڭا ئالدى بىلەن ئىمامنى يېنىغا تارتماقچى بولۇپ، بۇنى پۇل ئارقىلىق سىناپ، ھازىرمۇ رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇۋاتقان ۋە خېرىدارى ئاز بولمىغان بۇ «سېتىۋېلىش» تاكتىكىسىنى ئىشقا سالغانىدى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئۆزىگە پات - پات ھەدىيەلەر ئەۋەتىپ تۇرغان خەلىپە مەنسۇرنىڭ بۇ ھەدىيەلىرىنى مۇۋاپىق شەكىلدە چىرايلىقچە رەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپىنىڭ ئىمامغا بولغان نەپرىتى ئاشقانىدى.

خەلقنىڭ مال - مۈلكى بولغان دۆلەت غەزىنىسىنى خالىغانچە ئىشلەتكەن ھۆكۈمدارلارغا تەقدىم قىلىنغان ھەدىيەلەرنىمۇ جائىز دەپ قارىمىغان ئىمام ھېچقانداق بىر دەۋردە سەلتەنەت ھۆكۈمدارلىرى ئەۋەتكەن ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلمىغانىدى. ئۇ ئەۋەتىلگەن ھەدىيەلەرنىڭ خەلقنىڭ ھەققى بولغان دۆلەت غەزىنىسىدىن ئەمەس، شەخسىنىڭ ئۆزىگە ئائىت بىساتى ئىچىدىن بولغانىدا ئاندىن شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئەۋەتىلگەن ھەدىيەلەرنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقى خەلىپە مەنسۇرغا ھار كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىمام ئارىسىدىكى تۆۋەندىكى دىئالوگ بۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

- ھەدىيەلەرنى نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلمىدىڭ؟

- شەخسىي مۈلكىڭدىن بىر ھەدىيە كەلگەن بولسا قوبۇل قىلاتتىم. سەن ماڭا ئۈممەتنىڭ غەزىنىسىدىن ئالغان نەرسىنى ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتتىڭ. ھالبۇكى، ئۈممەتنىڭ مېلىدا مېنىڭ ھەققىم يوق. مەن لەشكەر ئەمەس ھەم بۇنداق بىرسىنىڭ پەرزەنتىمۇ ئەمەس. يوقسۇل بىرىمۇ ئەمەسمەن، شۇڭا غەزىنىدىن ئايرىپ بېرىلگەن ھەدىيەگە ھاجىتىم يوق. بۇ سەۋەبتىن ئەۋەتكەن نەرسىلىرىڭنى ئالالمايمەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇر ئىمامغا باش قازىلىق مەنسىپىگە تەكلىپ قىلدى. ئىمام بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغاندا 30 قامچا ئۇرغۇزدى. خەلىپىنىڭ تاغىسى ئابدۇس سەمەد ئىمامنىڭ قان ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، جىيەنىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇردى:

«سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ بۇ پەقەت ئىراقنىڭ ئەمەس، پۈتۈن شەرقنىڭ فاقىھىدۇر(فىقھشۇناس). بۇنداق قىلىش بىلەن ئۆزەڭگە قارشى يۈز مىڭ قىلىچ پەيدا قىلدىڭ».

پۇشايمان قىلىپ كەچۈرۈم سورىغان مەنسۇر ھەر قامچا ئۈچۈن مىڭ دەرھەمدىن ئوتتۇز مىڭ دەرھەم تۆلەم بېرىشكە بۇيرىدى. لېكىن ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بۇنى رەت قىلىپ:

«بۇلارنى ئېلىپ خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىڭلار» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن: «مەنسۇردا خەيرى - ھەسەناتقا ئىشلەتكىدەك ھالال پۇل نېمە ئىش قىلسۇن؟» دەپ قوشۇپ قويدى.

يەنە بىر قېتىم مەنسۇر بىلەن ئارىسىدىكى كېلىشەلمەسلىك ھەققىدە ھۆكۈم بېرىپ، بۇ ئىشنى ھەل قىلىپ بەرگەن ئىمام ئەبۇ ھەنىفىگە خەلىپىنىڭ رەپىقىسى، تون، جارىيە ۋە بىر خېچىر ھەدىيە ئەۋەتكەن. لېكىن ئىمام: «مەن بۇ ئىشنى پۇل ئۈچۈن قىلمىدىم» دەپ قايتۇرىۋەتكەن.

شۇنداق بولسىمۇ، يەنە قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ھەققىدە پات - پات ئىمام ئەبۇ ھەنىفەدىن پەتىۋا سوراپ تۇرغان مەنسۇر مۇسۇل خەلقى ئىسيان كۆتۈرگەندە ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى ئالماقچى بولدى. مۇسۇللۇقلار ھىجرى 138 - (مىلادى 765) يىلى مەنسۇرغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇپ، خەلىپە ئىسيانىنى باستۇرغاندىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق قىلسا شەھەرنى ۋەيران قىلىپ، قېنى ۋە مېلىنى ھالال دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ خەلق يەنە ئىسيان كۆتۈرگەن ئىدى. خەلىپە ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولۇپ، بۇنىڭغا قارىتا كېلىدىغان ئىنكاسلار ئۈچۈن ئالدىنئالا جاۋاب تەييارلاش

مەقستىدە ئالىملاردىن پەتىۋا ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆرگەنىدى. ئۇ مۇنداق سەۋەب كۆرسەتتى:

«رەسۇلۇللاھ: مۇئمىنلەر بەرگەن ۋەدىسىگە سادىق بولغۇچىلار دېمىگەنمىدى؟ مۇسۇل خەلقى ماڭا قارشى ئىسيان قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ تۇرۇپ يەنە ئىسيان كۆتۈردى. ھەمدە مېنىڭ باج يىغقۇچى ئەمەلدارىمغا قارشى چىقتى. بۇلارنىڭ قېنى ماڭا ھالال».

سورۇندىكى ئالىملار خەلىپىنىڭ مەقسىتىنىڭ پەتىۋا سوراش ئەمەس، بەرگەن قارارىنى تەستىقلىتىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇنى تەستىقلىغان تەرىزدە سۆز قىلىشتى:

«سەن نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلالايسەن. ئۇلارنى ئەپۇ قىلساڭمۇ بولىدۇ. بۇ سېنىڭ ئالىيجاناپلىقىڭنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇلارنى جازالاندۇرساڭمۇ بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار جازاغا لايىق بولاپتۇ. بۇ ئىككى يولدىن بىرنى تۇتۇش خەلىپىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش».

مەنسۇر ھېچ گەپ قىلماي، گەپكە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئەبۇ ھەنىفىگە قاراپ:

- ئۇستاز، بۇ ئىشتا سېنىڭ قارىشىڭ نېمە؟ ياكى بىز نەبەۋى بىر خىلاپەت ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟

ئۆزىنىڭ ئەھۋالنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان مەنسۇرنىڭ جاۋابى ئىچىدە بولغان بۇ كىنايىلىك سوئالىغا ئىمام تۆۋەندىكى تارىخى جاۋابنى بېرىدۇ:

- ئۇلار ساڭا ئۆزلىرىگىمۇ ھالال بولمايدىغان بىر نەرسىنى،يەنى قانلىرىنى شەرت قىلىپتۇ. ھالبۇكى ئىسلام شەرىئىتىدە بۇ نە ساڭا نە ئۇلارغا بېرىلگەن ھەق بولسۇن. مەسىلەن، بىر ئايال ئۆزىنى ئۆز رىزاسى بىلەن باشقا بىر ئەر كىشىگە تاپشۇرسا، ئۇ ئايالنىڭ ئىپپىتى ئۇ ئەر كىشىگە ھالال بولامدۇ؟ يەنە بۇنىڭغا ئوخشاش، بىرسى باشقا بىر كىشىگە «كەل، مېنى ئۆلتۈر» دېسە ۋە ھېلىقى كىشى ئۇنى ئۆلتۈرسە، بۇ ھالال ۋە جائىز

بولامدۇ؟ فىدىيە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ قېنى ئۈچ شەكىلدە ھالال بولىدۇ (جانغا جان، ئىماندىن كېيىن كۇپۇر، توي قىلغاندىن كېيىنكى زىنا). بۇلاردىن ھېچبىرسى بۇ ئىشتا بولمىغانلىقىغا قارىغاندا، مۇسۇل خەلقنى قويۇپ بەر. ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكسەڭ زۇلۇم قىلغان بولىسەن. ئاللاھ نىڭ شەرتى بەندىنىڭ شەرتىگە قارىغاندا ھەممىدىن بەك ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىكتۇر.

مەنسۇر قالغان فاقىھلەرنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىمام ئەزەمگە مۇنداق دېدى:

- سۆزلىرىڭگە ئوخشاش ئىجتىھاتلىرىڭمۇ توغرا. لېكىن بۇ قىلغىنىڭ ئەيىپ. ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت، كىشىلەرنى ماڭا قارشى چىقىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ھۆكۈملەرنى بەرمە. قولۇم خاۋارىجلارنىڭ ياقىسىدا بولىدۇ».

ئىمام ئەزەم زالىم ھاكىمىيەتلەرگە قارشى ئىلىپ بارغان چارەك ئەسىرلىك كۇرەشدە بوشىشىپ قالمىغانىدى. بىر تەرەپتىن ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشقۇن پىرقىلەرنىڭ تەھدىدىگە دۇچ كەلگەنىدى. ھاكىمىيەت ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئىشنى ئىلگىرىكىدەك ئۆزىگە زىيان كېلىدىغان شەكىلدە قىلىشتىن تەپ تارتاتتى. ئىمامنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئورنىنى بىلگەن مەنسۇر قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى باش قازىلىق ماقامىغا تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە قاتتىق تەھدىت بولۇۋاتقان ۋە ئىسلامي پىرىنسىپلاردا ھېچقانداق شەكىلدە مۇرەسسە قىلمىغان ئىمامنى جىمىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئاخىرقى نەپسىگىچە ھاكىمىيەتنى تەڭلىكتە قويۇپ كەلگەن ئىمام ئەبۇ ھەنىفە شاھادىتى بىلەن ئىسلامى سىياسەت تارىخىدا  بىر داستان يازغانىدى.

# ئىمام ئەبۇ ھەنىفىنىڭ شاھادىتى

مېنى تارتىۋېلىنمىغان (ئېگىلىۋېلىنمىغان) بىر زېمىنغا كۆمۈڭلار!

-ئىمام ئەزەم

ھاكىمىيەتنىڭ ئۆچمەنلىكى سەۋەبىدىن ئىمامنىڭ تارتقان ئەزىيەتلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا توختالدۇق. ئۇنىڭ قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ كۆزدىن يوق قىلىنىشىدا بەزى كىچىك سەۋەبلەرمۇ رول ئوينىغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ۋەقەلەر. بۇلارنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئاباسىيلار زۇلۇمىنىڭ ئەھلى بەيتكىچە يېتىپ كېلىشى بولۇپ، ئەبۇ ھەنىفە ئۇستازى ئىمام زەيدنىڭ ھىجرى 120 - يىلىدىكى قوزغىلىڭىغا ياردەم بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇستازى ۋە ھەزرىتى ھەسەننىڭ نەۋرىسى بولغان ئابدۇللاھ بىن ھەسەننىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ قوزغىلاڭلىرىغىمۇ ئالدىنقىسىدىن قېلىشمىغىدەك دەرىجىدە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياردەم بەرگەن ئىدى. ئۇ خەلقنى ئۇلارغا بەيئەت قىلىشقا چاقىرىق قىلغان، ھەتتا ئۆزىمۇ ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلغانىدى. ھاكىمىيەت ھەدىيەلەر بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى بولغاندا، ئىمام ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلغان. مانا بۇلار خەلىپىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتكەن بولۇپ، ئاخىرى ئىمام شېھىت قىلىنغان.

2. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ھاكىمىيەت قازىسى ئىبن ئەبى لەيلا ئارىسىدا چوڭ زىددىيەت پەيدا بولغان. قازى ئىمامنىڭ ئىجتىھاتلىرىغا رازى بولمايدۇ. ئۇنىڭ توغرا بولمىغان پەتىۋالىرىنىڭ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە تەرىپىدىن تۈزىتىلىشى ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. بۇ ھالەتتىن تويۇپ كەتكەن

ئىبنى ئەبى لەيلا ئىمامنى مەنسۇرغا چاقىدۇ، مەنسۇرمۇ بۇنى بىر ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىدۇ. ئىمامنى مەنسۇرغا چېقىشتۇرغان يەنە باشقىلارمۇ بار ئىدى. ئەبۇ ھەنىفىنىڭ ئىجتىھاتلىرى ئارقىلىق مەنپەئەتلىرى زەخمەتكە ئۇچرىغانلار دەرت ئېيتىپ خەلىپىنىڭ يېنىغا باراتتى.

3. مەنسۇر ئىمامنىڭ ئىلمىگە قايىل ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھاجىبى رەبىئ ۋە يېقىنلىرىدىن ئەبۇ ئابباس ئەتتۇسى ئۇنى ئىمامغا قارشى كۈشكۈرتەتتى.

مانا بۇ سەۋەبلەرنىڭ تەسىرىدە مەنسۇر بىر چارە تاپتى: ئىمامغا قوبۇل قىلمايدىغان بىر ۋەزىپىنى تەكلىپ قىلىش، يەنى باش قازى بولۇش.

ئىمام بۇ تەكلىپنى مۇناسىپ بىر ئۇسۇلدا رەت قىلدى. مەنسۇر بۇ تەكلىپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاندا ئىمام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

«ئەگەر مېنى ۋەزىپە ئۈچۈن بۇ يەرگە چاقىرغان بولساڭ شۇنى بىلگىنكى، مەن بۇ ئىشنى قىلالمايمەن. بۇ ئىشنى قىلىدىغان كىشى قابىلىيەتلىك بولۇشى كېرەك. ساڭا، سەركەردىلىرىڭگە، ئەمەلدارلىرىڭغا گەپ ئاڭلاتقۇدەك قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. سىلەرنىڭ، بالاڭلارنىڭ ۋە ئەمەلدارلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق قىلىشقا مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدۇ»[98].

مەنسۇر ئىمامنى بۇ شەكىلدە ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ ئىمام ۋەزىپىنى قوبۇل قىلسا مەسىلە ئۆزلىگىدىن ھەل بولۇپ، ئۆكتىچىلىكتىن ھاكىمىيەتنىڭ چاكىرىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەگەر قوبۇل قىلمايدىغان بولسا مەسىلە يەنىلا ئۆزلىگىدىنلا يېشىلىپ، ئىمامنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ بىر باھانىسى بولۇپ بېرەتتى. كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا بىرئاز قان ھىدى ۋە قىيىن

---

[98] مەككى، « مەناقىبۇ ئەبى ھەنىفە»، 191 ـ بەت

قستاق بىلەن ھەل بولاتتى. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا ھاكىمىيەت پايدا ئالاتتى.

ئۇلار چىڭ تۇرۇۋالغانسېرى ئىمامنىڭ كۆرسىتىدىغان سەۋەبلىرىمۇ داۋام قىلىدۇ. بۇ جەرياندا مەنسۇر بىلەن ئىمامنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ دىئالوگلار بولۇپ ئۆتىدۇ. بۇ دىئالوگدا مەغلۇپ بولغان تەرەپ ھەمىشە مەنسۇر بولاتتى. ئىمام بۇ قېتىم تېخىمۇ كەسكىن سۆزلەر بىلەن تەكلىپنى رەت قىلىپ قەسەم ئىچىدۇ:

- ئالل‍اھتىن قورقىمەن. بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە ياخشى بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. سىلەرنىڭ زىتىڭلارغا تېگىدىغان بىر ھۆكۈم چىقىرىشىم مۇمكىن. ئۇ ھالدا غەزىپىڭىدىن خاتىرجەم بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. مېنى فىرات دەرياسىدا بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن دەپ تەھدىت قىلىسەن. بوغۇلۇپ ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئەمما قارارىمنى ئۆزگەرتمەيمەن. سېنىڭ ئەتراپىڭدىكى كىشىلەر ئۆز ئارزۇ ۋە ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە بىنائەن ھۆكۈم چىقىرىدىغان بىرىنى خالايدۇ. ئالل‍اھ بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭغا مەن يېقىنمۇ كەلمەيمەن. شۇڭا بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلالمايمەن.

مەنسۇر غەزەپلەنگەن ھالدا:

- يالغان ئېيتىۋاتىسەن، سەن ئۆزگىرىپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

ئىمام ئۇنىڭ بۇ غەپلىتىنى ئۆتكۈزۋەتمىدى:

- بۇ سۆزۈڭ ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى ھۆكمىڭنى بەرگەن بولدۇڭ. بىر يالغانچىنىڭ سېنىڭ مۇلكىڭگە باش قازى بولۇشى قانداقمۇ جائىز بولسۇن؟[99]

شۇنىڭ بىلەن مەنسۇرمۇ تەكلىپىنى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇرىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچىپ، ئىمامنى زىندانغا تاشلاپ دەررە

[99] مەككى، « مەناقىبۇ ئەبى ھەنىفە»، 428 ـ بەت

ئۇرۇشقا بۇيرىدى. ھەر كۈنى ئون دەررە ئۇرۇلاتتى. بۇ سان كۈندىن كۈنگە قاتلىنىپ، ئاخىرى كۈنلۈك دەررە سانى يۈز ئونغا يەتكەنـدە ئىمـام ئىبىـر يارا ئىچىدە روھىنى تەسلىم قىلدى.

گەرچە ئىمامنىڭ شاھادىتىنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەققىدە بەزى پەرقلىق مەلۇماتلار بولسىمۇ، ئۇنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقى ئېنىق ئىدى.

تالىپى ۋە ئەگەشكۈچىسى ئىمام زۇفەردىن كەلگەن رىۋايەت مۇنداق:

«مەنسۇرنىڭ ئەبۇ ھەنىفىنى تۇتۇپ يالاپ ئېلىـپ كېلىش ھەققىـدىكى يارلىقى كۇفە ۋالىسى ئەيسا بىن مۇساغا يېتىـپ كېلىشى بىـلەن تەڭ ئـۇ ئىمامنى باغداتقا ئېلىپ كەلـدى. ئـۇ زىندانـدا زەھەرلىـنىش نەتىجىسـدە ۋاپات بولدى»[100].

ئىمامنىڭ مەنسۇرنىڭ ئۆزىنى زەھەرلەش نىيىتىدە بولغانلىقىنى تۇيۇپ قالغانلىقىنى تۆۋەندىكى رىۋايەتتىن بىلەلەيمىز:

«ئىمـامنى زىندانـدىن سـارايغا كەلتـۈرگەن مەنسـۇر ئۇنىڭغـا قـاۋۇت (تالقان) تەڭلەپ ئىچىشكە بۇيرىدى. ئىمـام ئىچكىلـى ئۇنىمـدى. مەنسۇر «چوقـۇم ئىچىسـەن» دېـدى. ئىمـام يەنە ئىچمـىدى. خەلـپە ئـۇنى زورلاۋەرگەنلىكتىن ئىمام قارشىلىق كۆرسىتەلمەي ئاخىرى ئىچتى. ئاندىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالـدا ئورنـىدىن تـۇردى. مەنسۇر «قەيەرگە؟» دەپ سورىدى. ئىمام «سەن مېنـى ئەۋەتـكەن يەرگە» دەپ زىنـدانغا كەتتـى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى»[101].

«مەنسۇر ھەر كۈنى ئىمامغا ئـون دەررە ئۇرۇشـنى ۋە ھەر كـۈنى ئـون دەررە قوشـۇپ ئۇرۇشـقا بۇيرىـدى. قىـيىن - قىسـتاقنىڭ داۋام قىلىشـىغا قارىماسـتىن ئىمـام ئىبـادەتتىن قالمـىدى، زىكىـر قىلاتتـى ۋە يىغلايتتـى. شـېھىت قىلىـنغىچە مۇرەسسـە قىلمـىدى. جەسـتى زىندانـدىن ئېلىـپ

---

[100] مەككى، « مەناقىبۇ ئۇبى ھەنىفە»، 428 - بەت

[101] مەككى، « مەناقىبۇ ئۇبى ھەنىفە»، 429 - بەت

چىقىلغاندا كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆز يېشى قىلدى. جىنازە نامىزىنى ئوقۇپ ھەيزەران مازارلىقىغا دەپنە قىلدى. جىنازە نامىزىغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانى 50 مىڭدىن كۆپ ئىدى. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ھىجرى 150 - يىلى رەجەپ ئېيىدا، 70 يېشىدا شېھىت بولدى»[102].

يەتمىش ياشتىكى بىر ئىنسان ئۈچۈن قاتتىق ئېغىر بولغان بۇ قىيىن - قىستاق ئاستىدا، «ئاللاھىم مېنى قۇدرىتىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ زۇلمى ۋە فىسقى - فۇجۇرلىرىدىن يىراق قىل» دېگەچ جان ئۈزگەن بۇيۈك ئىمام ۋاپاتىدىن بۇرۇن مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى:

«مېنى تارتىۋېلىنمىغان بىرەر زېمىنغا كۆمۈڭلار!».

ئىمامنىڭ بۇ ۋەسىيتىنى ئاڭلىغان ھۆكۈمدار «ساق ۋاقتىدا قىيىنغاندەك ئۆلگەندىمۇ مېنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى. ئەمدى كىم مېنى ئۇنىڭ نەزىرىدە بىگۇناھ قىلىپ كۆرسىتىدۇ؟» دېدى.

بۇ ئاللاھقا بېغىشلانغان شەرەپلىك بىر ھاياتنىڭ شەرەپلىك ئۆلۈمى ئىدى. ئۇ زالىملار بىلەن مەزلۇملارنىڭ توختىماس كۈرىشىدە ئېزىلگەنلەرنىڭ سېپىدە تۇرغان ئىدى. زۇلۇمنى قوللاپ ئالقىشلىماسلىق بىلەن بىرگە، بىر بۇلۇڭدا ئىلىم ۋە كىتابلارنىڭ كۆلەڭگىسىگە سىغىنىپ ياشىمىغانىدى. بىر پەيغەمبەر ۋارىسى سۈپىتىدە ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى ھېچ ئۇنۇتمىدى: «مۇئمىنلەردىن شۇنداق جەسۇر كىشىلەر باركى، ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. بەزىلىرى نۆۋىتىنى ساقلاۋاتىدۇ، ئۇلار ئەھدىسىنى بۇزغىنى يوق» (ئەھزاب، 23- ئايەت). يولىنى بويلاپ ماڭىدىغانلارغا قان بىلەن قويۇلغان شەرەپلىك بىر سەھىپە قالدۇرۇپ كەتتى.

ئىلمىنى تىجارەتكە ئايلاندۇرۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىدى. ئەگەر زالىملارنىڭ زۇلمىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرغان بولسا ئىدى،

---

[102] مەككى، « مەناقىبۇ ئەبى ھەنىفە»، 429 - 430 - بەت

هاكىمىيەت تەرىپىدىن ھەر دائىم ھۆرمەت ۋە ئىززەت كۆرگەن، ھەر دەۋردە ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن بولاتتى. «بويىنىمىزغا دار ئاغامچىسى سېلىنغان تەقدىردىمۇ ۋەدىمىزدىن قايتمايمىز» دەيتتى. ئاللاھقا ھەر قانداق شەرت - شارائىتتا ھەقنى جاكارلايدىغانلىقى ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنۇتمىغان ئىدى.

ھاياتىنىڭ ھېچبىر مەزگىلىدە سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتمىدى ۋە مۇرەسسەچى بولمىدى. ئەڭ قىيىن مەزگىللەردىمۇ باشقىلارنىڭ ئەيىپلىشىدىن قورقماستىن ھەقنى جاكارلاشتىن يالتايمىدى. ئەمەۋى ۋالىيسى ئىبنى خۇبەيرەنىڭ زۇلۇمى ئالدىدىمۇ «مەن ئۇچۇن بۇ دۇنيادا دەررە يېيىش ئاخىرەتتە جازاغا دۇچار بولۇشتىن خەيرلىكتۇر» دېگەنىدى.

تەكلىپ قىلىنغان ۋەزىپىلەر ئۇ ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ زۇلۇمغا يانتاياق بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. زالىملارنىڭ زۇلمىنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىشنى خالىمايتتى. مەمۇرلۇققا نىسبەتەن بىرەر سەلبىي قارىشىمۇ يوق ئىدى. باغدات بىنا قىلىنىشقا باشلىغاندا، بىر مۇددەت پەخرى بوغالتىر بولۇپ ھېساپ تۇتقان ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ خىزمەتنى باش قازىلىق بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويمايتتى[103]. بۇ كۆز قارىشىدا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تارىخقا بىر كۆز يۈگۈرتىشىمىز كۇپايە قىلىدۇ. زالىم سەلتەنەت تۈزۈملىرى ئىلمى بىلەن تونۇلغان كىشىلەرنى ھەر خىل ئۇنۋان بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئىلمى ۋە تەجرىبىسىدىن پايدىلانغان ھەم ئۇلارنىڭ ئۆكتىچىلىرىدىن كېلىدىغان زىيانلاردىن ساقلانغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ

103 ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئاباسىيلار دەۋرىدە، باغدات شەھرى بىنا قىلىنىشقا باشلانغاندا، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا ئائىت ھېساپ ـ كىتاب ئىشلىرىنى ( جەسساس ' سامان ' ئىشى دەيتتى ) پەخرى بولۇپ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ بىر مەمۇرى خىزمەت ئەمەس ئىدى ۋە ئىمامنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى بىلەنمۇ زىت ئەمەس ئىدى. ھەتتا جەسساس، بۇ ۋەزىپىنىمۇ قۇبۇل قىلمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ھەقسىز مەۋجۇتلىقنى ئۇلارنىڭ سايىسىدە يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىپ كەلگەنىدى. بۇنى ياخشى بىلگەن ئىمام ئىبن خۇبەيرە ئۇچۇن «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ماڭا ۋاست مەسجىدىنىڭ ئىشىكلىرىنى سانا دېيىشمۇ سانىمايمەن» دەپ ھاراملارغا ۋاستە بولۇپ قالماسلىقتەك ھۇشيارلىقنى نامايەن قىلغان ئىدى.

سىياسەتنىڭ ۋە فىقھىنىڭ كاتتا ئىمامى ھاكىمىيەتنىڭ «ھەدىيە» نىقابى بىلەن پەردازلانغان سېتىۋېلىش ھىيلىسىنىڭ دامىغىمۇ چۈشمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى ئىسلامنىڭ پايدىسىغا ئەڭ ياخشى شەكىلدە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ھاكىمىيەت قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغان ئىشلارغا يېقىن يولۇمىدى. ئۆزى يېقىنلاشماسلىق بىلەن بىرگە، باشقا ئالىملارنىمۇ بۇ خەتەردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىقتىسادى ياردەم بەردى. ئۇ زالىملارنىڭ نېنىنى يېيىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بىر خارلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

غەلىبە قىلىش ئېھتىمالى تۆۋەن بولسىمۇ زۇلۇمغا قارشى جەسۇرلۇق بىلەن كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنى چىن دىلىدىن قوللاپ، مېلى، ئىجتىھاتى ۋە تالىپلىرى بىلەن بۇ قوزغىلاڭلارغا ياردەم قىلغانىدى.

قوزغىلاڭلارغا قارىتا قولىنى يىپيۇرۇۋېلىپ يۇرسىمۇ بولاتتى. ھەم دۇمباقنىڭ ئۆزىگە ھەم قاسقىنىغا ئۇرۇشنەك بىر مۇئامىلىدە بولۇشتا ۋە ئۇنىڭغا يەتكۈدەك ئۆزۈر - باھەنە تېپىشتا قىينىلىپمۇ كەتمەيتتى.

قوزغىلاڭلارغا ياردەم بەرمەسلىك ئۈچۈن يەتكۈدەك باھانىسىنىڭ بارلىقىنى ھەر كىم بىلەتتى. ئەمما ئۇ قەيەردە بىر زۇلۇمغا قارشى قوزغالغانلار بولسا ئالدى بىلەن ئۆزى ئۇلارغا ئەگەشكەن، ئاندىن خەلقنىمۇ ئۇنىڭغا چاقىرغان ئىدى. ئىمام زەيدىنىڭ ئەلچىسىگە 10 مىڭ دەرھەم بېرىپ ئۆزرىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈنگەن، ئۇنىڭ قوزغىلىشىنى رەسۇلۇللاھنىڭ بەدىردىكى ھەرىكىتىگە ئوخشاتقان ئىدى. يەنە ئوخشاش شەكىلدە ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىبراھىمنىڭ قوزغىلاڭلىرىدىمۇ

ھاكىمىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك دەرىجىدە ئوچۇق - ئاشكارە شەكىلدە مەيدانىنى نامايەن قىلغان بولۇپ، ئىماملارنىڭ شاھادەت خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆڭلەرچە ئۆيىدىن تالاغا چىقماي كۆز يېشى تۆككەن ئىدى. ئۇلارنى قەتئىي گۇناھكار چاغلايدىغان مۇئامىلىدە بولماي، ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن ھەقلىق تەنقىد قىلىشقىمۇ يول قويۇلمىغان ئىدى.

ئىبىن مەسئۇد، سەئىد بىن جۇبەير، ئىبراھىم ئەننەھائىنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۆكتىچى فىقھىنى «تەدۋىن (توپلام)» قىلىدۇ. دوستلۇقتىمۇ ۋە دۈشمەنلىكتىمۇ ئادالەتنى قولدىن بەرمەي، سۈننەت ئەھلىنىڭ مۆتىدىل بولغان ئوتتۇرا يولىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنى قىلغاندا خاۋارىج باشباشتاقلىقىغا يول قويمايدۇ ياكى مۇرجىئە پۇرسەتپەرەسلىكىگە كۆز يۇممايدۇ. رەسۇلۇللاھ ۋە ئەسھابىلىرىنىڭ يېرىم ئەسىر ئىچىدە سۇلتانلار قولىدا ۋەيران قىلىنغان قۇتلۇق مىراسىنى ئۆزىگە خاس فىقھ ئۇسۇلى بىلەن ئۇيغۇن بىر شەكىلدە توپلاپ چىقىدۇ.

ئىمام «سىياسىتى ئىبادەت، ئىبادىتى سىياسەت» بولغان بىر دىنىنىڭ مەنسۇبى ئىكەنلىك چۈشەنچىسى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن زالىملار ئالدىدىكى خارلىقىغا باھانە بايان قىلغۇچىلارغا بۇ ھەقتىكى ئەڭ ئۆتكۈر گېپىنى ھاياتى بىلەن ئېيتقانىدى. ئىمام ھاياتى ئارقىلىق مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق بولمىغان بىر دىن چۈشەنچىسىنىڭ ئىسلام بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلغان ئىدى.

ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىدا «مېنى تارتىۋېلىنمىغان بىر زېمىنغا كۆمۈڭلار!» دېگەن ئىبىسل ئىمام ھايات ۋاقتىدا يېقىن يۇلۇمغان زۇلۇمغا جەستىنىمۇ يېقىن كەلتۈرۈشنى خالىمىغان ئىدى. پەقەت فىقھىتلا ئەمەس، ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەرگە سىياسەتتىمۇ ئىمام ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق شەكىلدە ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى.

ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغان زالىملار تارىختىكى باشقا زومىگەر ھۆكۈمدارلارغا ئوخشاش ئۇنتۇلۇپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ تۇپراقنى سۇغارغان قېنى ھەر زامان جانلىق، ھەر دائىم يېڭى مېۋىلىرىنى بېرىشكە داۋام قىلدى ۋە قىلماقتا.

ئىمامنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان ئەبۇ جافەر مەنسۇر ھىجرى 150 (مىلادى 767) - يىلى، يەنى ئىمامنى قەتلى قىلغان يىلى خىرىستىيان تىۋىپى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى[104].

## مۇستەقىل شەرىئەت كېڭىشى

ئەسىرى سائادەتتە مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراتتى. رەسۇلۇللاھ بىلىدىغانلىرىغا جاۋاب بېرەتتى، بىلمەيدىغانلىرى ۋەھىي ئارقىلىق ئۆگىتىلىدىغان بولۇپ، ھەممە ئىش جانلىق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلاتتى. ھېچقانداق بىر نەرسىنى يىغىشقا ياكى يوشۇرۇپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. يەنى بىلىم بىر «مىراس» ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر پەيغەمبەر بار ئىدى. بىرەر مەسىلىدە شۈبھىلىنىپ قالغاندا، ۋەھىينىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا يول كۆرسەتكۈچى چىراق بولاتتى. ۋەھىينىڭ نازىل بولۇپ تۇرۇشى سائادەت نەسلىگە بىلىم توپلاش (يادلاش)، تۈرلەرگە ئايرىش ۋە يېزىپ قالدۇرۇش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرمىغانىدى.

راشىد خەلىپىلەر دەۋرىدىمۇ مۇشۇنداق بولدى. تېخى ئىسسىقىدا تۇرغان ۋەھىي بىلەن تەربىيىلەنگەن جانلىق نەسىل ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان تەجرىبىلىك غوللۇق ساھابىلەر سايىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىلىرى ھەل قىلىنغان ئىدى.

---

[104] تاباري، تارىخ،423 ـ 422 / III

ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چىقىش سەۋەبى سىياسى ئىدى. هاكىمىيەت «نەبەۋى» ئاساسلاردىن ئايرىپ تاشلىنىپ، «سۇلتانى» تۈس ئېلىشى بىلەن تەڭ ئىككى ئۇچلۇق بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنى دىنىي يېتەكچىلىك ۋە دۇنياۋى يېتەكچىلىك. نۇبۇۋۋەت ۋە خەلىپىلىك دەۋرلىرىدە بۇ ئىككى يېتەكچىلىك بىر گەۋدە ئىدى. هاكىمىيەتنىڭ لايىق بولغانىنىڭ ئەمەس كۈچلۈك بولغانىنىڭ قولىغا ئۆتۈشى بىلەن تەڭ «هەق» بىلەن «كۈچ» بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلاندى.

دىنىي يېتەكچىلىككە ۋەكىللىك قىلغان ئالىملار (ئۆلىما - فاقىهلار) «هەق»نى، دۇنياۋىي يېتەكچىلىككە ۋەكىللىك قىلغان سەلتەنەت بولسا كۈچنى قولىدا تۇتقان بولۇپ، ئەبەدىي كۈرەش قايتا باشلانغان ئىدى. «كۈچ - قۇدرەت»نى قولىدا تۇتۇپ تۇرغانلار «هەق»لىق بولغانلارغا هەققىنى بەرمەسلىك ئۈچۈن بۇ كۈچنى قوللىناتتى. هەققى بولغانلار تەبىئىي هالدا بۇ كۈچنىڭ ئالدىدا باش ئەگمىدى. ئاخىرىدا ئۇرۇش چىقتى، يەنى هەق ئىگىلىرى بىلەن كۈچلۈكلەرنىڭ ئۇرۇشى... هەقنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان هەر بىر ئىنتىلىش كۈچنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان هۆكۈمدارلار تەرىپىدىن رەهىمسىزلىك بىلەن قانلىق شەكىلدە باستۇرۇلدى. نەتىجىدە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قان تۆكۈلدى ۋە دەۋا شۇنىڭ بىلەن خۇن دەۋاسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بۇ كۈرەشتە كۈچلۈكلەر هەققەتنى قولىغا كىرگۈزەلمىگەنلىكى ئۈچۈن غەيرى يوللارغا مۇراجىئەت قىلغان بولۇپ، سېتىۋېلىش، مەنسەپ بېرىش بۇ يوللاردىن بىر قانچىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ «هەقنى كۈچ بىلەن بىرلەشتۈرەيلى» دەيدىغان غەم - قايغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا ئىلكىدىكى كۈچنى شەرئىلەشتۈرۈش ئۈچۈن هەققەتنىڭ ئەڭ چوڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان ئىلىمنى قولىغا كىرگۈزمەكچى بولدى. بۇ مەقسەتتە مەخسۇس مۇئەسسەسەلەرنى قۇردى. مەبلەغ ئاجراتتى.

«كۆچ»نىڭ قاناتلىرى ئاستىغا كىرگەن، لېكىن ھېچبىر زامان كۆچ بىلەن تەڭ ھالغا كېلىشكە يول قويمىغان «ھەق»نىڭ ۋەكىلى دەپ قارىغان ئالىملارنى زۇرۇر تېپىلغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن يېنىدا تۇتتى.

ھەقىقەتكە كەلسەك... ئۇ ئۆزىدىن مەجبۇرىي ئايرىلغان كۆچ بىلەن بىرلىشىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. چۈنكى كۆچى بولمىغان ھەقنىڭ ھەق بولالمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ قان تۆكتى، جان بەردى. بۇ كۆرەش ئالدى بىلەن سىياسى ساھەدە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ ساھە پۈتۈنلەي كۆچلۈكلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ ساھەدە ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشلەر بەك قانلىق بولۇپ، مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنەتتى. بۇنى كۆرگەن بەزى ھەق ئىگىلىرى چۈشكۈنلىشىپ پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش، يەنى ئىچىدە نارازى بولۇش يولىنى تۇتاتتى. بەزىلىرى بۇ ئىشتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ ئىشنى «تەقدىر پىشانە» گە ئارتتى. يەنە بەزىلەر مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاقىۋىتى قانلىق شەكىلدە ئاخىرلىشىدىغان كۆرەشنى داۋام قىلغان بولسا، يەنە كىملەردۇر ھەقنىڭ ئەڭ چوڭ تايانچى بولغان «ئىلىم» نى «كۆچ»كە قارشى قوللىنىشقا تىرىشتى.

ئەڭ ئاخىرقى ئۇسلۇپ خېلى نەتىجە بەردى. كۆچ ئىگىلىرى ئۇلارغا مۇھتاج بولاتتى، ئۇلارمۇ بۇنىڭدىن مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا پايدىلىناتتى. ئالىملارنىڭ بەزىلىرى «كۆچ» ئالدىدا ئۆزىگە خەلقنى يار - يۆلەك سۈپىتىدە كۆرگەن بولۇپ، خەلق قەلئەسىنىڭ بۇرچلىرىدىن ئۆزىگە ماكان تۇتۇپ، ئۆزىگە «كۆچ - قۇۋۋەت» ئالاتتى. خەلق «كۆچ»كە يۆلەنگەن ئۆلىمادىن قاچاتتى. گەرچە خەلقنىڭ بۇ تەبىئىتى ئۇلارنى جاسارەتلەندۈرگەن بولسىمۇ، بۇ جاسارەتتىن پايدىلىنىپ تەشكىللىك شەكىلدە ھەرىكەت قىلىدىغانلار چىقمىغانىدى.

بۇ ئارىلىقتا، كېڭەيگەن دۆلەت تېررىتورىيىسى، يېڭى دىنغا كىرگەن ئوخشىمىغان تىلدىكى قەۋملەر ۋە يېڭى - يېڭى مەسىلىلەر بىر قاتار

سوئاللارنى پەيدا قىلغانىدى. بۇ ئادەتتە شەخسلەر ھەل قىلىپ كېتەلمەيدىغان چوڭ مەسىلىلەر ئىدى. ئوتتۇرىدا شۇنچە كۆپ مەسىلە ۋە ئۇنىڭغا ماس ھالدا شۇنچە كۆپ كۆز قاراشلار بار بولۇپ، توغرىسىنى ئىسپاتلاش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيتتى، خاتانى تېپىپ ئۇنى بىكار قىلىش كېرەك ئىدى. بۇ يالغۇز بىر كىشى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولۇپ، بۇ ئىشنى رەتكە سالىدىغان مەركەز ۋە كۈچ يەنىلا ھاكىمىيەت ئىدى. ئەمما ئۇنى خەلق ئېتىبارغا ئالمايتتى. خەلقنىڭ قارشىلىقىنى كۆرمەسكە سالساقمۇ، بۇ قېتىم بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولغانلارنىڭ رازى قىلىنىشى كېرەك بولۇپ، ئۇ تېخىمۇ مۇشەققەتلىك ئىدى. سۇلتاننىڭ بوسۇغىسىغا يېقىن كەلمىگەن فاقىھلاردىن قېچىپ قۇتۇلالىغانلار قاچاتتى، قۇتۇلالمىغانلار يا خەلقنىڭ نەزىرىدىكى ئېتىبارىنى يوقىتىش بەدىلىگە نارازى بولغان ھالدا ۋەزىپىنى قوبۇل قىلاتتى ياكى ئىمام ئەزەمگە ئوخشاش ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماستىن ھاكىمىيەتنىڭ بېسىمى ئالدىدا تىك تۇراتتى.

شۇنداقتىمۇ ئۈممەتنىڭ كۆپەيگەن سوئال ۋە مەسىلىلىرى ھەل قىلىنىشىنى ساقلاۋاتاتتى. مانا بۇ دۆلەت ئۆكتىچىلەر سەۋەبىدىن، ئالىملارمۇ يېتەرلىك خادىمنىڭ بولماسلىقى ۋە شارائىتنىڭ يار بەرمەسلىكى سەۋەبىدىن ھەل قىلالمىغان ئىش ئىدى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ ئىمام ئەزەم يەڭنى تۈرگەن ئىدى.

ئىمام ئالدى بىلەن زېرەك كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن بىر كېڭەش (ھەيئەت) قۇرۇپ چىققانىدى. بۇلارنىڭ سانىنى مەككى ئۇنىڭ ئاغزىدىن نەقىل قىلىدۇ:

«بۇ 36 كىشىدىن 28 ى قازىلىق ئورۇنلىرىغا لايىقتۇر. ئالتىسى يۇقىرى تالانتى بىلەن مەنبەلەردىن مەسىلىلەرگە ھەل قىلىش چارىسى

تاپالىغۇدەك قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى»[105].

ئەبۇ ھەنىفە تالىپلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزى يالغۇز ھالىدا ئىجتىھات قىلمىدى. ئۇلارنىڭ قىممىتى ۋە قەدرىنى بىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلمىي تەقسىمات ئېلىپ باردى. مەسىلەن، ئىمام زۇفەر ھەيئەتنىڭ ھەدىس مەسئۇلى ئىدى. ئالدىغا بىر مەسىلە كەلگەندە، ئەڭ باشتا ھەيئەتتىكى مەزكۇر مەسىلىگە مەسئۇل كىشىنىڭ پىكرى ئېلىناتتى ۋە بۇ ھەقتە ھەممە بىردەك ئويلىناتتى. ھەيئەتتىكى ھەر ئەزانىڭ پىكىر قىلىش ھوقوقى بار بولۇپ، بۇ پىكىر - قاراشلارنىڭ ھەممىسى ھەيئەت كاتىپى ئەبۇ يۇسۇپ تەرىپىدىن خاتىرلەنگەنىدى. ئەبۇ يۇسۇپ: «بۇ مەجلىس خاتىرىسى ئوقۇلىدىغان ۋاقىتتا پەقەت ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىنىلا ئوقۇيتتىم. بىر قېتىم يادىمدا يوق باشقا قاراشلارنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا، "بۇ كىمنىڭ سۆزى" دەپ سورىدى» دېگەن.

ھەيئەت بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە نەچچە ئاي توختىلاتتى. مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باراتتى، مەسىلىلەرگە ھەل قىلىش چارىسى تېپىشقا تىرىشاتتى.

خەلق بۇنى بىلگەنلىكتىن، ھەر تەبىقىدىن ۋە ئىسلام جۇغراپىيىسىنىڭ ھەر قايسى تەرىپىدىن مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن كىشىلەر كېلەتتى ۋە جاۋابىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتاتتى. ئەبۇ ھەنىفىنىڭ دەرس ھالقىسى خەلقنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك قازى مەھكىمىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە نەچچە كۈن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئىمام پەقەت بىر نەرسە دېمەيتتى، ھەر كىم ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئەركىن ھالدا بايان قىلاتتى، ئەڭ ئاخىردا ئىمام بۇ ھەقتىكى قارىشىنى ئوتتۇرىغا

---

[105] مەككى، « مەناقىبۇ ئەبى ھەنىفە»، 508 ـ بەت

قويــاتتى. قەردەرى مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــۇ ۋاقتتــا مەزكــۇر ســورۇندا ھېچكىمــدىن بىــر ئېغىــز سـۆز چىقمــايتتى، خــۇددى مەجلىســتە ھېچكىم يوقتەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى».

ئابدۇللاھ بىن مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ:

«بىر قېتىم بىر مەسىلە ھەققىدە ھەيئەت ئارىسىدا ئۈچ كۈن مۇنــازىرە بولدى. لېكىن ئۈچىنچى كۈنى ناماز شام ۋاقتىدا مەسىلە ھەل بولدى».

ئىمام قۇرۇپ چىققان بۇ «مۇستەقىل شەرىئەت شۇراسى»دە تەخمىنەن 83 مىــڭ ســوئالغا جــاۋاب تېپىلغــان ئىــدى. بــۇ مەســىلىلەر ھەر تۈرلــۈك بولۇپ، ئىقتىسادىي، سىياسى، ئىبادەت، مەدەنىيەت، شەخسى، ئىجتىمــائى تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھەتتا خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ۋە مىللەتــلەر ئارا ھەق - ھوقۇق ۋە پرىنسىپقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ئاساسى بۇ يەردە ســېلىنغانتى. كېيىنكــى مەزگىلــلەردە توپلانغــان ئەبــۇ يۈســۈپنىڭ «كىتابۇل ھەرەج» ۋە ئىمام مۇھەممەد ھەسەن ئەششەيبانىنىڭ خەلقئــارا مۇناسىۋەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «كىتابۇس سىيەر» نــاملىق ئەســەرلىرى بۇ بىرىكمىنىڭ مېۋىسى ئىدى.

ئىمامنىــڭ فىقھىســى دۆلەت نۇقتىســىدا «ئــادالەت»نــى، شەخســى نۇقتىدىن «ھۆررىيەت»نى ئاساس ئالغان ھالدا تۈزۈلگەن بىر فىقھتۇر. بــۇ فىقھنىڭ ئۈچ مېۋىسى بار:

1. ئىمام ئەزەمنىڭ ئۆزىدە نامايەن بولــۇپ، ئــۇنى سىياســەتتىمۇ ئىمــام قىلغان ئۆرنەك ھايات.

2. ئىســلامى سىياســەتنىڭ ئــۇلى بولغــان شــۇرا (كــېڭەش) ئىلىــم ساھەســىگە ئېلىــپ كىرىلــىپ، فىقھشۇناســلارنىڭ يېتىشــىپ چىقىشــىنى ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن روياپقا چىقىرىشى.

3. ئادالەت ۋە ھۆررىيەت ئاساس قىلغان ئۇسلۇب بىلەن ھەل قىلىنىپ توپلانغان مىڭلىغان مەسىلە ۋە بۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر فىقھ ئېقىم.

ھەنەفى فىقھ ئىقىمىنىڭ بۇنچىلىك كەڭرى يېيىلىپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى مەزھەپنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى (رەيچى - مەقسەت، چۈشەنچىنى ئاساس قىلىش) سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان «كەڭ ئىمكان» بىلەن تەمىنلىگەنلىكى بولۇپ، ھاكىمىيەت ھەنەفى فىقھىنى «ياقتۇرۇش»تىن بەكرەك «قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان» دېسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ. ھەر قانداق فىقھ ئىقىمى ھەر قانداق شارائىتتا تۇتۇپ مېڭىشقا ماس كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ بەزى فىقھ ئېقىملار قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن شەخس ۋە ئاۋامنىڭ ھەرىكەت ساھەسىنى تارايتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئانچە قوبۇل قىلىنمىغان. قوبۇل قىلىنغان تەقدىردىمۇ «تەدبىقلىنىشچانلىقى» بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەرك قىلىنغان. بېرىلگەن ئىمكانلارنىڭ كەڭرىلىكى سەۋەبلىك ھەنەفى فىقھ ئىقىمى ھاكىمىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا جاۋاب بېرەلىگەن ئىدى. ئەمما ھاكىمىيەت ئۇنىڭ بۇ خاسلىقىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، «ئۆرپ-ئادەت» ۋە باشقا ئىسىملار بىلەن سەلتەنەت ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان بولۇشى مۇمكىن. تارىختا كۆرۈلگەن بۇنداق بۇرمىلانغان ۋە خاتا ئىجرائاتلارنىڭ بەدەلىنى ئەلۋەتتە مەزھەپكە ئارتىپ قويماسلىق كېرەك.

تېمىمىز تەقەززاسى سەۋەبىدىن ئىمامنىڭ سىياسى ئىجتىھاتلىرى ھەققىدە توختالماي بولمايدۇ. «سىياسى» - «ئىبادى»دىن ئىبارەت خاتا بىر مەنتىقە بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىنى ئايرىۋېتىشكە ئاساسى نۇقتىدىن قارشى تۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، مەقسىتىمىزنى چۈشەندۈرۈشتە قولايلىق بولسۇن دېگەن ئوي بىلەن بۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدۇق.

ئىمان ۋىجدانلارغا، ئىسلام مەسچىتلەرگە، فىقھ كىتابلارغا قاماپ قويۇلغان بىر دەۋردە، بەزى نەرسىلەرنى دېيىشنىڭ بەدىلى تولىمۇ ئېغىر بولىدۇ. بۇ بەدەللەرنى تۆلەشكە تەييار بولماي تۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان

ھەقىقەتلەرنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇلاردىن بىرى «دىن ۋە سىياسەت».

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە جېنىنى پىدا قىلغان سىياسىي پرىنسىپلىرى ھەققىدە توختالماسلىق خۇددى گۆرۈچسىز پولو ئەتكەندەكلا بىر ئىش. ئىمام ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىغانلارغا ئەقلىم ھەيران.

شەرىئەت، ئىسمىدىن مەلۇم بولغاندەك سىياسەت بىلەن كۈچ سىنىشىۋاتقان بىر مۇئەسسەسە. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بولسا پەقەت ئىسلام تارىخىلا ئەمەس، دۇنيا تارىخى يېتىشتۈرۈپ چىققان نادىر قانۇنشۇناسلاردىن بىرى. ئەمدى بىز ئۇنىڭ چۈشەندۈرە - چۈشەندۈرە يادقا ئالدۇرۇۋەتكەن تەرەپلىرىنى ئەمەس، ئۇنى بىلمەيدىغان نەسىلگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان سىياسىي ئىجتىھاتلىرىغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى. بۇ ئىجتىھاتلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ قاتتىق تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان بەزى تېمىلارغا جاۋاب تېپىشتا پايدىسى بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

# سىياسەت ۋە ئىمامى ئەزەم

## يېتەكچىلىك

### دىن ۋە سىياسەت

«كۆرمەمسەنكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى، باشقۇرۇلۇشى يالغۇز ئاللاھ قا ئائىتتۇر...» (نۇر، 42).

سىياسەتنى قىسقىچە قىلىپ «باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ھەر شەيئى» دەپ ئېنىقلىما بەرسەك، ئىنساننى بۇ ئېنىقلىمىنىڭ سىرتىدا دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. بىر ئىنسان يا باشقۇرىدۇ ياكى باشقۇرۇلىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ئەھۋالدا ھەر ئىككىسىدۇر. يەنى ھەم باشقۇرماقتا ھەمدە باشقۇرۇلماقتا. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس باشقۇرۇش، يۈزلەندۈرۈش ۋە ئىدارە قىلىش ئۇسلۇبى بولىدۇ. مانا بۇ ئۇسلۇب ئۇ كىشىنىڭ «سىياسەت»ى دەپ ئاتىلىدۇ. مەيلى باشقىلارنى باشقۇرسۇن ۋە ياكى باشقۇرۇلسۇن بۇنىڭدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. ھەر قانداق سىياسەت بىر قاتار قائىدە - تۈزۈملەرگە تايىنىدۇ. بۇ قائىدە - قانۇنلار گەۋدىسى ئۇ قانۇننى بەلگىلىگۈچى ياكى بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ شەرىئىتى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، نەمرۇتنىڭ شەرىئىتى، پىرئەۋنىنىڭ شەرىئىتى دېگەندەك.

بۇ شەرىئەتلەر مەيلى قانۇن تۈزگۈچى بولسۇن ياكى قانۇنغا رىئايە قىلغۇچى نۇقتىسىدىن بولسۇن كۆپ خىللىققا ئىگە. شەخسنىڭ شەخس ئۈچۈن، شەخسنىڭ ئاۋام ئۈچۈن، ئاۋامنىڭ بىر تەبىقىسىنىڭ باشقا بىر

تەبىقە ئۈچۈن، ئاز سانلىقنىڭ كۆپ سانلىق ئۈچۈن بەلگىلىگەن شەرىئەتلىرىنى، يەنى بۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى «تەھەككۇم (ھۆكۈم چىقىرىش ۋەياكى ھۆكۈمرانلىق قىلىش)» دەپ ئاتايمىز.

پەرقلىق ماكان ۋە زامانلاردا ئاساسەن پەرقلىق تەھەككۇم شەكىللىرىگە ھەر خىل ئىسىملار قويۇلغان. مەسىلەن، ئولىگارخىيە (جاھانگىرلار كاپىتالنى مونوپول قىلىۋالغان)، پادىشاھلىق، تېئوكراتىيە (دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن)، دېموكراتىيە (كۆپسانلىق ھاكىمىيىتى) دېگەندەك... بۇ ئىسىملارنىڭ ھەر خىل بولۇشى كۆرۈنۈشىنىڭ ۋە باشقۇرۇش شەكىللىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قارىماستىن ھەممىسىنىڭ ئورتاق بىر نۇقتىسى بار، يەنى ئىنساننىڭ ئىنساننى باشقۇرۇش ئۈچۈن قانۇن بەلگىلىشى، بۇ قانۇن - تۈزۈملەر ئارقىلىق ئۆزى بىلەن ئوخشاش تۈردىكى مەۋجۇدىيەت ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق تىكلەپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر...

ھۆكۈمرانلىق ۋە تەشرى (قانۇن بەلگىلەش) نۇقتىسىدىن سىياسەت ئاللاھ نىڭ سىياسىتى ۋە بەندىلەرنىڭ سىياسىتى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ سىياسىتى؟

سىياسەت دېگەندە، ئەقلىگە تۇنجى بولۇپ كېلىدىغان نەرسە باشقۇرۇش، قانۇن چىقىرىش، ھۆكۈم قىلىشتۇر. بىر يەردە باشقۇرۇش، قانۇن تۈزۈش، ھۆكۈم چىقىرىش ھەققىدە توختالغان بولسا، ئۇ يەردە ئەقلىگە ئەڭ باشتا ئاللاھ كېلىدۇ. چۈنكى بۇ بارلىق سۈپەتلەر يارىتىلغانلارغا قارىغاندا ياراتقۇچىغا لايىقتۇر. چۈنكى، كۈچ ۋە قۇدرەت جەھەتتىن يارىتىلغانلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭ بىلەن تەڭداش ۋەياكى ئوخشاش بولالمايدۇ. مانا بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، بىرەر يەردە «سىياسەت» دېيىلگەندە، ئۇ يەردە تۇنجى بولۇپ ئەقلىمىزگە ئاللاھ كېلىدۇ. رىئايە

قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان قائىدە - قانۇنلار (شەرىئەت)دىن سۆز قىلىنغاندىمۇ ئەقلىمىزگە تۇنجى بولۇپ ئاللاھ نىڭ شەرىئىتى كېلىدۇ.

شۇنداق ئەمەسمۇ؟! ياراتقان مەخلۇقلىرىنى باشقۇرۇش ھەققىگە ياراتقۇچىدىن باشقا كىم لايىق بولالايدۇ؟ بۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ياراتقانلىقىغا ئىشىنىپ، بۇ مەخلۇقاتلىرىغا قانۇن - مىزانلار بەلگىلىمىگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەقىلسىزلىقتۇر. «ئەلۋەتتە ئۇ ئىنسانلارنى ۋە باشقا مەۋجۇدىيەتنى ئوييناش ئۈچۈن ياراتمىدى» (ئەنبىيا، 16).

كىتابىدا ئۆزىنى يېگانە قانۇن - مىزان بەلگىلىگۈچى دەپ ئېلان قىلغان ئاللاھ (رۇم، 4؛ ئەنئام، 57؛ قەسەس، 70؛ فۇرقان، 2) باشقۇرۇشقا ئائىت بەزى ئۇقۇملارنى ئۆزى ئۈچۈن قوللىنىدۇ.

مەسىلەن، ئاللاھ نىڭ تەرەپتارلىرى باردۇر: «كىم ئاللاھ نى ۋە رەسۇلىنى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى ۋەلىي قىلسا (دوست تۇتسا)، غالىپ كېلىدىغانلار يەنىلا ئاللاھ نىڭ جامائەسىدۇر» (مائىدە، 56). « ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغان، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن رازى بولغان ئىدى. ئەنە شۇلار ئاللاھ نىڭ جامائەسىدۇر» (مۇجادىلە، 22). ئاللاھ نىڭ سىياسىتىنىڭ قارشى تەرىپىدە شەيتاننىڭ سىياسىتىگە ۋەكىللىك قىلغان «ھىزبۇششەيتان (شەيتان پارتىيىسى)» باردۇر. قۇرئانى كەرىمدە بۇلار ھەققىدىمۇ سۆز قىلىنغان: «... ئۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى زىيان تارتقۇچىلاردۇر» (مۇجادىلە، 19).

ئاللاھ نىڭ قوشۇنى بار، جۇندۇللاھ - ئاللاھ نىڭ ئەسكەرلىرى... «ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرلەرنىڭ ئەسكەرلىرى ئاللاھ نىڭدۇر» (فەتىھ، 4،7). «... ۋە بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ» (ساففات، 173).

ئاللاھ نىڭ كۆزەتكۈچى مەمۇرلىرى (كىرامەن كاتىبىين)، مۇكاپات، سەلتەنەت (ئالئىمران، 26)، قانۇنلىرى (يۇسۇپ، 40)، كۈچى (مۇلۇك، 1)،

ھۆكۈم بېرىشى (تىن، 8) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا باشقۇرۇش ئىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ھەر نەرسە، ھەممە ئەڭ كاتتىسى ئۇنىڭدا (ئاللاھ تا) مەۋجۇتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىنى بىز مەخلۇقلىرىغا تونۇشتۇرغان ۋاقتىدا پادىشاھ (مەلىك)، سودىيە (ھاكىم)، ھاكىملارنىڭ ھاكىمى، باشقۇرغۇچى (مۇدەببىر)، كۈچى بار (قادىر)، ئۇلۇغ قىلىدىغان / ئەزىز قىلىدىغان (مۇئىز)، خار قىلىدىغان (مۇزىل)، كەچۈرگۈچى (رەھىم)، ئىنسانلارنىڭ پادىشاسى (مەلىكۇنناس) دەپ تونۇشتۇرماقتا.

ئۇ بىلدۈرگەن بۇ بارلىق روشەن بايانلارغا قارىماستىن، تېخىچە ئاللاھ نىڭ سىياستى (باشقۇرۇشقا ئائىت قائىدە - قانۇنلىرى) يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىش، ھەقىقەتتە ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئۇنى بىۋاستە ئىنكار قىلالمىغانلار مانا مۇشۇنداق ۋاستىلىق يولنى تاللاپ ئۇنىڭ سىياستىنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلماقتا.

ئاللاھ نىڭ سىياستىنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كىتابىغا قىسقىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ:

«ئاسماندىن يەرگە ئىشنى (ئەمرى) ئورۇنلاشتۇرىدۇ...» (سەجدە، 5).

«كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، باشقۇرۇلۇشى يالغۇز ئاللاھ قا ئائىتتۇر» (بەقەرە، 107).

«سەلتەنەتتە (مۈلكتە) ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر» (فۇرقان، 2).

«ئاسماندا ۋە يەر يۈزىدە نېمە بولسا ھەممىسى ئۇنىڭغا ئائىتتۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويۇن ئېگىدۇ» (رۇم، 26 ).

«ئاسماندا، يەر يۈزىدە، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ۋە تۇپراقنىڭ ئاستىدا بار - يوقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئائىتتۇر» (تاھا، 8).

«سىلەردىن ئېتىلىپ چىققان مەنىنى دەپ بېقىڭلارچۇ،
ئۇنى سىلەر ياراتتىڭلارمۇ؟ ياكى ئۇنى ياراتقان بىزمۇ؟
بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى تەقدىر قىلدۇق (بېكىتتۇق).

بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كېتەلمەيسىلەر...

(... )تېرىغانلىرىڭلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟

ئۇنى سىلەر ئۇندۇردۇڭلارمۇ ياكى بىز ئۇندۇرۇپ بەردۇقمۇ؟

ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇپ چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق...

سىلەر ئىچىۋاتقان سۇنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟

ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز چۈشۈردۇقمۇ؟

ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق. شۈكۈر قىلىشىڭلار كېرەك ئەمەسمۇ؟

سىلەر ياندۇرۇۋاتقان ئوتنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟

ئۇنىڭ دەرىخىنى سىلەر ئۆستۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۆستۈردۇقمۇ؟ » (ۋاقىئە، 58 - 72).

«... دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ قا مەنسۇپتۇر، ھۆكۈم چىقىرىش ئاللاھ قا مەنسۇپتۇر، سىلەر ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» (قەسەس، 70).

«... شەك سۈبھىسىزكى، بارچە ھۆكۈم ئاللاھ قا خاستۇر» (ئەنئام، 57).

ئۇلار: «بىزگىمۇ ئەمىرلىكتىن (ئىدارە قىلىشتىن) بىر نېسىۋە بارمۇ؟» دەيدۇ.

ئېيتقىنكى: «باشقۇرۇش ئەلۋەتتە ئاللاھ قا خاستۇر» (ئالئىمران، 154).

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى (مۈلك) ئاللاھ قا خاستۇر، ھەممە ئىش ئۇنىڭغا قايتۇرۇلىدۇ» (ھەدىد، 5).

«... ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھ نىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا، بۇ كۈندە مۇئمىنلەر ئاللاھ نىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خوشال بولىدۇ، ...» (رۇم، 4).

«ئاللاھ تىن باشقا ھېچ مەبۇد / ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، مۇقەددەستۇر، سالام

(خاتىرجەملىك بەرگۈچىدۇر، تىنچلىقپەرۋەردۇر)، مۆئمىن (ئەمىن قىلغۇچى)دۇر، مۇھەيمىن (شەپقەت بىلەن ھىمايە قىلغۇچى)دۇر، ئەزىز (كۈچلۈك، غالىب)تۇر، جەببار (خالىغىنىنى مەجبۇرى قىلغۇزغۇچى)دۇر، مۇتەكەببىر (بەكمۇ ئۇلۇغ)دۇر! ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن ئادا - جۇدادۇر» (ھەشر، 23).

«پۈتۈن (ئاسمان - زېمىنىنىڭ) پادىشاھلىقى (باشقۇرۇلىشى) ئاللاھ نىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» (مۈلك، 1).

«ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقوقى ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» (ياسىن، 83).

ئېيتقىنكى: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر ئاللاھ نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان شۇ ئىلاھلىرىڭلار نېمىلەرنى يارىتىپتۇ؟ قېنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلار؟» (فاتىر، 40).

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە يەرنى چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشۈپ كەتسە ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى توختىتىپ تۇرالمايدۇ. شۈبھىسىزكى ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەلىمدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» (فاتىر، 41).

«ئۇلارغا ئاللاھ تىن بۆلەك ھېچقانداق ياردەمچى يوقتۇر. ئاللاھ ئۆز ھۆكمىدە ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايدۇ» (كەھف، 26).

«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھ قا بويسۇنىدۇ» (ئالئىمران، 83).

ئېيتقىنكى: «ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ ئىلكىدە؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟» (غافىر، 88).

«ئاللاھ (ھالال - ھارام توغرۇلۇق) مانا مۇشۇنداق خالىغان نەرسىنى ھۆكۈم قىلىدۇ» (مائىدە، 1).

«ئاللاھ ئەڭ ياخشى ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟» (تىن، 8).

ئېيتقىنكى: «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان كىشىگە مۈلۈكنى بېرىسەن، خالىغان كىشىدىن مۈلۈكنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدە؛ سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن» (ئالئىمران، 26).

«ئەلۋەتتە يەر يۈزى ئاللاھ نىڭ مۈلكىدۇر. ئۇنىڭغا ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر» (ئەئراف، 128).

ئېيتقىنكى: «ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى ئاللاھ قا سېغىنىمەن» (ناس 1 - 2).

«بىر نەرسە ھەققىدە ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، ئۇنىڭ ھەققىدە ھۆكۈم بېرىش ئاللاھ قا ئائىتتۇر» (شۇرا، 10).

«شۈبھىسىزكى، يارىتىش ۋە باشقۇرۇش (ئەمر قىلىش) راستىنلا ئاللاھ نىڭ ئىلكىدىدۇر» (ئەئراف، 54).

«... بارچە ھۆكۈم پەقەت ئاللاھ قىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدى، مانا بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇنى بىلمەيدۇ» (يۇسۇپ، 40).

«... كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر!» (مائىدە، 44).

«... كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر» (مائىدە، 45).

«... كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار فاسىقلاردۇر» (مائىدە، 47).

«ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكۈمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھ قا) چىنپۈتكەن قەۋم ئۈچۈن ئاللاھ تىنمۇ توغرا ھۆكۈم چىقارغۇچى كىم بار؟» (مائىدە، 50).

مۇئمىنلەر ئارىلىرىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئاللاھ قا ۋە رەسۇلىغا چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار پەقەت: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دەيدۇ. مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (نۇر، 51).

مانا بۇ مەنىدىكى ئاللاھ نىڭ سىياسىتىگە ئىتائەت قىلغان ئىمام ئەزەم ئۆمرى بويىچە بۇ سىياسەتنى ھاكىم قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋە بۇ يولدا جېنىنى پىدا قىلىشتىن ئۆزىنى تارتمىغان ئىدى.

ئىمامنىڭ سىياسىي ئىجتىھاتلىرىغا نەزەر تاشلىغان ۋاقتىمىزدا، ئىسلامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھالقىلىق تەلىماتلىرىنى بىلىشىمىز زۆرۈر بولۇپ، دائىرىسى ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بۇ سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلغۇچىسى رەسۇلۇللاھ ئىدى. خۇلافائى راشىدىندىن كېيىن ئىسلامىي سىياسەتتە كۆرۈلگەن ئېغىپ كېتىش بىر توپ سوئاللارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان بولۇپ، قانلىق توقۇنۇشلارغا ئايلانغان ئىفرات (ئاشقۇنلۇق) ۋە تەفرىت (بىپەرۋالىق) كۆز قاراشلىرى ھەممە تەرەپنى قاپلىغان ئىدى. ئىمام مۇرەسسەسىز ھاياتىنىڭ ياردىمى بىلەن يىللاردىن بۇيان داۋام قىلغان تالاش - تارتىشلارنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلغان سىياسىي مەسىلىلەرگە ئادىل ۋە مۆتىدىل چارىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئوتتۇراھال مۇئامىلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى.

# نوپۇز ۋە ھاكىمىيەت

«مەندىن كېيىن پاسىق كىشىلەر دەۋر سۈرىدۇ. ئېيتقانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدۇ، قىلمىغانلىرىنى قىلىدۇق دەيدۇ. قىلىشقا بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. كىم ئۇلارغا قارشى قولى بىلەن ئۇرۇش قىلسا، ئۇ مۇئمىندۇر. تىلى بىلەن ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلسا، ئۇمۇ مۇئمىندۇر. قەلبى بىلەن ئۇلارغا قارشى نارازى بولسا، ئۇ كىشىمۇ مۇئمىندۇر. بۇنىڭدىن باشقىلاردا تېرىقچىلىقمۇ ئىمان يوقتۇر».

-مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

ئالدىنقى تېمىدىكى ئايەتلەردىن مەلۇم بولغاندەك، ئىسلام سىياسىتىدە مۇتلەق ھاكىمىيەت، مۇتلەق كۈچ ۋە مۇتلەق قانۇن - مىزان بەلگىلىگۈچى ئاللاھ تۇر. ئاللاھ قانۇن - پرىنسىپلىرىنى كىتابى (قۇرئان)دا بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنى ئۆزىگە ۋاكالەتەن ئىجرا قىلغۇچى (خىلاپەت) ئەلچىسى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارغان.

بۇنىڭ روياپقا چىقىشىنىڭ بىرىنچى شەرتى، بۇ ئىلاھى قانۇن تەدبىقلىنىدىغان قەۋمنىڭ ئاللاھ نىڭ ھاكىمىيىتىنى، نوپۇزىنى قوبۇل قىلىشى بولۇپ، ئىسلام سىياسىتىدە بىر شەخس، ئائىلە، سىنىپ ياكى تەبىقە ئاللاھ نىڭ ھاكىمىيىتىگە شېرىك بولالمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام تېئوكراتىيە ئەمەس. تېئوكراتىيە دىن نامىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر گۇرۇھ (تەبىقە)نىڭ ھاكىمىيىتى بولۇپ، ئىسلامدا بۇنداق بىر گۇرۇھ يوق. چۈنكى ئاللاھ نى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ يىگانە ھاكىمى

سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان، ھاكىمىيەتنى شەرتسىز ئۇنىڭغا خاس قىلغان بىر سىياسەتتە «دىنىي ياكى دىنىي ئەمەس» دەپ ئايرىش مەۋجۇت ئەمەس.

ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇن ئالدىدا قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ماقامدىكىلەردىن تارتىپ يارىتىلغان ھەر كىم باراۋەردۇر. ئىسلام سىياسىتىنىڭ ئۇلى قانۇننىڭ مۇتلەق ئۈستۈن بولۇشى پرىنسىپى ئۈستىگە بىنا قىلىنغان.

ئىسلامى سىياسەتتە «دۆلەت» بۈگۈنكى دۇنيادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان دۆلەت چۈشەنچىسىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىسلام سىرتىدىكى زامانىۋى ياكى قەدىمى بولغان بارلىق دۆلەت چۈشەنچىسى ۋە ئۆرنەكلىرى ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا ساھەلەردە «گۇرۇھلىشىش»نى ئاساس قىلغان بولسا، ئىسلامى دۆلەت چۈشەنچىسى ئوچۇق - يورۇق بولۇشى بىلەن پەزىلەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئىسلامى بولمىغان سىياسەتلەردە «دۆلەت» خەلققە قارىماستىن، مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ قالالىغۇدەك دەرىجىدە گۇرۇھلىشىپ، ئىلكىدىكى قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە ۋە ئىجرا قىلىش ماقاملىرىنى بىر «شەخسى مۈلك» ھالىغا كېلىپ قالغان «دۆلەت» ئىسمىلىك «تەشكىلات»نىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئىسلامى سىياسەتتە خەلقتىن ئايرىلغان ۋە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل «دۆلەت» ئىسمىلىك شەخسى مۈلك مەۋجۇد ئەمەس. چۈنكى بۇ سىياسەتتە خەلق «ئىيالۇللاھ (ئىنسان)»تۇر. دۆلەت بولسا ئاللاھ نىڭ ئادالىتىنى نامايەن قىلغۇچى ۋە خەلقنىڭ چاكىرىدۇر.

«مۇقەددەس تەشكىلات» چۈشەنچىسى ئاساسىدا ئەمەس، پەزىلەت ۋە ئادالەت چۈشەنچىسى ئاساسىدا بىنا قىلىنغان ئىسلامى ھاكىمىيەت مېخانىزىمى جەمئىيەتتە ئادالەتنى ھاكىم قىلىشنىڭ ئىسمىدۇر (شۇرا، 15).

ئىسلام قانۇنى ئىمتىياز مەۋجۇت بولمىغان بىر قانۇندۇر. ئۇنىڭ ئالدىدا قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلاردىن تارتىپ، ئىجرا قىلىشقا باشلامچىلىق قىلغۇچى (خەلىپە) ھەممە بىردەك باراۋەردۇر.

ئىسلامى سىياسەتتە، باشقۇرغۇچىلار بىلەن باشقۇرۇلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر - بىرىنى نازارەت قىلىشقا تايىنىدۇ. «ئاللاھ قا ئىتائەت قىلمىغۇچىلارغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ» پرىنسىپى ئىسلامى سىياسەتنىڭ ئاساسىدۇر. زالىم ھۆكۈمدارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئەڭ چوڭ جىھاد دەپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇرانى ئاساس قىلغان ئىسلامى سىياسەت، سەلتەنەتنى ئاساس قىلغان بارلىق ئىجرائاتلارنى شىددەت بىلەن رەت قىلىدۇ. باشقۇرغۇچى - باشقۇرۇلغۇچى مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىسلەر، ئىسلامى سىياسەتنىڭ مەنتىقىسىنى بىزگە بايان قىلىپ بېرىدۇ:

« مەندىن كېيىن پاسىق كىشىلەر دەۋر سۈرىدۇ. ئېيتقانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدۇ، قىلمىغانلىرىنى قىلدۇق دەيدۇ. قىلىشقا بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. كىم ئۇلارغا قارشى قولى بىلەن ئۇرۇش قىلسا، ئۇ مۇئمىندۇر. تىلى بىلەن ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلسا، ئۇمۇ مۇئمىندۇر. قەلبى بىلەن ئۇلارغا قارشى نارازى بولسا، ئۇ كىشىمۇ مۇئمىندۇر. بۇنىڭدىن باشقىلاردا تېرىقچىلىقمۇ ئىمان يوقتۇر».

«جىھادنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك بولغىنى زالىم ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا ھەقنى جاكارلاشتۇر».

«خەلق ئۆزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان زالىمنىڭ زۇلۇمىغا قارشى چىقمىسا، ئاللاھ ئۇلارغا بىر بالا ئەۋەتىدۇ. مەندىن كېيىن بەزى كىشىلەر سىلەرگە ھۆكۈمران بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يالغانلىرىنى توغرا دېگۈچىلەر ئۇلارنىڭ زۇلۇمىغا ياردەم قىلغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلار مەندىن ئەمەس، مەنمۇ ئۇلاردىن ئەمەس».

«ئـۇزۇن ئۆتمەسـتىن سـىلەرگە شـۇنداق بىـر كـىشـىلەر ھۆكۈمرانلىـق قىلىدۇكى، رىزىقلىرىڭلارنى تارتىۋالىدۇ (شۇمۇرىدۇ). نېمە دېسەڭلار يالغان، نېمە ئىش قىلساڭلار يامان ئىش دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىـڭ قىلمىشلىرىنى توغرا دېمىگۈچە سىلەردىن رازى بولمايدۇ. مانا بۇ ۋاقىتتا سـىلەر ئـۇلارنى تـوغرا يولغـا باشـلاش ئۈچـۈن ئۇلارغـا ھەقنـى جاكـارلاڭلار. ئەگەر ئـۇلار ئازغۇنلۇق قىلىپ ھەددىدىن ئاشسا ۋە بىـراۋ ئۇلارغـا قارشـى چىققـانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسە ئەلۋەتتە ئۇ شېھىتتۇر».

«كىمكى ھاكىمىيەتنى رازى قىلىـش ئۈچـۈن ئـاللاھ رازى بولمايـدىغان شەكىلدە سۆز قىلسا، ئاللاھ نىڭ دىنىدىن چىققان بولىدۇ».

## مەشرۇئىيەت

راشىد خەلىپىلەر دەۋرىدە مەشرۇئىيەت (قانۇنىي، شـەرىئەتكە مۇۋاپىـق بولـۇش) مەسلىسـى ئوتتۇرىغـا چىقمىغـان بولـۇپ، ھـاكىمىيەت ئـاللاھ رەسـۇلى بەلگىـلەپ بەرگەن ئاساسـلار ئۈسـتىدە داۋام قىلغـان ئـىدى. بولۇپمۇ ئىلاھى تاللاش بىلەن روياپقا چىققـان ئەلچىلىـك ۋەزىپىسـىنىڭ ئـۆزىگە خـاس ئالاھىـدىلىكى سـەۋەبىدىن ئـۆرنەك تەشـكىل قىلىـدىغان ئىسلام سىياستى ئۆزىگە خاس تۈزۈلمىسىنى ئاساسەن دېگۈدەك راشـىد ۋە مۇرشىد خەلىپىلەر دەۋرىدە تاماملىغان ئىدى.

مەشرۇئىيەت مەسلىسى ئوتتۇرىغا چىمىغان ئىدى دېيدىم. بـۇ دېگىـنىم سىياسـى جەھەتـتىن ھېچقانـداق مەسـىلە چىقمىغانـدى دېگەنلىـك ئەمەس. ھەزرىتـى ئەبـۇ بەكرىنىـڭ خەلىپىلىـك سـايلىمىدا سـەئىد بىـن ئۇبادەنىڭ بىر ئۆمۈر ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمىغان ھاشىم ئوغۇللىرى بىلەن يەمەنلىكلەرنىڭ ئالتە ئاي كـېچىككەن بەيئەتلىـرى بىـر سىياسـى كىرىـزىس بولـۇش بىـلەن بىـرگە نەبەۋى خىلاپەتنىـڭ

مەشرۇئىيىتىگە قارىتا بىر تەنقىدى ئاساسقا ئىگە بولمىغان بىر پوزىتسىيە ۋە ۋاقىتلىق ھادىسىلەردۇر.

كېيىنكى مەزگىللەردە ئوتتۇرىغا چىققان ھەزرىتى ئوسماننىڭ قەتلى قىلىنىشى، جەمەل (تۆگە ئۇرۇشى) ۋە ھەتتا سىففىن ۋەقەلىرىدە «مەشرۇئىيەت» نى ھېچكىم ئاساسلىق مەسىلە دەپ قارىمىغان بولۇپ، بەيئەت ۋە كېڭەشكە تايانغان نەبەۋى خىلاپەت ئۆزگىچە قۇرۇلمىسى بىلەن دۇنيادا تەڭداشسىز بىر ھاكىمىيەت ئۈرنىكى بولغان ئىدى.

راشىد خەلىپىلەردىن كېيىن بۇ قۇرۇلما توساتتىن بىر ئۆزگىرىشكە ئۇچرىدى. «خەلقنىڭ دۆلىتى» دېسەك بولىدىغان نەبەۋى خىلاپەت «دۆلەتنىڭ خەلقى» ئىبارىسىدە ئىپادىسىنى تاپقان پۈقرالىق سىياسەتكە ئايلانغان ئىدى. جىھاد دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، رەسمىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۈممەتنىڭ ھاكىمىيەتكە قارىتا نازارىتىگە قارشى تەشكىللەنگەن «دۆلەت» قىسقا بىر زامان ئىچىدە مۇئەييەن بىر سىنىپنىڭ دىكتاتورا ۋاستىسىغا ئايلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلىرى ۋە ئىران قەيسەر / كىسرالىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئۇسلۇبى بولغان ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىش سىستېمىسى قوبۇل قىلىنىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. نەتىجىدە ئىسلام سىياسىتىدە تۇنجى ھالقىلىق ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىش تۆۋەندىكىدەك مەنىنى ئىپادىلەيتتى:

1. نەبەۋى خىلاپەتنىڭ ئاساسلىق دىنامىكى بولغان شۇرا (كېڭەش) رولىنى يوقىتاتتى ۋە خەلقنىڭ سىياسەتكە (ھاكىمىيەت ئىشىغا) قاتنىشىشى بۇ تەدبىر بىلەن توسۇلاتتى. ھاكىمىيەت ئىشىغا بىۋاستە ئارىلىشالمايدىغان خەلقنىڭ قولىدىكى يېگانە قورال بولغان شۇرامۇ تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت ھاكىم مۇتلەقلىققا ئايلىناتتى.

2. شۇرا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە ئىسلامى سىياسەتتە مەشرۇئىيەتنىڭ (قانۇنلۇق) ئۆلچىمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان بەيئەتمۇ

مانا مۇشۇنداق ئۇسلۇب بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ سىياسەتكە ئارىلىشىشىنىڭ نامايەندىسى بولغان بۇ ۋاستىمۇ پۇچەكلەشتۈرۈلدى. راشىد خەلىپىلەردىن كېيىن قوبۇل قىلىنغان ۋارىسلىق - سەلتەنەت ئۇسلۇبى نەتىجىسىدە، بەيئەتنىڭ ھېچقانداق بىر ھۆكۈمى قالمىغان ئىدى.

3. ئادالەت ھاكىمىيەتنىڭ، زۇلۇم سەلتەنەتنىڭ ئۇلى ئىدى. ئادالەتنىڭ ئىككى پۈتى بولغان شۇرا ۋە بەيئەت پالەچ قىلىنغاندىن كېيىن، ئادالەت ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئادالەت بولماي، ئۇنىڭ ئورنىنى زۇلۇم ئىگىلىدى. شەرىئەتنىڭ (قانۇننىڭ) ئۈستۈنلىكى ئىمتىيازغا، ئۈممەتنىڭ مېلى بولغان بەيتۇلمال بولسا دۆلەت ناملىق تەشكىلاتنىڭ ئېتىزلىقىغا ئايلاندى. غەزىنىنىڭ ئۈممەتنىڭ مېلى بولۇشى بىلەن دۆلەتنىڭ مېلى بولۇشى ئارىسىدا ئاجايىپ چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت.

راشىد خەلىپىلەرنىڭ تىلىدا بەيتۇلمالنىڭ ئىسمى «ئۈممەتنىڭ مېلى» ئىدى. ئۈممەتنىڭ مېلى ئىسمىدىن مەلۇم بولغاندەك ئۈممەتكە ئائىتتۇر. ئۇنى ئۈممەت بىر ھەققىم دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ماللار ئۈممەتنىڭ پاراۋانلىقى ۋە سائادىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. «دۆلەتنىڭ مېلى» دەماللىققا ئۈممەتنىڭ مېلىدەك بىلىنىسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ھېچقاچان بۇنداق بولمىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بەزىدە بۇ مال ئۈممەتنى نەزەردە تۇتماستىن، دۆلەتنىڭ باقىي بولۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. دۆلەت بۇ مالنى ئەسلى ئىگىسى بولغان ئۈممەتكە قايتۇرۇپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان ۋاقتىدا، ئۇنى ئۈممەتنىڭ بىر ھەققى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ھاكىمىيەتنىڭ بىر ئېھسانى دەپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى يەنە خەلقتىن قايتۇرۇۋالىدۇ.

بۇ يەردە «دۆلەت» دېيىلگەن بۇ مەۋھۇم مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلساقمۇ بولىدۇ. ئەمما دۇنيادا ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق بىر دۆلەت ئېنىقلىمىسى بار. مەسىلەن، بارلىق

پادىشاھلىق سەلتەنەتلەردە بۇنىڭ ئېنىقلىمىسى فرانسىيە پادىشاھى لوئىس 14 نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە ئىپادىسىنى تاپىدۇ:

«مانا مەن دۆلەت».

شۇنداق، دۆلەت «مۇقەددەس تەشكىلات» نىڭ بېشىدۇر. دۆلەت ئۇ بولغاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ مىلىمۇ ئۇنىڭ بولىدۇ. سەلتەنەتنىڭ ئەبەدىي بولۇشى ئۈچۈن خەلقنىڭ مىلىنى ئۆزى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ.

بۈگۈن كونراپ جۇللىقى چىقىپ كەتكەن «بىر كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى سەلتەنەت» شەكلى تەرك ئېتىلىپ، غەربنىڭ قەدىمكى يۇناندىن ئېلىپ بېزەپ بازارغا سالغان دېموكراتىيە دېگەنگە ئوخشاش ئىسمى تېخىمۇ چىرايلىق بولغان «كۆپ كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى سەلتەنەت» شەكلىگە ئۆزگەرتىلمەكتە. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن مەنتىقە ۋە ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش بولمىدى.

بىر كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى سەلتەنەت بىلەن كۆپ كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى سەلتەنەت ئارىسىدا ماھىيەت جەھەتتىن پەرق يوق. چۈشىنىش تېخىمۇ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن مىسال كەلتۈرەيلى. سەلتەنەت خەلقنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ يۈكسەلگەن بىر پىرامىدادۇر. بۇ پىرامىدانىڭ تاشلىرىنى دۆلەت ناملىق تەشكىلاتنىڭ ئىچىدىكى ئىمتىيازلىق خادىملار تەشكىل قىلىدۇ. پىرامىدانىڭ چوققىسىدا بولسا «مۇقەددەس تەشكىلات»نىڭ يېتەكچىسى ئورۇن ئالىدۇ. پادىشاھلىق تۈزۈملەردە پىرامىدانىڭ ئۇچى ئۇچلۇق بولۇپ، ئۇ يەردە پەقەت بىر كىشى ئولتۇرىدۇ. دېموكراتىيەدە بولسا كىچىككىنە پەرق بار. يەنى، پىرامىدانىڭ چوققىسى تۈزلىنىپ، بىر كىشىنىڭ ئورنىغا مەجلىس، قۇرۇلتاي دېگەنگە ئوخشاش سەلتەنەتلەر ئولتۇرغان بولىدۇ.

نەبەۋى خىلاپەت مۇشۇنداق تولۇپ يىلتىزىدىن ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، مەشرۇئىيەت مەسىلىسىمۇ تەبىئىي ھالدا مۇنازىرە قىلىنىشقا باشلىنىپ كەتتى.

بارلىق پىرقىلەر بۇ مەسىلىنى دەتالاش قىلىشاتتى. ھەتتا پىرقىلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا مەشرۇئىيەت مەسىلىسى كەلمەكتە ئىدى. سوئاللار ئارقا - ئارقىدىن چىقىشقا باشلىدى. ھاكىمىيەت مەشرۇ (شەرئىيەتكە مۇۋاپىق)مۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇ سوئالغا خاندان، ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنى زارلىقىدىن مەنپەئەتلەنگەن «مەلە (ھۆكۈمدار)» ۋە بىر قىسىم مۇرجىئەلەردىن باشقا سەلەفلەر ئىچىدىن «مەشرۇ» دېگەن جاۋابنى بەرگەن ھېچكىم چىقمىغان. بولۇپمۇ دەسلەپكى دەۋرلەرنىڭ مەشھۇر كىشىلىرى، كۆپچىلىكى بىلەن بۇ سوئالغا ئىجابى جاۋاب بەرمىگەن. مانا مۇشۇ يەرگىچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاز سانلىق تەبىقىدىن باشقا ھەممەيلەن دېگۈدەك ئۆكتىچىلىكتە ئىتتىپاقلاشقان. ئەسلى بۆلۈنۈش مانا شۇنىڭدىن كېيىن باشلانغان.

گەرچە كىشىلەر ئۆز دەۋرىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مەشرۇ ئەمەسلىكىدە ھەمپىكىر بولغان بولسىمۇ، بۇ ھاكىمىيەتكە قارىتا تۇتىدىغان پوزىتسىيەلىرىدە ئورتاق پىكىرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ھەر كىم ئۆزىنىڭ مەيدانىغا دەلىل تېپىپ، ئۇنىڭ ئەڭ توغرا مۇئامىلە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوخشىمىغان ئېقىملار، پىرقىلەر مەيدانغا كەلدى. ھەر پىرقە ئۆزىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ياقلاپ، ئۆزى بىلەن بىردەك چۈشەنچىدە بولمىغانلارنى رەت قىلىشقا باشلىغانىدى.

ئوتتۇرىدا بىر زۇلۇمنىڭ بارلىقى ھەممىگە مەلۇم بولۇپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىگە خەلق شاھىت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نۇقتىدا «چوڭ گۇناھ قىلغانلار (مۇرتەقىبى كەبىرە)»نىڭ ئەھۋالى دەتالاش قىلىنىشقا باشلانغان. نەتىجىدە پىرقىلەر پەرقلىق

قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ياكى پەرقلىق قاراشلارغا ئىگە بولغانلار بۇ چۈشەنچىلىرى ئەتراپىدا جەم بولۇپ پەرقلىق پىرقىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىفراتلار تەفرىتلەرنى (ئاشقۇنلار بىپەرۋالارنى) قوغلىدى. ئەمەلدىكى ئاشقۇنلۇقنى مەشرۇ قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەقىدىدىن دەلىل تاپتى. تاپالمىغانلار تەفسىر ۋە تەئۋىل بىلەن بىتەرەپ قىلىشقا، ئۇمۇ يەتمىسە ئىشنى ئويدۇرمىچىلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇندى.

ھاكىمىيەتنىڭ ئىسلامى سىياسەتكە خىلاپ بولغان ئىشلىرىغا قارىتا قانداق پوزىتسىيەدە بولۇش مەسىلىسىمۇ دەتالاش قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشرۇئىيەت شەرتلىرىدىن بىرسى بولغان بەيئەتنىڭ ئۆزگىچە ئورنى بار ئىدى. «بەيئەت قانداق ئەھۋالدا توغرا بەيئەت بولغان بولىدۇ؟»، «مەجبۇرى ئېلىنغان بەيئەتنىڭ ھۆكمى نېمە؟»، «زالىم ۋە پاسىق ھۆكۈمدارغا بەيئەت قىلىش جائىزمۇ؟» سوئاللىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭغا ماس ھالدا «ئۆكتىچى فىقھى» مۇنازىرە قىلىنىپ، ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەر پەرزىنىڭ شەرتلىرى دەتالاش قىلىنىشقا ۋە ھاكىمىيەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ ھۆكمى ۋە دائىرىسى ھەققىدە ئىزدىنىش باشلانغانىدى.

ساھابىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى سىستېمىلاشتۇرغان ئىمام ئەزەمنىڭ بۇ ھەقتىكى پوزىتسىيىسى ۋە ئىجتىھاتلىرى ھازىرغىچە ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنمىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئېيىغان سۇدا بېلىق تۇتىدىغانلار ۋە ئۇلارغا خالىسانە يەم بولغانلار بەك ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان، ئەمما ھاياتتا تەدبىقلانغان بۇ ئىجتىھاتلىرىنى تۆۋەندە ماددىلارغا بۆلۈپ كۆرسىتىپ ئۆتەيلى:

# ئىجتىھات ۋە سەلتەنەت

## بەيئەت ۋە شەرتلىرى

«بىزنى بۇ يەرگە يىغىشتىكى مەقسەت، بىزنى قورقىتىپ سەلتەنەتنىڭ ئۆچۈن پايدىلىنىشتۇر. بۇ ئارقىلىق ساڭا ۋەكالەتەن خەلقىقە تەسىر كۆرسىتىشىمىزنى ۋە قىلمىشىڭلارنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق دەپ كۆرسىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىسەن. سەن پەتىۋا بېرىشكە لاياقەتلىك ئىككى كىشى بولسىمۇ ھەمپىكىر بولمىغان غەيرى مەشرۇ (شەرىئەتكە زىت) يول بىلەن خەلىپىلىك ماقامىغا ئولتۇردۇڭ. ھالبۇكى، خەلىپە مۇئمىنلەرنىڭ ئىجماسى (بىر پىكىرگە كېلىشى) ۋە شۇراسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

-ئىمام ئەزەم

ئىمامى ئەزەم ئەبۇ ھەنىفىنىڭ خىلاپەتنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشى ھەققىدىكى ئىجتىھاتى مۇنداق ئىدى: شۇرا ئارقىلىق ئەمەس، ئەكسىچە ھاكىمىيەتنى مۇشتۇمزورلۇق بىلەن تارتىۋالغان، ئاندىن ئىدارە قىلغۇچىغا قارىتا ھېچقانداق چەكلەش كۈچى قالمىغان، پەقەت ئادەت سۈپىتىدە ئېلىنغان بەيئەتلەر جائىز ئەمەس. ۋارىسلىق يولى بىلەن خەلىپىلىك ماقامىغا ئولتۇرغان ۋە مەجبۇري ھالدا ئېلىنغان بەيئەت بىلەن خەلىپە بولۇش شەرىئەتكە خىلاپ، جائىز ئەمەس.

شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان خەلىپە بۇ ئىشقا لاياقەتلىك كىشىلەرنىڭ (ئەھلى رەي) كېڭىشى ۋە خەلقنىڭمۇ ماقۇللىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

ئىمام بۇ قارىشىنى ئۆز دەۋرىنىڭ خەلىپىسىگە يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئېيتقان ئىدى. ئۇ مانا بۇ ھۆكمىنى ئۇچۇق بايان قىلىش ئارقىلىق

ئۆلۈمدىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئىمامنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىجتىھاتىنى خەلىپىنىڭ ساراي نازىرى رەبى بىن يۇنۇس نەقىل قىلغان مۇنۇ ۋەقەدىن بىلىۋالالايمىز:

ئەبۇ جافەر مەنسۇر ئۈز دەۋرىنىڭ ئەڭ داڭلىق فاقىھ (فىقھ ئالىم)لىرىدىن ئىمام مالىك، ئىبنى ئەبى زىب ۋە ئىمام ئەزەمنى سارىيىغا چاقىرتىپ تۆۋەندىكى سوئالنى سورىغان:

- ئاللاھ نىڭ بۇ ئۈممەتنىڭ خەلىپىلىكىنى ماڭا بەرگەنلىكىگە قانداق قارايسىلەر؟ مەن بۇ ماقامغا لايىقمۇ؟

ئىمام مالىك مۇنداق جاۋابنى بېرىدۇ:

- ئەگەر بۇ ئىشقا لايىق بولمىغان بولساڭ، ئاللاھ سېنى خەلىپىلىككە تاللىمىغان بولاتتى.

ئىبنى ئەبى زىب جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن:

- دۇنيا مۈلكىنى ئاللاھ خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. پەقەت ئاخىرەت مۈلكى بۇنداق بولمايدۇ. ئاللاھ ئۇنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا لايىق بولغان كىشىگە بېرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ قا ئىتائەت قىلساڭ، ئاللاھ نىڭ ياردىمى سېنىڭ ئۈستىڭدە بولىدۇ. شۇنى ئۈمىت قىلىمەنكى، دېگىنىمدەك قىلارسەن، ئاللاھ نىڭ تەۋپىقى سېنىڭ ئۈستىڭدە بولغاي. ئەمما ئۇنىڭغا ئىسيان قىلغان مۇددەتچە ئاللاھ نىڭ بۇ ياردىمى سەندىن يىراقتۇر. شۇنى ياخشى بىلىۋالغىنكى، خەلىپىلىك تەقۋا (مەسئۇلىيەت) ئەھلىنىڭ ئىجماسى بىلەن بولىدۇ. بىرسى خەلىپىلىك ماقامىنى زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن قولغا كىرگۈزسە بۇ يەردە نە تەقۋا ئەھلى، نە ئىجما قالسۇن. بۇنداق قىلغان كىشىلەر ۋە ئۇنىڭغا يار - يۆلەكتە بولغانلار ئاللاھ نىڭ تەۋپىقىدىن چىققان، توغرا يولدىن ئايرىلغان بولىدۇ. ئەگەر سەن پاكلىنىشنى خالىساڭ ئاللاھ تىن سالامەتلىك تىلەپ سالىھ ئەمەللەر ۋە ياخشى ئىجرائاتلار بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىن.

ئىمام بۇ ۋەقەنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ئىبنى ئەبى زىب بۇلارنى ئېيتىۋاتقاندا، شۇ يەردىلا كالىلىسى ئېلىنىشى مۇمكىن دېگەن ئويى بىلەن مەن ۋە ئىمام مالىك ئۇنىڭ قېنى چاچرىمىسۇن دەپ كىيىملىرىمىزنىڭ پېشىنى يىغىشقا باشلىغان ئىدۇق».

مەنسۇر ئىمام ئەزەمگە بۇرۇلۇپ، «سەن نېمە دەيسەن؟» دېدى.

ئىمامنىڭ جاۋابى:

«دىنى ئۇچۇن ھەقىقەتنى ۋە توغرىنى ئىزدىگەن كىشى ئاللاھ نىڭ ئازابىدىن يىراقتۇر. نەزىرىڭنى بىزدىن ئېلىپ، ئۆز ۋىجدانىڭغا ئاغدۇرغان ۋاقتىڭدا بىزنى بۇ يەرگە ئاللاھ رازىلىقى ئۇچۇن چاقىرمىغانلىقىڭنى كۆرەلەيسەن. بىزنى بۇ يەرگە يىغىشىڭدىكى مەقسەت، بىزنى قورقۇتۇپ سەلتەنەتىڭ ئۇچۇن پايدىلىنىشتۇر. بۇ ئارقىلىق ساڭا ۋەكالەتەن خەلققە تەسىر كۆرسىتىشىمىزنى ۋە قىلمىشىڭلارنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق دەپ كۆرسىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىسەن».

«سەن پەتىۋا بېرىشكە لاياقەتلىك ئىككى كىشى بولسىمۇ ھەمپىكىر بولمىغان غەيرى مەشرۇ يول بىلەن خەلىپىلىك ماقامىغا ئولتۇردۇڭ. ھالبۇكى، خەلىپە مۇئمىنلەرنىڭ ئىجماسى ۋە شۇراسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئەبۇ بەكرى يەمەنلىكلەرنىڭ بەيئىتى ئۆزىگە يېتىپ كەلگىچە ئالتە ئاي ھۆكۈمدىن (مەشرۇ بولمايدۇ دەپ قاراپ) قولىنى تارتقان ئىدى».

مەنسۇر ئىماملار تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچ ساندۇق ئالتۇننى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يوللىدى ۋە مۇنداق تەلىماتنى بەردى:

«بۇ ئالتۇنلارنى ئۇلارغا ئاپىرىپ بەرگىن. ئەگەر مالىك ئالسا بەر. ئەگەر ئىبنى ئەبى زىب ياكى ئەبۇ ھەنىفە ئالسا شۇ يەردىلا كالىلىسىنى ئال ۋە ئالدىمغا ئېلىپ كەل».

ياساۋۇل رەبى ئالتۇنلارنى ئېلىشقا تەكلىپ قىلغاندا ئىمام مالىك قوبۇل قىلدى. ئىبنى ئەبى زىب بۇ تەكلىپكە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

«مەن بۇ پۇلنى مەنسۇرنىڭ ئۆزىگىمۇ ھالال بولمايدۇ دەيدىغان تۇرسام، قانداق بولۇپ ماڭا ھالال دەيمەن؟».

ئىمام ئەزەمنىڭ جاۋابى تېخىمۇ كەسكىن ئىدى:

«ئاللاھ قا قەسەم قىلىمەنكى، كاللامنى ئالغان تەقدىردىمۇ بۇ پۇلنىڭ دەرھەمىگە بولسىمۇ قولۇمنى تەككۈزمەيمەن».

رەبى سارايغا قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى مەنسۇرغا بىلدۈرگەندىن كېيىن مەنسۇر مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالدى».

بەيئەت ھەققىدە يالغۇز ئىمام ئەزەمنىڭلا ئەمەس، ئىمام مالىكنىڭ ئىجتىھاتى مۇشۇنداق ئىدى. كۆپىنچە مەنبەلەردە ئورتاق نەقىل قىلىنغان تۆۋەندىكى ھادىسە بۇنىڭ دەلىلىدۇر:

نەفسۇز زەكىيە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە كىشىلەر ئىمام مالىكتىن سوراشتى:

«ئەمدى بىزگە نېمە قىلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىسەن؟ بىز مەنسۇرغا بەيئەت قىلغاندۇق. بۇنداق ئەھۋالدا خەلىپىلىك دەۋاسى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىمام مۇھەممەدكە بەيئەت قىلالامدۇق؟».

ئىمام مالىكنىڭ جاۋابى مۇنداق ئىدى:

مەنسۇرنىڭ بەيئىتى مەجبۇرىي ھالدا ئېلىنغان بەيئەتتۇر. بۇ شەكىلدىكى بەيئەت، قەسەم، تالاق ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەجبۇرىي ھالدا قىلىنغان ئىشنىڭ ھەممىسىنىڭ قىممىتى يوق».

ئىمام مالىكنىڭ بۇ پەتۋاسىغا ئاساسەن مەدىنىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىماملار مۇھەممەد نەفسۇز زەكىيەگە بەيئەت قىلىپ ئۇنىڭ سېپىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، مەدىنىدىكى ئابباسى ۋالىسى ئىمام مالىكنى تۇتقۇن قىلىپ قوللىرىنى قايچا شەكىلدە ئېسىپ، قولى سۇنۇپ كەتكىچە قامچىلاتتى.

سەلتەنەت ئۇسۇلى بىلەن خەلىپىلىك ماقامىغا ئولتۇرغان بىر خەلىپىگە قىلىنغان بەيئەتنىڭ شەرئىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى بۇخارىنىڭ ھەزرىتى ئۆمەردىن نەقىل كەلتۈرگەن مۇنۇ رىۋايىتى ئوپ - ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«كىمكى مۇسۇلمانلار شۇراسى بولماستىن بىر ئادەمگە بەيئەت قىلسا، بۇ بەيئەت شەرئىي ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا بەيئەت بەرگۈچى ۋە بەيئەت ئالغۇچىمۇ ئۆزلىرىگە ئۆز قولى بىلەن ئۆلۈمنى تەييارلىغان بولىدۇ».

ھەزرىتى ئۆمەر مۇشۇنداق كەسكىن بىر پوزىتسىيە بىلەن قارشى چىقىپ، كېڭەش بولماي تۇرۇپ غەيرى مەشرۇ شەكىلدە ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلغۇچىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشىمۇ ساھابىلەرنىڭ سەلتەنەتكە بولغان مۇئامىلىسىنى نامايەن قىلغان ئىدى.

ھەزرىتى ھۈسەيىنمۇ كەربالادا ئۆزىنى «خەلىپە»گە بەيئەت قىلىشقا چاقىرغان ئەمەۋىلەر سەركەردىسىگە بۇنداق بىر بەيئەتنىڭ جائىز بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھاكىمىيەتنى غەيرى مەشرۇ دەپ ئېلان قىلغان ئىدى.

زالىم ھۆكۈمدارنىڭ يامانلىقلىرىنى ئېيتىشنىڭ غەيۋەت ھېساپلانمايدىغانلىقى ھۆكمىنى بەرگەن ھەسەن ئەلبەسرى ھاكىمىيەتنىڭ مەشرۇ ئەمەسلىكىنى ئېيتىش بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىگە ئېرىشەلمەي، كۆپلەپ قان تۆكۈلىشىگە سەۋەبچى بولۇشىدىن ئەنسىرەپ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشنى توغرا كۆرمىگەن.

## زالىم ۋە پاسىقنىڭ ھاكىمىيىتى

«ئۇممەتنىڭ مىللىي مەشرۇ بولمىغان يوللار بىلەن خەجلىگەن ياكى زۇلۇم بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە ئاللاھ نىڭ ئەمرلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ بەلگىلىگەن ھاراملارنى ھالال قىلغان كىشىنىڭ رەھبەرلىكى (باشقۇرۇشى) باتىلدۇر. ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە ھۆكۈملىرى كۈچكە ئىگە ئەمەس».

- ئىمام ئەزەم

ئىسلام سىياسەت تارىخىدا ھېچقانداق بىر فىقھ ئالىمى كاپىرنىڭ ھاكىمىيتى توغرىسىدا دەتالاش قىلمىغان. چۈنكى كاپىرلارنىڭ مۇئمىنلەرنى باشقۇرۇش ھەققىنىڭ يوقلىقى قۇرئاندا ئېنىق كۆرسىتىلگەن:

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارغا مۇئمىنلەر ئۈستىدە ھاكىمىيەت ھەققى بەرمىدى» («ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۇئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ» م.سالىھ) (نىسا، 141).

ئۆلىمالار ئارىسىدا دەتالاش قىلىنغان ئەسلى مەسىلە پاسىق ۋە زالىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەسىلىسىدۇر.

بۇ ھەقتە خاۋارىجلارنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويساق، بىر - بىرىگە زىت ئىككى كۆز قاراش مەۋجۇت.

1) مۇرجىئەنىڭ قارىشى. ئۇلار «"بولغان (ۋۇجۇدقا چىققان)" بولۇشى كېرەك بولغانىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى» دەپ مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى ياقلىغانىدى. بۇلار ئەگەر بىرسى قايسى شەكىلدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەن بولسا ئۇنىڭ قولغا كىرگۈزۈش شەكلىگە قارىمايمىز، ئۇ ھۆكۈمدار زالىم ۋە پاسىق بولسىمۇ مەشرۇ بولۇۋېرىدۇ، دېگەن.

2) مۇئتەزىلەنىڭ قارىشى. ئۇلار پىسقى - پۈجۇر مەۋجۇت بولغان ۋە زۇلۇم قىلغان بىر ھۆكۈمدارنىڭ ھاكىمىيتى غەيرى مەشرۇدۇر. پەقەت ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىلا غەيرى مەشرۇ بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت

قاتلىمدا خىزمەت قىلغان قازىلار مەيلى ئاللاھ نازىل قىلغان بىلەن ھۆكۈم قىلسۇن ھۆكۈملىرى كۈچكە ئىگە ئەمەس، دېگەن.

بۇ مەسىلىدە ئىمامى ئەزەم ئوتتۇراھال بىر قاراشتا بولغان بولۇپ، زالىم ۋە پاسىقنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلمىغان. لېكىن ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى كېرەكلىكىنى توغرا دەپ قاراپ، ئەگەر ئادىل بولسا زالىم خەلىپىنىڭ قازىسى چىقارغان ھۆكۈمنى قوبۇل قىلغان، مەسئۇلىيەتنى شەخسنىڭ ئۆزىگە قويغان.

ئىمام ئەزەم زالىم ۋە پاسىق بىر ھاكىمىيەت قاتلىمىدا خىزمەت قىلىش مەسىلىسىگىمۇ شەخسنى نەزەردە تۇتقان ھالدا مۇئامىلە قىلغان. ئەگەر پاسىق بىر ھاكىمىيەتتە، شەخس ئۆز ماقامىدا ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتا بىرەر توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدىغانلا بولسا، مەزكۇر شەخسنىڭ ئۇ ماقامدا خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە پەتىۋا بەرگەن. ئەمما شەخس پاسىق ۋە زالىم بولغان ئەھۋالدا، بۇنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق دەپ قارىمىغان.

ئەمدى ئەسلى تېمىمىزغا قايتىپ سوئالىمىزنى سورايلى:

ئىمامى ئەزەمنىڭ زالىم ۋە پاسىقنىڭ يېتەكچى (ھۆكۈمدار، ئىمام) بولۇشى ھەققىدىكى ئېنىق كۆز قارىشى نېمە ئىدى؟ بۇ سوئالىمىزغا مەككى ۋە قەردەرىنىڭ ئوخشاش شەكىلدە بايان قىلغان ئىمامنىڭ بىر ئىجتىھاتىدىن بۇ ھەقتىكى جاۋابىنى بىلەلەيمىز:

«فەي ماللىرى (غەنىمەتنىڭ بەشتىنبىرى)نى مەشرۇئ بولمىغان يوللاردا خەجلىگەن ياكى زۇلۇم بىلەن ھۆكۈم قىلغان ۋە ئاللاھ نىڭ ئەمرلىرىنى تەرك قىلىپ، ئاللاھ بەلگىلىگەن ھارامىلارنى ھالال قىلغان كىشىنىڭ رەھبەرلىكى (باشقۇرۇشى) باتىلدۇر. ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە ھۆكۈملىرى كۈچكە ئىگە ئەمەس».

بەزى كىشىلەر ئىمام ئەزەمنىڭ «پاسىق ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇسا بولىدۇ، ئەگەر ئادىل ۋە سالىھ بولسا ھۆكۈمدارى زالىم بولغان

تەقدىردىمۇ ئۇ ھاكىمىيەتنىڭ قۇرئان بىلەن ھۆكۈم چىقارغان قازىسىنىڭ ھۆكۈمى كۈچكە ئىگە» دېگەن قارىشى بىلەن «زالىم ۋە پاسىقنىڭ ھاكىمىيىتى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى بىكار، ئۇنىڭغا قىلىنغان بەيئەتمۇ باتىل» دېگەن ئىجتىھاتى ئارىسىدا بىر زىددىيەت بار دەپ قارىغان.

ئىمام ئەزەمنىڭ ناماز ئۈچۈن پاسىقنىڭ ئىماملىقىغا، زالىم بىر ھاكىمىيەتتە قازىلىق قىلغان ئادىل بىر كىشىنىڭ توغرا ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشىغا ئىجازەت بەرگەن ھۆكمىدىن يولغا چىققانلار «يالغان يالغاننى تۇغىدۇ» دېگەن مەنتىقە بىلەن ئىمام ئەزەمنى پاسىق ۋە زالىم كىشىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنىمۇ قوبۇل قىلغان دەپ قارىغان. يەنى، زالىم ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكمى نېمە بولسا، ئۇ تەيىنلىگەن قازىنىڭ ھۆكمىمۇ ئوخشاش دەپ قارىغان. مۇئتەزىلەنىڭ بەزىلىرى بۇ گۇمانلىرى سەۋەبىدىن ئەبۇ ھەنىفىنى بەل قويىۋەتتى دەپ ئەيىپلىگەن، يەنە بەزىلىرى بۇ خاتا چۈشەنچىنى ئۆزلىرىنىڭ باتىل كۆز قاراشلىرى بولغان زۇلۇم بىلەن مۇرەسسە قىلىش چۈشەنچىسىگە يانتاياق قىلغان. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى خاتا.

ھەنەفى مەزھىپىنىڭ داڭلىق ئىماملىرىدىن ئەبۇ بەكرى جاسساسنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ باقايلى:

«كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەبۇ ھەنىفىنىڭ پاسىقنىڭ ئىمام بولۇشى ۋە خەلىپە بولۇشىغا بولىدۇ دېگەنلىكىنى ۋە خەلىپە بىلەن ھاكىمنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ، ئۇنىڭ ھۆكمىنى جائىز دەپ قارىمايدۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ. بۇنى كالامچىلاردىن زۇكان ئىسىملىك بىرى ئېيتقان ئىدى. شۈبھىسىزكى بۇ گۇمان توغرا ئەمەس.

ئەبۇ ھەنىفە خەلىپە بىلەن ئۇ تەيىن قىلغان ھاكىم ئارىسىدا (باشقۇرۇش ھەققى ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇش جەھەتتىن) بىر پەرق يوق دەپ قارايدۇ. ھاكىمىيەت ماقامىغا كېلىشى ۋە كەلتۈرۈلىشى (ھاكىم ئۆزى ئادىل ۋە سالىھ بولغان تەقدىردىمۇ) غەيرى مەشرۇدۇر. چۈنكى ھەر

ئىككىسىنىڭ شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولۇشىنىڭ شەرتىمۇ ئادىل بولۇشتۇر. پاسىقنىڭ خەلىپىلىكى ۋە ھاكىملىقى مەشرۇ بولمىغاندەك شاھىتلىقىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر پەيغەمبەردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولسا ئۇمۇ ئېلىنمايدۇ»[106].

جاسساس «زالىملار ئەھدىمگە نائىل بولالمايدۇ» (بەقەرە، 124) دېگەن ئايەتتىن ھۆكۈم چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ ئايەتنىڭ دالالىتى بىلەن پاسىقنىڭ يېتەكچى بولۇشىنىڭ باتىل ئىكەنلىكى مەلۇم. پاسىق ۋە زالىم بىرسى خەلىپە بولالمايدۇ. ھەتتا بۇ خاراكتېرگە ئىگە بولغانلار مەيلى قايسى شەكىلدە ھۆكۈمرانلىق ماقامىغا ئولتۇرۇۋېلىشىدىن قەتئىينەزەر، پاسىقلىقى سەۋەبىدىن خەلق ئۇلارغا بويسۇنمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ قا ئىسيان‌دا بەندىگە ئىتائەت يوقتۇر». بۇ ھەدىستىنمۇ مەلۇمكى، پاسىق بىرسى ھاكىم بولالمايدۇ. ھاكىم بولۇپ قالسا چىقارغان ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنمايدۇ، شاھىتلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى رەت قىلىنىدۇ، مۇفتى بولۇپ پەتىۋا بەرسە پەتىۋالىرى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ»[107].

«زالىملار ئەھدىمگە نائىل بولالمايدۇ» دېگەن ئايەتتىكى «ئەھد» دىن قەست، مۇجاھىدقا كۆرە ئەلچىلىكتۇر. ئىبنى ئابباس بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «زالىمغا بېرىلگەن ۋەدىگە (بەيئەتكە) ۋاپا قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەڭنى ئورۇندىماي زۇلۇمغا ئۇچرايدىغان بولساڭ ئۇنداقتا ۋەدەڭگە ۋاپا قىل». ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «زالىملارغا بېرىلگەن ۋەدىگە ۋاپا قىلىنمايدۇ. ئاللاھ ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ۋاپا قىلمىغان

---

[106] جاسساس، ئەھكامۇل قۇرئان، I/ 86

[107] جاسساس، ئەھكامۇل قۇرئان، I/ 86

كىشىنى جاۋابكارلىققا تارتمايلا قالماستىن ئەكسىچە ئەجرىنى ئاشۇرىدۇ»[108].

ئىمام ئەزەمنىڭ زالىم ۋە پاسىقنىڭ (كاپىرنىڭ ئەمەس) ھاكىمىيىتى ھەققىدە ھەم شۇنداق ئەمىلىيەتچان ۋە مۇناسىپ بىر پوزىتسىيەنى مۇۋاپىق كۆرۈشى ئۇستىدە كۆپرەك توختىلىشقا تېگىشلىك بىر تېما. ئىمام بۇ پوزىتسىيىسى ئارقىلىق مەسىلىنى شەخسنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ، كىشىنى ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى بىلەن يۈزلىنىشكە يېتەكلىگەن. بۇ ئارقىلىق «بولغان» بىلەن «بولۇشى كېرەك بولغان» ئوتتۇرىسىدىكى تاللاشتا قىينالغان نۇرغۇن كىشىلەرگە چىقىش يولى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. بۇ يول باشباشتاقلىققا يول قويماستىن، زۇلۇمغا قارشى چىقىش يولىدۇر. بۇ يول ئاۋام ئۈچۈن شەخسنىڭ ھەقلىرىنى، شەخس ئۈچۈن ئاممىنىڭ ھەقلىرىنى پايخان قىلماستىن ياشاشنىڭ ئىسمىدۇر. بۇ يول زالىم ۋە پاسىق ھۆكۈمدارلارنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە يوللۇق بولغان باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغانلارنىڭ باھانىلىرىنى بىكار قىلىدىغان يولدۇر. ئۈممەتنىڭ بېشىغا مىنىۋالغان مۇشتۇمزورلارنىڭ قولىدىن ئۈممەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تاپقان ئوتتۇراھال كۈرەش ئۇسلۇبىدۇر.

ئىمام ئەزەم كىشىلەرگە زالىم ياكى مەزلۇم بولۇشتىن باشقا تاللاش قالمىغان شارائىتتا مۇۋاپىق بولغان چارە مەشرۇ ۋە ئەمەلىي چىقىش يولى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## ئەمرى بىلمەئرۇف ۋە نەھىل ئەنىلمۇنكەر

بىزگە نەسىھەت قىلمىساڭلار، بىز سىلەرگە قۇلاق سالمىساق، بىز (ھەممىمىز)دە ياخشىلىق يوق.

---

[108] جاسساس، ئەھكامۇل قۇرئان، 85 /I

ئىنسان ھەر دائىم نەسىھەتكە مۇھتاج شەكىلدە يارىتىلغان. مىللەتمۇ بۇ ھەقىقەتتىن مۇستەسنا ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ پات - پات ئەلچىلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق توغرا يۆنىلىشتىن قىيىپ كەتكەن ئىنساننى قايتىدىن توغرا يولغا يېتەكلىگەن ۋە كىتابلار نازىل قىلغان. ئەلچىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇقتىلىنىشى ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ھەركىتىنىڭمۇ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئىسلام ئۆزگىچە بولغان قۇرۇلمىسىنىڭ تەقەززاسى سەۋەبلىك نەسىھەت ۋەزىپىسىنى بىر مەسئۇلىيەت سۈپىتىدە بارلىق مەنسۇپلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەن ۋە بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ئىسمىنى «ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەر» دەپ ئاتىغان.

قۇرئاندا قايتا - قايتا تىلغا ئېلىنغان بۇ پەرزگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ئايەتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر. ئۇلار كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ ...» (تەۋبە، 71).

«... ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچى، ئاللاھ نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچى مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن» (تەۋبە، 112).

«مۇناپىق ئەرلەر ۋە مۇناپىق ئاياللار بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇپ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ ۋە قوللىرىنى چىڭ يۇمۇۋالىدۇ ...» (تەۋبە، 67).

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائەت بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (ئالئىمران، 104).

«ئۇلار ئاللاھ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ ...» (ئالئىمران، 114).

«سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھ قا ئىمان ئېيتىدىغان (ئىشىنىدىغان) ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر ...» (ئالئىمران، 110).

«ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر - بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى نېمە دېگەن يامان!» (مائىدە، 79)

«ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن» (ئەئراف، 199).

«ئۇلار قولىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان ئۇ ئەلچىگە، ئۇ ئۈممى رەسۇلغا ئەگىشىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ ...» (ئەئراف، 157).

«ئۇلار شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ...» (ھەج، 41).

«ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ياخشىلىققا بۇيرىغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن. چۈنكى، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردۇر» (لوقمان، 17).

دۆلىتى بار بىر ئەلدە دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى خەلقنىڭ جان، مال، ئەقىل، نەسىل ۋە دىن بىخەتەرلىكىنى قوغداشتۇر. بۇ بىخەتەرلىكلەرنى قوغداشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيي ئەنىلمۇنكەر»دۇر. ئەلۋەتتە باشقۇرغۇچىلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

راشىد خەلىپىلەر دەۋرىگە نەزەر تاشلىغان ۋاقتىمىزدا، خەلقنىڭ باشقۇرغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆرنىكى كۆزىمىزگە

چىلىقىدۇ. ئاددى بىر پۇقرا دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك ماقاملىرىدىكى باشقۇرغۇچىغا «سەن نېمىشقا بۇنى بۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىيالايتتى. تەبىئىيكى، بۇنداق پۇقرالارنىڭ مۇنداق دېيەلەيدىغان يېتەكچىلىرى بار ئىدى:

«بىزگە نەسىھەت قىلمىساڭلار سىلەردە ياخشىلىق يوق؛ بىز سىلەرگە قۇلاق سالمىساق بىزدە ياخشىلىق يوق».

بۇ، دۇنيا سىياسەت تارىخىدا نادىر كۆرۈلىدىغان بىر پىكىر ئەركىنلىكى ئۆرنىكى ئىدى. مەنبەسىنى ئىسلامنىڭ ئىنسانغا بەرگەن قىممىتىدىن ئالغان بۇ ئەركىنلىك سەلتەنەتنىڭ كېلىشى بىلەن چەكلىمىگە ئۇچرىدى. بۇ چەكلىمە شۇنداق بىر نۇقتىغا كەلدىكى، ئەمەۋى پادىشاھى ئابدۇلمەلىك مۇنبەرگە چىقىپ، «ماڭا ئاللاھ تىن قورق دېگەننىڭ كاللىسىنى ئالىمەن» دېگەن ۋە كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئالغان ئىدى.

سەلتەنەت ھاكىمىيىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيي ئەنىلمۇنكەر پەرزى تەرك ئېتىلمەكچى بولغان بولۇپ، زاكاس قىلىنغان پەتىۋالار بېرىلگەن ئىدى. مۇرجىئە چۈشەنچىسى، بۇ پەرزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيي ئەنىلمۇنكەرنىڭ ھاكىمىيەتكە قارشى بىر پىتنە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق زالىم، پاسىق ھۆكۈمدارلارنىڭ زۇلمى ۋە پىسقى - فۇجۇرلىرىغا (گۇناھلىرىغا) شېرىك بولۇشقانىدى.

ئىمام ئەزەمنىڭچە بولغاندا، ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيي ئەنىلمۇنكەر پەرز ئىدى. ئەبۇ بەكرى جاسساس ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن خۇراساننىڭ داڭلىق فىقھى ئالىمى ئىبراھىم ئەسسائىگ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى ۋەقەلىكنى نەقىل قىلىدۇ:

«ئىبراھىم ئەسسائىگ بىلەن مۇنداق تېمىدا پىكىر بىرلىكىگە كەلدۇق: ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيي ئەنىلمۇنكەر پەرزدۇر. مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە

ئىبراھىم قول كۆتۈرۈپ بۇ ھەقتە ئۆزىگە بەيئەت قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى».

ئۇ ۋەقەلىكنى نەقىل قىلغان ئابدۇللاھ بىن مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ:

«زۇلۇمغا قارشى تىلى بىلەن جىھاد قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانىنىڭ ئىبراھىم ئەسسائىغنى ئۆلتۈرگەنلىك خەۋىرى ئەبۇ ھەنىفەگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ شۇنداق قاتتىق يىغلاپ كەتتىكى، ھەممىمىز ئۇنى دىل غەشلىكى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىغان ئىدۇق. ئىمام مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ بىشىغا مۇشۇنداق بىر كۈن كېلىپ قېلىشىدىن ھەمىشە ئەنسىرەيتتىم. ئۇ بەكمۇ ئەقىللىق بىر زات ئىدى. ئۇ ئاللاھ نىڭ ھەققىدىن بىر ھەقنى ئېلىش ئۈچۈن مىنى بىر ئىشقا (ئىسيانغا) دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭغا شۇلارنى دېدىم: ئەگەر بىر كىشى ئۆزى يالغۇز مۇشۇنداق ئېغىر بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالسا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەستىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ پايدىسى يوق. ئەمما ئۆزىنى ئاللاھ قا ئاتىغان سالىھ كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە مۇۋەپپىقىيەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى ھازىرلاپ، ئاندىن قوزغالسا شۇنداقلا بۇ توغرىسىدا بىرەر توسقۇنلۇق يوق».

ئىبراھىم يەنە كېلىپ چىڭ تۇرۇۋالغان ئىدى. ھەر قېتىم كەلگەندە مۇنداق دېگەن ئىدىم: ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش باشقا نۇرغۇنلىغان پەرزلەرگە ئوخشاش يالغۇز ھالدا ئادا قىلغىلى بولىدىغان پەرزلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ ئەۋەتكەن ئەلچىلەرمۇ ھەتتا ئۆزلىرىگە ئەرشنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغانغا قەدەر كۈتكەن ئىدى. بۇ پەرز (ئىسيان) باشقا پەرزلەرگە ئوخشىمايدۇ. باشقا پەرزلەرنى يالغۇز ھالدا ئادا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا بولسا يالغۇز چىققان ۋاقتىدا ئىنسان ھاياتى بىلەن ئويناشقان بولىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ ھالاك بولۇشىغا ياردەم قىلغان بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداقلا بولسا ئۇنىدىن كېيىن قىيامغا ئاتلىنىدىغانلار (قوزغىلاڭ

كۆتۈرىدىغان)غا سەلبى بىر ئۆرنەك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم بۇ ئىشقا پېتىنالماس بولۇپ قالىدۇ»[109].

ئىمام ئەزەمنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش نۇقتىسىدىن تولىمۇ مۇھىم بولغان بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئىمام جاسساسنىڭ «بابۇ فەرزىل ئەمرى بىلمەئرۇف ۋەننەھيي ئەنىلمۇنكەر» تېمىسى ئاستىدا يازغانلىرىغا قاراپ باقايلى:

«قۇرئان ۋە سۈننەتتىن چىقىرىلغان ھۆكۈم شۇكى، ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيي ئەنىلمۇنكەر بىر پەرزدۇر. بۇ پەرز سالىھ ئۈچۈنمۇ، گۇناھكار ئۈچۈنمۇ ئوخشاشتۇر. ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيي ئەنىلمۇنكەر پەرزى مۇستەقىل بىر پەرزدۇر. ئىنسان بەزى پەرزلەرنى تەرك قىلىشى بىلەن باشقا پەرزلەر ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئىنسان نۇرغۇنلىغان قۇسۇرلىرى تۈپەيلى ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيي ئەنىلمۇنكەر پەرزىنى تەرك قىلالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كىمكى ئاللاھ نىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداپ چەكلىگەنلىرىدىن يىراق تۇرغان ھالەتتىمۇ، باشقىلارنى مۇنكەردىن نەھيي قىلمىسا (يامان ئىشتىن توسمىسا) بۇ پەرزنى تەرك قىلغان بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ساھابىلەردىن بىر گۇرۇپ كىشى رەسۇلۇللاھتىن مۇنداق دەپ سورىدى:

- بىز ياخشىلىققا بۇيرۇپ، بۇيرىغانلىرىمىزنى تولۇق ئادا قىلالمىساق ۋە باشقىلارنى يامانلىقتىن توسۇپ ئۇنىڭ بەزىلىرىدىن ئۆزىمىزنى توسيالمىساق، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيي ئەنىلمۇنكەر قىلالايلىمۇ؟ رەسۇلۇللاھ:

---

[109] جاسساس، ئەھكامۇل قۇرئان، 319 - 320 / II

- سىلەر ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىپ بولالمىغان ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسىدىن قاچالمىغان تەقدىردىمۇ ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەرنى تاشلىماڭلار، دەپ جاۋاب بەردى.

رەسۇلۇللاھ بەزى ۋاجىپلارنى ئادا قىلالمىغان تەقدىردىمۇ ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەرنى باشقا پەرزلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويدى، ئۇنىمۇ پەرزلەردىن بىرى قاتارىدا زىكىر قىلىپ ئۆتتى».

## ئىسيان ھەققى

«ئاجايىپ ئىش! مۇسۇلمانلار قېنىنىڭ ئىتتىنىڭ قېنىدەك تۆكۈلىشىگە سۈكۈت قىلغانلار بۈرگە قېنىنىڭ ھۆكمىنى سورىشىدۇ».

- ھەسەن ئەلبەسرى

ئىمام ئەزەم مۇسۇلمانلارنىڭ پاسىق ۋە زالىم ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشىنى ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەر پەرزىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارىغان.

ئەبۇ ھەنىفە بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ تۇنجىسى ئەمەس بولۇپ، ئەمەۋىلەر خەلىپىلىكنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغاندىن تارتىپ، قوراللىق ئىسيانىنى قوللىغان ساھابە ۋە ئۆلىمالار ئىزچىل چىقىپ تۇرغانىدى.

ساھابىلەردىن ھىجىر بىن ئادىي ۋە دوستلىرىمۇ بۇ قاراشتا بولۇپ، ھاكىمىيەت تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئابدۇللاھ بىن مەسئۇدقا ئوخشاش مەشھۇر كىشىلەرمۇ بۇ ھەرىكەتلەرنى قوللىغان. ھەزرىتى ھۈسەيىن زالىم ۋە پاسىق ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ (خۇرۇج ئەلەسسۇلتان)نىڭ پەرزلىكىگە ئىشەنگەن ۋە بۇ يولدا شېھىت بولغان ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ نەۋىسى ئابدۇللاھ بىن

زۇبەيرمۇ ئۇلار بىلەن ئوخشاش چۈشەنچىدە بولۇپ، بۇ يولدا كۈرەش قىلغان ۋە شېھىت قىلىنغان ئىدى.

ئىبن ئەشئاس قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە تابىئىننىڭ ئەڭ داڭلىق ئالىملىرى ئۇنىڭ بۇ ئىسيانىنىڭ شەرئىي ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، خەلقنى ھاكىمىيەتكە قارشى ئۇنى قوللاشقا چاقىرغان بولۇپ، ئىبنى ئەبى لەيلا، ئەششابى، ئەبۇل بەھتەرى ۋە سەئىد ىبن جۇبەير بۇلاردىن بىر قانچىسى ئىدى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ داڭلىق فاقىھلىرىدىن بولغان بۇ زاتلار ئىبن ئەشئاس قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ بىۋاستە ياردەم قىلغان.

ھەسەن بەسرىمۇ قوزغىلاڭلارنى شەرئىي دەپ قاراش بىلەن بىرلىكتە، غەلبىلىك بولۇشنى شەرت قىلغان بولۇپ، غەلبە قىلالمىغان تەقدىردە كۆپ قان تۆكۈلىدۇ دېگەن قاراش سەۋەبىدىن قوزغىلاڭلارغا بىۋاستە قاتناشمىغان. ئەمما ھاكىمىيەتنىڭ بەرگەن مائاشىنى رەت قىلىپ، قىلغان زۇلۇملىرىنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە بىرمۇ بىر سالغان. بۇنىڭ غەيۋەت بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانلارغا: «زالىمنىڭ زۇلمىنى تىلغا ئېلىش غەيۋەت ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ دەۋردە ھەر تەرەپتە مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى دەرياdەك ئېقىۋاتسا، ئالىملاردىن بەزىلىرىنىڭ «ئىلىم» نامى ئاستىدا كىچىك مەسىلىلەر بىلەن خەلقنى ئالدىماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا نارازى بولغان ھەسەن بەسرى ھەيرانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«ئاجايىپ ئىش! مۇسۇلمانلار قېنىنىڭ ئىتنىڭ قېنىدەك تۆكۈلىشىگە سۈكۈت قىلغانلار بۈرگە قېنىنىڭ ھۆكمىنى سورىشىدۇ»[110].

ئىمام زەيد بىلەن ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىبراھىمنىڭ قوزغىلاڭلىرىغا قارىتا ئىمام ئەزەمنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. مەزكۇر قوزغىلاڭنى بەدرى زەپىرىگە ئوخشىتىشى ۋە ئىمام زەيدكە قولىدىن كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك ياردەمنى قىلىشى ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ باشقا

110 مۇھەممەد ئامارا، مۇسلىمۇنە ساۋۋار، 154، 155- بەت

فاقىھلىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆزگىچىلىكىدۇر. بۇ ۋەقەلەردە بەرگەن پەتىۋا ۋە تۇتقان پوزىتسىيىلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىمام ئەزەم ئىمام زەيد بىلەن ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىبراھىمغا بەيئەت قىلغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئىبراھىم بىن ھەسەننىڭ قوزغىلىڭىدا «بويىنىمىزغا دار ئاغامچىسى سېلىنغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلاردىن بولمايمىز» دېگەن ئىدى. بەسىرەلىك شاگىرتى ئەبۇ ئىسھاققا: «ئىبراھىمنىڭ سېپىدە جىھاد قىلغان قېرىندىشىڭ ئالغان ساۋاب سېنىڭ كاپىرلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا ئالغان ساۋابىڭدىن ئۈستۈندۇر» دەيتتى.

ئىمام ئەزەمنىڭ زالىم ۋە پاسىق ھاكىمىيەتكە قارشى تۇتقان بۇ مۇئامىلىسى ھەققىدە زامانداشلىرىدىن فاقىھ ئەۋزائىي مۇنداق دەيدۇ:

«ئەبۇ ھەنىفىنىڭ بارلىق ئىجتىھاتلىرىغا چىدىدۇق. ئەمما بۇ قېتىم زالىم ۋە پاسىق ھۆكۈمدارلارغا قارشى قورallىق قوزغىلاڭنى قوبۇل قىلىپ، ئۈستىمىزگە قىلىچ بىلەن كەلدى. ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەرنىڭ ۋاجىپلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۆزىدىن بۇ ھەقتە پەتىۋا سورىغانلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى نەقىل قىلاتتى:

شېھىتلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ھەمزە بىن ئابدۇلمۇتتەللىب ۋە زالىم ھۆكۈمدارغا ياخشى ئىش قىلىشنى بۇيرۇپ، ئۇنى يامانلىقتىن توسىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر»[111].

ئىمام ئەزەم بۇ ئىجتىھاتىنىڭ ئاستىغا قېنى بىلەن قول قويغان بولۇپ، ئاللاھ مۇ ئۇنىڭ نامىنى يۇقىرى كۆتۈردى ۋە ئەبەدىيلەشتۈردى.

ئىمام ئەزەمنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىجتىھاتلىرى ۋە مەيدانىنى ناھايىتى ئېنىق بىر شەكىلدە ئىخچاملىغان ھەنەفى مەزھىپىنىڭ مەشھۇر ئىمامى ئەبۇ بەكرى ئەلجاسساس ھۆكۈمدارلارنىڭ زۇلمىغا ۋە پىسقى -

---

[111] جاسساس، ئەھكامۇل قۇرئان، I/ 87

فۇجۇرلىرىغا قارشى ھوشيارلىقنى يوقاتقان بەزى ئالىملارنى تەنقىت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«... ئۆتمۈشتە ۋە كۈنىمىزدە، نادان ۋە ھاماقەت بەزى ھەدىسچىلەردىن باشقا، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالىملىرىدىن ھېچقايسىسى مۇنداق بىر ئەھۋالدا قوراللىق قوزغىلاڭغا قارشى چىقمىغان ئىدى. بۇ نادان ۋە ھاماقەتلەر باغى بولغان جامائەتنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى، ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەرنىڭ قوراللىق ئېلىپ بېرىلىشىنى ياقتۇرماي ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. ئاللاھ نىڭ شۇ ئايىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ قورالىق ئېلىپ بېرىلغان ئەمرى بىلمەئرۇف نەھيى ئەنىلمۇنكەرنى پىتنە دەپ قاراپ، ئازغۇن مۇشتۇمزورلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى ئەيىپلەپ كەلدى:

«زوراۋانلار (تاجاۋۇز قىلغۇچىلار) تاكى ئاللاھ نىڭ ھۆكمىگە بويۇن ئەگكەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار» (ھۇجۇرات، 9) ئايىتىنىڭ لەبزى ئۇرۇشنىڭ قىلىچ ياكى باشقا ۋاستىلار بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزىلەر سۇلتاننىڭ زۇلمىغا، پىسقىغا، ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جانلارغا زامىن بولۇشىغا قارشى تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئەمما سۇلتاندىن باشقا ھۆكۈمدارلارغا قارىتا تىل بىلەن ياكى باشقا بىر شەكىلدە قارشى تۇرسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۈممەتكە دۈشمەنلەردىنمۇ بەكرەك يامانلىق قىلىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشايدىغان پەتىۋالىرى ئىنسانلارنى مۇشتۇمزورلارنى ئۆلتۈرۈشتىن، زالىم ۋە گۇناھكار ھۆكۈمدارلارغا قارشى چىقىشتىن توسقانىدى. ئىنسانلار قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ زالىم ھۆكۈمدارلارغا قارشى مەئرۇفنى بۇيرۇپ، مەيلى قوراللىق ۋەياكى باشقا شەكىلدە بولسۇن ئۇلارنى مۇنكەردىن نەھيى قىلالمىغان (يامانلىقتىن توسيالمىغان) كۈندىن باشلاپ، ئىسلام تۇپراقلىرىنى قارا زۇلمەت بۇلۇتى قاپلىدى. دىنمۇ، دۇنيامۇ قولدىن كەتتى ۋە نۇرغۇنلىغان زىندىق ئېقىمى پەيدا بولدى».

# خاتىمە

«ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەت ئىدى، كەلدى كەتتى. ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس» (بەقەرە، 141).

باشقىلارنىڭ قىلغانلىرى (ئەمەللىرى) بىلەن ماختىنىشنىڭ ھېچكىمگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق. بۇ خىل پوزىتسىيە پەقەت ئۆزىنى گوللىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىمۇ ئوخشاش، يەنى باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆزىنىڭ پەزىلىتى دەپ بىلىشمۇ ئۆزىنى ئالدىغانلىق، خالاس. بۇ بىرىنچىسىدىن تېخىمۇ يامان بولۇپ، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن تېخىمۇ خەتەرلىك.

ئۇنداقتا بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

بىلىش ۋە تونۇشىمىز كېرەك.

نېمىنى؟

ھەر نەرسىنى: ئۆزىنى، ئاللاھ نى، ئىنسانىنى، مەخلۇقاتنى، رەسۇلنى، دوستنى، دۈشمەننى، ياخشىنى، ئەسكىنى، تۈنۈگۈننى ۋە بۈگۈننى...

بىلىش ۋە تونۇشنىڭ يولى ئۆگىنىشتۇر. ھەر بىر مۇۋەپپىقىيەت ئەستايىدىللىق ۋە جاپالىق تىرىشچانلىقنىڭ مېۋىسىدۇر. بۇ، ھاياتنىڭ قانۇنى، سۈننەتۇللاھ (ئاللاھنىڭ سۈننىتى)تۇر. بىردىنبىر چىقىش يولىمىز بۇ ئەبەدىي قانۇنىيەتكە بويسۇنۇشتۇر. يەنى، پىشانىمىزدىن، زېھنىمىزدىن، يۈرىكىمىزدىن تەر ئاققۇزۇشتۇر...

ھېچ كىم مۆجىزە كۈتمىسۇن. بۇ ئىلاھى نېئمەتكە ئىگە بولغان نەبىيلەرمۇ بۇ قانۇنىيەتكە رىئايە قىلىشتىن باشقا بىر يول تاپالمىدى.

دەۋايىمىزنىڭ ئاخىرى، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ قا ھەمد ئېيتىشتۇر.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

ئاممارا، دوكتور مۇھەممەد، «مۇسلىمۇن سەۋۋار»، دارۇش شۇرۇق، 3 ـ نەشرى، قاھىرە، 1988.
ئاممارا، دوكتور مۇھەممەد، «ئەل ـ ئىسلام ۋەس سەۋرا»، دارۇش شۇرۇق، 3 ـ نەشرى، قاھىرە، 1988.
بەدرى، ئابدۇلئەزىز، «ئەل ـ ئىسلام بەينەل ـ ئۇلەمائى ۋەلھۇككام»، ئەل ـ مەكتەبەتۇل ئىلمىييە، مەدىنەئى مۇنەۋۋەرە (نەشر تارىخى يوق).
ئەل ـ بەلازۇرى، «فۇتۇھۇل بۇلدان (رەتلەنگەن نۇسخىسى)»، مۇئەسسەسەتۇل مائارىف، بەيرۇت، 1986.
ئەل ـ بۇخارى، سەھىھ، ئىبن ھاجەر شەرھى، مەكتەبەتۇس سەلەفىييە، 3 ـ نەشرى، قاھىرە، 1987.
ئەل ـ جۇندى، ئابدۇلھەلىم، «ئەبۇ ھەنىفە بەتالۇل ھۇررىيەتى ۋەت تەسماھۇ فىل ئىسلام»، ئەل ـ مەكتەبەتۇن نەمزۇجىييە، قاھىرە (نەشر تارىخى يوق).
ئەبۇ بەكرى ئەلجاسساس، «ئەھكامۇل قۇرئان (رەتلەنگەن نۇسخىسى)»، دارۇل ئىھيائىت تۇراسىل ـ ئەئرابى، بەيرۇت، 1985.
ئەبۇ داۋۇد، «سۇنەن (رەتلەنگەن نۇسخىسى)»، دارۇل ھەدىس، خۇمۇس، 1973.
ئەبۇ يۇسۇپ، «كىتابۇل ھەرەج» دارۇل مارىفە، بەيرۇت (نەشر تارىخى يوق).
ئەبۇ زەھرا، دوكتور مۇھەممەد، «تارىخۇل مەزاھىبىل ئىسلامىييە»، دارۇل فىكرىل ئەرەبى، قاھىرە (نەشر تارىخى يوق).
ھەسەن، دوكتور ھەسەن ئىبراھىم، «تارىخۇل ئىسلام»، مەكتەبەتۇن ناھداتىل مىسرىييە، 7 ـ نەشرى، قاھىرە، 1964.
ئىبنى ھاجەرىل ئاسقالانى، «فەتھۇلبارى (رەتلەنگەن نۇسخىسى)»، مەكتەبەتۇس سەلەفىييە، 3 ـ نەشرى، قاھىرە، 1987.
ئىبنۇ ئابدىلبەرر، «ئەل ـ ئىستىئاب»، دارۇل كۇتۇبىل ئەئرابى، بەيرۇت (نەشر تارىخى يوق)، (ئەل ـ ئىسابە بىلەن بىرگە).
ئىبنى ھىشام، «ئەس ـ سىرەتۇن نەبەۋىييە»، دارۇل بەيانىل ئەرەبى، قاھىرە، (نەشر تارىخى يوق).

ئبنــى كەســر، «ئەل ـ بــدايە ۋەن نـهــايە»، دارۇل كۇتــۇبى ئىلمىيــيە (رەتلەنگەن نۇسخسى)، بەيرۇت، 1988.

ئبنى كەسر، «تەپسر»، سابۇنى مۇهتاسان، دارۇس سابۇنى، قاهرە، (نەشر تارىخى يوق).

ئبنــى قــۇتەيبە، «ئەل ئىمــامە ۋەس سياســە» (رەتلەنــگەن نۇسخســى)، مۇئەسسەسەتۇل هەلەبى، (نەشر تارىخى يوق).

ئبنــى مەنــزۇر، «لىسـانۇل ئەرەب»، دارۇل مائـارىف، قـاهرە، (نەشـر تـارىخى يوق).

ئبنى سەئىد، «ئەت تاباقاتۇل كۇبرا»، دارۇل فىكر، بەيرۇت، 1985.

ئبنۇل ئەسر، «ئەلكامىل فىت تارىخ»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، (رەتلەنگەن نۇسخسى)، بەيرۇت، 1987.

كەنــزۇل ئۇممــال، «تاسـنىف (تـۈرگە ئـايرىش)»، نەدىـم ۋە ئۇسـامە ماراشـلى، مۇئەسسەسەتۇر رىسالە، 2 ـ نەشرى، بەيرۇت، 1986.

ئەل ـ قەدەرى، هـــافىزۇددىن بـــن مـــۇهەممەد ئەل مـــارۇف ئەل بەززاز، «مەناقىبەتۇل ئىمامىل ئەزەم»، دارۇل كۇتۇبىل ئەرەبى، بەيرۇت، 1981.

قۇرتۇبى، «تەپسر»، مىسر، 1967.

ئەل ـ مەككى، ئىمام مۇۋاففاق بىن ئەهمەد، «مەناقىبۇ ئەبـى هەنىـفە»، دارۇل كۇتۇبىل ئەرەبى، بەيرۇت، 1981.

مۇسلىم، «سەهىه»، نەۋەۋى شـەرهى، دارۇر راييـان، قـاهرە، (نەشـر تـارىخى يوق).

نەسائى، «سۇنەن»، سۇيۇتى شەرهى، دارۇل بەشائىرىل ئىسلامىييە، بەيـرۇت، 1989.

سۇيۇتى، «تـارىخۇل خۇلەفـا»، ئەل ـ مەكتەبەتـۇت تىجارەتـىل كـۇبرا، قـاهرە، 1969.

تابارى، «تارىخۇر رۇسـۇل ۋەل مۇلـۇك (رەتلەنـگەن نۇسخسـى)»، 5 ـ نەشـرى، دارۇل ـ مائارىف، قاهرە، 1987.

زاماهشەرى، ئەل ـ كەششاف، دارۇل مائارىفە، بەيرۇت، (نەشر تارىخى يوق).